ھايات دەستۇرى مەجمۇئەسى



# ئاتا - ئانا ۋە بالا تەربىيىلەش

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

هايات دەستۇرى مەجمۇئەسى

# ئاتا-ئانا ۋە بالا تەربىيىلەش

تۈزگۈچى : ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

父母与子女：维吾尔文/吾布力阿西木·卡斯木编
.—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.3
（健康快车系列人生指南丛书）
ISBN 978-7-5466-1300-0

Ⅰ.①女… Ⅱ.①吾… Ⅲ.①儿童教育—家庭教育
—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.① G78

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 045844 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: نۇرىمان قادىر
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل كوررېكتورى: ئالىيە مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت
بەت ياسىغۇچى: مەرھابا ئازات

ھايات دەستۇرى مەجمۇئەسى

**ئاتا - ئانا ۋە بالا تەربىيەلەش**

تۈزگۈچى: ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق
* * *
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھرى يەنئەن يولى 255 № پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 7.25
2013 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1300 - 0
باھاسى: 22.00 يۈەن

# تۆزگۈچىدىن

مەن 1975 ـ يىلى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمنى باشلىغان. 1981 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، 2010 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىت ئوقۇشنى، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدىم. ئەدەبىي ئىجادىيىتىمدە پايدىلىنىش، ئۆرنەك قىلىش مەقسىتىدە ئوقۇغان كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىتلەردىكى نۇرغۇن ماقالە ـ ئەسەر، ھېكمەت، ماقال ـ تەمسىللەرنى خاتىرىلىۋالدىم. يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندا «يىگىتلەر ۋە مۇھەببەت»، «قىزلار ۋە سۆيگۈ» ھەققىدە، تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن «تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى» ھەققىدە، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن «ئاتا ـ ئانا ۋە بالا تەربىيەلەش»، «ھايات ھەقىقەتلىرى» ھەققىدە، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن «ئادەم ۋە كېسەللىك» ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ماتېرىياللارنى توپلىدىم، ھېكمەتلەرنى يىغدىم. كېيىن مەن بۇ ئەسەرلەرنى تۈپلەپ كىتاب قىلىپ ئائىلىدە قوللاندىم: ئايالىم، ئوغلۇم، قىزىم، نەۋرەم ئوقۇيدىغان، بەھرە ئالىدىغان بولدى. مەن ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيىتىم ئۈچۈن مەنبە، بېزەك قىلدىم.

قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھىنىڭ لېدىرى، ساخاۋەتچى، مەرىپەتپەرۋەر، بىلىمگە خۇمار ئىبراھىم سەمەن ئەپەندىمنىڭ كىشىلىك ھايات، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئادەم بولۇش يوللىرى ھەققىدە كىتاب تۈزۈش تەكلىپى بەرگەنلىكىنى دوستۇم ئابلەت جۇمە تۇپراقتىن ئاڭلاپ بەكلا سۆيۈندۈم. ئابلەت جۇمە تۇپراق بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ، بىز ئىزدىگەن كىتاب دەل مۇشۇ، بۇ ئالاھىدە

قىممىتى ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بار ئوقۇشلۇق بوپتۇ، نەشر قىلدۇرايلى، دېدى ۋە بىر قانچە مەزمۇننى قوشۇش، كونا قاراشلارنى چىقىرىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن بۇ كىتابلارنى قايتا ئىشلەپ، سەككىز چوڭ مەزمۇن بويىچە تۈزۈپ تولۇقلاپ چىقتىم. بەزى ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ئېلىنغان مەنبەلىرىنى كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئىزاھلىدىم، بەزىلىرىنى ئۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بىر يۈرەك قېنىمىزنى سەرپ قىلىپ ئەسەر يېزىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلار، خەلققە مەنىۋى ئوزۇق بەرگۈچىلەر، شۇڭا بۇ كىتابلارنى تۈزۈش جەريانىدا مېنى ماقالە ـ ئەسەر مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن تور باشقۇرغۇچىلار، كىتاب تۈزگۈچىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. سەۋەنلىكتە يول قويغان بولسام، كەڭ ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمەن.

ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق
2012 ـ يىلى 5 ـ ئاي

# كىرىش سۆز

كىشىلىك ھاياتتا ئادەم نېمىگە يولۇقمايدۇ، نېمىلەرگە ئۇچرىمايدۇ دەيسىز؟ بۇ — پەرەز قىلىش، مۆلچەرلەش، ھەل قىلىش، جاۋاب بېرىش قىيىن بىر تېما، ئەمما بىز «ھايات دەستۇرى» ناملىق كىتابقا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، بىز يولۇققان، بىز ھەل قىلىشقا تەشنا بولغان، جاۋاب تاپالمايۋاتقان سوئال، مەسىلىلەرگە تېزلا جاۋاب تاپالايمىز. سىز قايسى نۇقتىدىن نەزەر سېلىڭ، قايسى تەرەپتىكى سوئالغا جاۋاب ئىزدەڭ، مۆلچەرلىگەندىنمۇ ياخشى، ئۆلچەملىك، جانلىق، قايىل قىلارلىق جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز. شۇنداقلا يەنە ئۆزگىلەرنىمۇ رازى قىلىدىغان مەزمۇن، مەنە ۋە ھېكمەت دۇردانىلىرىگە ئىگە بولالايسىز.



بىز ئۇزاقتىن بۇيان شۇنداق يەكۈن ۋە قەلب تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان نۇرغۇن مەزمۇن، ئۇقۇملارنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ، زامانىنىڭ تەرەققىياتى، تەقەززاسى بىلەن بۇ مەزمۇندىكى دۇردانىلەرگە تەكرار تەشنا، تەقەززا بولۇشتىن مۇستەسنا بولالماي كەلدۇق ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتەلمەيمىز. كىشىلىك تۇرمۇش داۋامىدا بىز ھەر قېتىم روھىيىتىمىزنى سۇغىرىدىغان تەسەللى، بىلىم ۋە ئىقتىدار، پاراسەتكە تەشنا، تەقەززا بولغاندا، نەلەردىدۇ كۆرگەن، ئەمما ھازىرنىڭ ئۆزىدە دەرھال تاپالمايدىغان ئۇگۇتلەر قايىنىمىغا شۇڭغۇپ باقىمىز. بىراق، ئۇنى دەرھال تاپالمايمىز، بۇنداق چاغدا ئۇھ سىنماي، كۆڭۈل يېرىم بولماي قالمايدۇ، ھەتتا قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى بوش ھالەتتە قالىدۇ، سۇكۇت بىلەن روھىي غەمكىنلىك ئىچىدە مەيۇسلىنىپ قالىمىز تېخى! پەقەت بولمىغان

چاغدا ئىزدەش، ئىزدىنىشكە قەدەم قويىمىز ياكى ئىزدەپ بېقىپ توختاپ قالىمىز. تاپالمىساق،ئۆزىمىزگە تەسەللىنى ھەمراھ قىلىش بىلەن تەسكىن تاپىمىز.

قەلەم ئىگىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەزىدە شۇنداق ياخشى ئەسەرلەرنى يازغۇسى كېلىدۇ ۋە شۇ ئەسەرلەردە باشقا مەنبەلەردىن ئېلىنغان ئېسىل ئۇزۇندىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، يازماقچى بولغان ئەسىرىنى بېيىتقۇسى كېلىدۇ؛ بەزىدە ئەھمىيەتلىك يىغىلىش، سۆز قىلىش سورۇنلىرىدا ياخشى سۆز، ياخشى خۇلققا تەۋە بايانلارنى مىسال كەلتۈرۈپ، سۆزنىڭ ئۇرغۇسىنى، مەزمۇنىنى بېيىتىپ، سورۇنغا جانلىنىش پۇرسىتى ئاتا قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ؛ ئۆي، مېھمانسارايلار ۋە تۈرلۈك پائالىيەت سورۇنلىرىنى مەزمۇنلۇق، دۇردانە سۆز، ھېكمەتلەرنى ھۆسنخەت قىلىپ يېزىش بىلەن بېزەشكە توغرا كېلىدۇ، بىراق دەل ۋاقتىدا، شۇ ھامان، ئەڭ مۇۋاپىق بولغانلىرىنى تېپىپ، شۇ ئۆي، شۇ تەپەككۇر، شۇ پىلانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز مۇمكىن بولماي قالىدۇ. بەك ئەستايىدىل، قىزغىن ۋە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىزدەنگەن چېغىمىزدىمۇ ئۇزاق ۋاقىت، كۆپ ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۈگۈن بىز «ھايات دەستۇرى»نى ئاچىدىغانلا بولساق، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ئېسىل دۇردانىلەرنى، بىز ئارزۇ قىلغان بارلىق مەزمۇن، ئۇقۇم، مەنىلەرنى، ھۆكۈم ھەمدە بۈيۈك ئابىدىلەردەك قىممەتلىك يادنامىلەرنى، ھاياتلىقنىڭ بىز ئويلاپ يېتەلمىگەن بايانلىرىنى تاپالايمىز.

سىز بەخت تۇيغۇسى سەزگەن ۋاقتىڭىزدا بۇ كىتابنىڭ بەختنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ۋە بەخت يەكۈنلىرى ھەققىدىكى قۇرلىرىغا نەزەر سېلىپ قويۇڭ، ئۇ سىزگە بەختنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، بەخت پەيزىنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئۇزاق سۈرۈش ھۆزۈرى ھەققىدىكى دەستەكنى بېرىدۇ؛ قايغۇغا دۇچ كەلگەن چېغىڭىزدا، قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ سەۋەبچىسى ۋە ئۇنىڭدىن

قۇتۇلۇش ھەققىدىكى بايانلارغا نەزەر سېلىڭ، ئۇ سىزگە روھىي ئوزۇق، روھىي ساغلاملىق ئاتا قىلىپ، ئاسايىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ سىز تۇسالغۇغا ئۇچرىغاندا، تۇرمۇش يولىدىكى توسالغۇلارنى قانداق يېڭىش، بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى بايانغا نەزەر سېلىڭ، ئۇ سىزگە تەسەللى بىلەن سەمىمىيەت، ئىرادە بىلەن پاراسەت بېرىپ، قانداق مېڭىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ نۇرلۇق ـ تۇمەن نەقىل ياكى بىرەر مەۋجۇت نەرسە ھەققىدىكى تەبىرگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسىڭىز، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل دۇردانىلەر كۆزىڭىزنى ئېچىمۇ نۇرلۇق قىلىۋېتىدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ كىتابتىن سىزنىڭ ھايات ھەققىدىكى بارلىق ئىزدىنىشىڭىز ۋە ھايات كەچۇرمىشلىرىڭىزدە يەكۈنلەپ بولغان، ئەمما خاتىرىڭىزگە ئالالمىغان ھەممە تەرەپتىكى يەكۈنلەر تېپىلىدۇ، ئۇنىڭ قىممىتى مانا مۇشۇ يەردە. «ھايات دەستۇرى» بىز بۇنىڭدىن كېيىن قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان ئەڭگۈشتەر، ئۇ تۇرمۇشىمىزغا، ھاياتىمىزغا ماياك بولۇپ نۇر چاچقۇسى!

تەشكىللىگۈچىدىن
2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي

## مۇندەرىجە

مۇشۇنداقمۇ بالا تەربىيەسى بولامدۇ؟........................1
**ئاتا - ئانا ۋە بالىلار ھەققىدە پارچىلار**
بالىلار تەربىيەسىدە ئاتا - ئانىلارغا قوللىنىدىغان ئون ئۆلچەم...12
بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلار ئالدىدىكى ئون مۇھىم بۇرچى......13
بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلارغا كۆرسىتىدىغان ئون پەزىلىتى...14
بالىلاردىكى ئون مۇلايىملىق........................14
بالىلارنىڭ ئون ئەمەلىي ھەرىكىتى........................15
مۇنداق بەش خىل بالىلار ئەقىللىك بولىدۇ...............15
لاياقەتلىك ئاتا - ئانا بولۇشنىڭ ئون پىرىنسىپى..........16
ئاتا - ئانىلارنىڭ خاراكتېرى مۇنداق ئون جەھەتتە بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ............................................16
بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاشتىكى ئون چارە
.....................................................17
ئانىلاردىكى بالىلارنى نابۇت قىلىدىغان 13 خىل نۇقسان...19
بالىلارنى ساغلام بولسۇن دېسىڭىز، 20 تۈرلۈك ئىشقا دىققەت قىلىڭ........................................................21
تۇرمۇشنىڭ بالىلارغا كۆرسىتىدىغان 22 تۈرلۈك تەسىرى...23
بالىلارنىڭ ئاتا - ئانا ئالدىدىكى 30 تۈرلۈك بۇرچى.........25
ئاتا - ئانىلارغا بالا تەربىيەسىدىكى 30 تەكلىپ............27
بىر دادىنىڭ ئوغلىغا قىلغان 40 تۈرلۈك نەسىھەتى.........29
بالا تەربىيەلەشتىكى 40 خىل ئۇسۇل.......................32
بالا تەربىيەسىدە ئاتا - ئانىلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك 99

سەۋەنلىك.....................35

**ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلار تەربىيەسى**

ئاتا ـ ئانىلار ۋە مائارىپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ــ بالا تەربىيەسى.....................41
چوڭلارنىڭ تەربىيەسى ئىنتايىن مۇھىم..............41
ئاتا ـ ئانىلار بالىلاردا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ساپانىڭ نېـ ـمىلىكىنى بىلىشى كېرەك....................43
ئاتىلارنىڭ ئائىلە ئەخلاقىدىكى رولى.............43
بالا تەربىيەسىدە مۇھىم بولغان ئۈچ ئامىل...........46
بالىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا مېڭە ئىشلىتىشكە يېتەكلەشتە تۆت نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك...................49
بالا تەربىيەسىدىكى بەش يېڭى قاراش..............49
بالا تەربىيەلەشكە پايدىلىق بەش خىل ئۇسۇل.........52
ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان يەتتە ئىللەت .......................52
بالا تەربىيەلەشكە زىيان سالىدىغان يەتتە ئىللەت.........53
بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا يەتتە خىل تەربىيەگە موھ ـ تاج.....................53
بالىلارنى ئەتراپلىق تەربىيەلەشتىكى سەككىز تۈرلۈك ئۇسۇلى .......................53
بالا تەربىيەلەشتىكى ئون پەرز......................54
بالىلارنى ساغلام تەربىيەلەشتىكى زىيانلىق ئون ئىش......55
بالىلار تەربىيەسىدە هازىر ساقلىنىۋاتقان ئون سەۋەنلىك...56
بالىلارنى ئەقىللىك قىلىپ تەربىيەلەشتىكى ئون چارە......64
تالانتلىق بالىلارنىڭ 12 تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى...........65
بالا تەربىيەسىدىكى 12 خىرىس.....................65

بالىلار بىلەن بولغان پىكىر ئىختىلاپىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ 12 خىل مىزانى..............................67
ئامېرىكىلىقلار 17 جەھەتتە ئالاھىدىلىكى بار بالىلارنى مۇنەۋ-ۋەر بالا دەپ قارايدۇ..............................68
بالا تەربىيەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاتا - ئانىنىڭ 18 تۈرلۈك پىرىنسىپى..............................70
بالىلاردا روھىي بېسىم پەيدا قىلىدىغان 20 تۈرلۈك سەۋەب ..............................71
بالىلاردىكى بالدۇر مۇھەببەتلىشىشنىڭ توققۇز تۈرلۈك بەلگى-سى..............................71
بىر ئاتىنىڭ تەربىيە خېتابى..............................73
ئانىنىڭ بالىسىغا ئېيتقان سەككىز يالغان سۆزى..........77
ئاتا - ئانىلار چېچەن «مەلىكە»لەرنى قانداق يېتىشتۈرۈشى كېرەك..............................79
ياخشى بالىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مەخپىي رېتسېپى..........82
ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلى..............84
بالىلارغا مۇستەقىل ياشاش پۇرسىتى بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ..............................86
بالىلار قانداق ئائىلىنى ياخشى كۆرىدۇ..............88
بالىلار ئاتا - ئانا ئالدىدىكى بۇرچىنى بىلىشى كېرەك......89
بالىلارنى ئۇرۇپ - تىللىماي تەربىيەلەشتىكى تەدبىرلەر...91
بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار..............................94
بالىلارغا كۆيۈنۈش لايىقىدا بولغان ياخشى..............95
بالىلار ماشىنا ئادەم ئەمەس..............................99
قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىشىغا ياردەم بەرگىلى

بولىدۇ................100
باللار كىتاب ئوقۇشقا قىزىقمىسا قانداق قىلىش كېرەك...102
نېمە ئۈچۈن باللارغا ئۆزى تاماق ئېتىپ يېيىشنى ئۆگىتىش كېرەك................104
باللارنىڭ مۇزىكىغا قىزىقىشىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك ................105
نېمە ئۈچۈن باللارنىڭ سۆزىنى خالىغانچە بۆلۈۋېتىشكە بولمايدۇ................106
باللارنىڭ سۆزلىشىگە قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك ................107
يالغۇز بالىغا قايسى ئۇقتىلاردىن تەربىيە بېرىش كېرەك...108
باللارنىڭ پۇلغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك ................111
ئاتا ـ ئانىلار مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدىكى پاراڭلارغا قۇلاق سېلىپ قويۇشى كېرەك................112
ئىمتىھاننىڭ رولىغا قانداق قارايمىز................115
ياخشى ئوقۇتقۇچىنىڭ 15 تۈرلۈك ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋېلىڭ ................122
ئوقۇغۇچىلار نەزىرىدىكى 15 خىل ياخشى ئوقۇتقۇچى......124
ئوقۇغۇچىلار ناچار دەپ قارايدىغان 15 خىل ئوقۇتقۇچى...125
ئوقۇتقۇچىلار ياخشى كۆرىدىغان 15 خىل ئوقۇغۇچى......127
ئوقۇتقۇچىلار ياخشى كۆرمەيدىغان 15 خىل ئوقۇغۇچى...129

**ئاتا ـ ئانا ۋە باللار ساغلاملىقى**

باللار ئالتە ئۇزاقتىن ساقلىنىشى كېرەك................132
باللاردا كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان ئون خىل ئامىل......132
باللاردىكى يالغۇزلۇق كېسىلىنىڭ 18 ئالامىتى.........134

تېلېۋىزورنىڭ بالىلارغا كۆرسىتىدىغان ياخشى ۋە يامان تەسىرى ........................134
بالىلارنى كومپيۇتېر بىلەن بەك بالدۇر ئۇچراشتۇرماسلىق كېرەك........................136
بالىلار تاماق يېگەندە ئۇن ئىشتىن ساقلىنىشى كېرەك...137
بالىلاردىكى تاماق تاللاش خاھىشىنى ئۆزگەرتىش كېرەك...138
بالىلارنىڭ ئىشتىھاسىغا قاراپ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلىۋېلىش........................139
بالىلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىشنىڭ ئون خىل ئۇسۇلى...140
بالىلارنى ئىچىملىككە ئامراق بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك........................142
بالىلار شاكىلاتنى كۆپ يېمەسلىكى كېرەك............143
ئاتا ـ ئانىلار ئەتىگەندە بالىنى تىللىماسلىقى كېرەك......143
ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ھەرگىز قورقۇتماسلىقى كېرەك...144
بالىلارنى بەك ئېغىر چىنىقتۇرۇشقا بولمايدۇ............145
بالىلاردىكى قان ئازلىقنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش كېرەك ........................146
بالىڭىزنىڭ ئويۇنچۇقى قانچە ئاز بولسا شۇنچە ياخشى......148
بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان يېمەكلىكلەر ........................149

**ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلار ھەققىدە ھېكايىلەر**

مېھىر ـ مۇھەببەت بالىلاردىكى ئۆگىنىش ۋە ئالاقە توسقۇنلۇ ـ قىنى تۈگىتىشتىكى ئاچقۇچ........................151
بالىلىقتىكى روھىي ئېھتىياج........................158
ئوغلۇم ئالدىڭغا قارا........................163
مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى........................166

تىرىشچانلىقنىڭ مېۋىسى..................167
تىرىشچانلىق ھەققىدە يەنە بىر ھېكايە..........168
«ئالدىراش ئادەم» بىر نەرسە ئۆگىنەلەيدۇ.........169
بالا پادشاھ.................................170
ئەقىللىك بالا...............................173
ئاق ئۈجمە...................................175
ئىككى باتۇر.................................178
رەگەتكە.....................................181
تاپشۇرۇق....................................183
مەكتەپكە بېرىش يولىدا........................186
**بالىلار، بىلىم ۋە كىتاب ھەققىدە ھېكمەتلەر**
بالىلار تەربىيەسى ھەققىدە....................191
بىلىم ھەققىدە...............................196
كىتاب ھەققىدە...............................198
بالىلارغا تەربىيەتلەر.........................202
ئاتا بىر تۇپ سۆيگۇ دەرىخى.....................211

## مۇقەددىمە ئورنىدا

# مۇشۇنداقمۇ بالا تەربىيەسى بولامدۇ

1991 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئابدۇ-سەمەت ئىشتىن بالدۇر قايتىپ كەلدى، چۈنكى بۈگۈن ئۇنىڭ تۇ-غۇلغان كۈنى ئىدى.

ئابدۇسەمەت بالىسىنىمۇ يەسلىدىن بالدۇر ئېلىپ چىقىپ ئۆيدە ئايالى رۇقىيەنىڭ ئىشتىن قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

ئۇنىڭ ئىشتىن قايتىپ كېلىشىگە يەنە قىرىق نەچچە مىنۇت ۋاقىت بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ئايالى كەلگىچە بالىسىغا يەسلى تاپشۇ-رۇقىنى ئىشلىتىشىپ بەرمەكچى بولدى.

ئۇ بۇ بالىنى ئالىم قىلىپ تەربىيەلەشكە بەكمۇ ئالدىراپ كەت-كەن بولۇپ، دائىم ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئۆگىتىسەن دەپ ئايالىنى زورلايتتى. رۇقىيە ئۆي ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلەلمىسە، قاتتىق چىچىلىپ تىللايتتى. رۇقىيە بالىسىنىڭ دەپ-تەر ـ قەلىمىنى كۆرسىلا چىرايىدا بىزارلىق ئىپادىلىنىدىغانلى-قىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ:

— بۇنداق قىلىۋەرسەڭ، بالا بىر نەرسە ئۆگىنىشكە قىيىق بو-لۇپ قالىدۇ. ئۇنى ئاخىرى مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ دەپتەر ـ قە-لەمگە ئۆچ قىلىۋېتىدىغان بولدىڭىز. ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا، مەك-تەپكە كىرگەندە ئۆگەنمەمدۇ؟

— سەن بىلمەيسەن، بۇ بالا ئاجايىپ ئەقىللىق، ئۇنىڭ بۇ ئار-تۇقچىلىقىنى كىچىكىدىنلا تۇتۇۋېلىپ، يېتىشتۇرۇپ چىقمىساق، بوش قويۇۋەتسەك، ئۆگىنىشكە قىزىقماي، ئويۇنغا بېرىلىدىغان قى-لىپ كۆندۈرۈپ قويساق، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىمىز. ھەم-مىسى كۆنۈشكە باغلىق.

ئۇلارنىڭ بالا تەربىيەلەش ھەققىدىكى بىر ـ بىرىگە تۈپتىن

ئوخشىمايدىغان قاراشلىرىنىڭ قايسىسى توغرا، قايسىسى خاتا بىلـ. لىپ بولمايتتى، چۈنكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاـ. ساسى بار ئىدى. ئابدۇسەمەت بالا تەربىيەلەش ھەققىدىكى كىتابلارـ. دىن چىققانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئايالى ئېغىر ئاياغ بولغاندىلا سېـ. تىۋالغان بولۇپ، كۆندە بۇ ھەقتىكى كىتابلارنى كۆرەتتى. ئۇ ياخـ. شى ئوقۇيالمىغانلىقىدىن ئىبارەت كەمتۈكلۈكنى بالىسى ئارقىلىق تولدۇرۇپ، ئۆزىنى مۇكەممەل ھېس قىلىشنى ئويلايتتى. تالانتلىق بالا تەربىيەلەش توغرىسىدىكى كىتابلاردىكى تەسەۋۋۇرلار ئۇنى ئاـ. جايىپ خام خىياللارغا غەرق قىلىپ، ئەسەبىيلىككە گىرىپتار قىـ. لىپ قويغىلى تاس قالاتتى.

بۇ كىتابلار ئىچىدە قەدىمكى كىتابلاردىن تېرىپ ـ تۆشەپ يېـ. زىلغان بىر كىتاب ئۇنى ئاجايىپ ھاياجانغا سالاتتى. كىتابنى ئوـ. قۇسا، ئۇنىڭدىكى سۆزلەر ئۆزىنىڭكىدەكلا تۇيۇلۇپ كېتەتتى. بەلـ. كىم ئۇنى ئەڭ ھاياجانلاندۇرغىنى بۇنداق كىتابنى ئۆزىنىڭمۇ يازالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنلىكى بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىدەك مەكتەپتە تۇزۇك ئوقۇيالمىغان بىر ئادەمنىڭمۇ بۇنداق كىتابلارنى يېزىپ، باشقىلارغا بالا تەربىيەلەشنى ئۆگىتەلەيدىغانلىقىنى ئويلىـ. سا بىردىنلا يۈرىكى سېلىپ كېتەتتى. 2

ئۇ يەسلىنىڭ بەرگەن تاپشۇرۇقىغا قارىدى، ئۇنىڭدا ئائىلە باشـ. لىقلىرىدىن بالىغا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن بالىغا بۇ ھېكايىنى قايتا بايان قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىنغانىدى. ئۇ بۇنداق تاپشۇرۇقلاردىن ناھايىتى رازىمەن ئىدى ۋە بەكمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىسىغا بىر ھېكايىنى سۆزـ. لەپ بەردى. بۇ ھېكايىدە بىر نامراتنىڭ دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە چىـ. قىش يولى تاپالماي ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاپ تۇرسا، بىر ئاقساق ـ چولاق ئادەمنىڭ پەيدا بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈمىدۋار ھالىتىنى كۆـ. رۈپ، ئۆلۈۋېلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ بىردىنلا روھىدا پارلاش يۈز بېرىپ، قارارىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھېكايە قىلىنغانىـ.

دى. ئۇ بۇ ھېكايىنى ئاشۇ بالا تەربىيەلەش ۋە ئائىلىنى قانداق باشقۇرۇش توغرىسىدىكى كىتابلارنىڭ بىرىدە ئوقۇغانىدى. لېكىن، قايسى كىتابتا ئوقۇغانلىقى ئېنىق ئېسىدە يوق. بۇ ئۇنىڭغا ئەڭ تەسىر قىلغان تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ئەڭ چوڭقۇر بولۇپ تۇيۇلغان بىر ھېكايە ئىدى.

— باشقىنى ئېيتىپ بەر، بۇ ھېكايە قىزىق ئەمەسكەن، — دەپ نارازى بولدى بالا ئېغىزىنى پورۇشتۇرۇپ. ئابدۇسەمەت بالىسىنىڭ ئانىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرىنى كۆرسە، بىر تەرەپتىن ئاچچىقى كەلسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن رازى بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قاراشلىرى ۋە لەۋلىرىنى پورۇشتۇرۇشىدىن بىر خىل چېچەنلىك چىقىپ تۇراتتى. بالىنىڭ شۇنداق ئېسىل ھېكايىنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق كەلدى، بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىدى. بۇ خىل نەسىھەتلىك ھېكايىلەر ئازىيىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنى بالىلارغا ياقتۇرغۇزۇش ئارقىلىق ساقلاپ قالمىسا، بارا - بارا بۇنداق يول كۆرسىتىدىغان ھېكايىلەر يوقىلىپ، ئىنسانلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

— بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ھېكايە بولامدۇ، قانداق ھېكايە سۆزلەپ بەرسەم بولاتتى ئەمىسە؟

— شاھزادە بىلەن مەلىكە توي قىلىدىغاننى...

بۇ گەپ ئابدۇسەمەتنىڭ غەزىپىنى قىرىق گەز ئۆرلىتىۋەتتى. ئايالىنىڭ ئىشتىن قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، بولمىسا ئۇ ئوغلىنى قاتتىق بىر تەستەك سالغان بولاتتى. بۇ بالا ھېلىتىن غەربنىڭ چىرىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا قانداق بولىدۇ. ئۇ ئىلگىرىلا كۆيدۈم - پىشتىم دەپ يېزىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوتقا تاشلىنىشىنى، كۆيدۈم - پىشتىم دەپ ئەسەر يازغان يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دارغا ئېسىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. قېرىشقاندەك ئوغلى بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا بۇ مەنىۋى زەھەرگە دۇچ كەپتۇ. ئۇ بىر تەستەك ئۇرۇشقا كۆتۈرگەن

قولىنى چۇشۇرۇۋالدى. چۈنكى، ئايالى رۇقىيە قايتىپ كەلگەندە با ـ لىسىنىڭ يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيىۋاتقان ھالىتىنى كۆرسە، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرەتتى، شۇڭا بالا ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە ھەم ھەيرانلىق، ھەم قورقۇنچ بىلەن قاراپ قالدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەرھال بىلىپ يېتەلمىگەچكە، پە ـ قەت ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن بالا كۆ ـ زىنى يۇمۇپ تەستەكىنىڭ تېگىشىنى كۈتتى. بۇنى كۆرۈپ بالىنىڭ ئىنكاسىنىڭ ئاستىلىقىنى ھېس قىلغان ئابدۇسەمەتنىڭ تېخىمۇ خۇيى تۇتتى.

ئابدۇسەمەت تەستە روھىي كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئوغ ـ لىغا چۈشەندۇردى:

— شاھزادە بىلەن مەلىكە توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ياخشى ئە ـ مەس، ئۇ ئادەمنى چىرىتىدۇ.

— چىرىتىدۇ دېگەن نېمە گەپ؟

— سېسىتىدۇ دېگەن گەپ، مەسىلەن، ئۆتكەندە ئۆيگە ئەكىرگەن ئۆرۈك سېسىپ قاپتىغۇ، شۇنىڭدەك...

بالا دادىسىغا يېقىن كېلىپ ئېيتتى:

— مېنى پۇراپ باقە، سېسىپ قالمىغاندىمەن؟ بىزنىڭ يەسلىدە تېلېۋېزوردىن ئاق قار مەلىكىنىڭ ھېكايىسىنى كۆرىمىز، لېكىن بىزنىڭ يەسلىدىكى بالىلار سېسىپ قالمىدىغۇ.

— مېنىڭ دېگىنىم روھىي جەھەتتىكى چىرىش.

— روھىي دېگەن نېمە؟

— ماۋۇ مېڭە، — دېدى ئابدۇسەمەت ئاچچىقىدا ئۆز مېڭىسىنى نوقۇپ تۇرۇپ. بالا بېشىنى تۇتۇپ باقتى.

— چىرىمەپتىغۇ.

— بولدى قۇرۇق گەپنى قوي، ئىشقىلىپ ئۇنداق ھېكايىلەر ياخشى ئەمەس، ھېكايە دېگەننىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بولۇشى كېرەك.

— تەربىيەۋى ئەھمىيىتى دېگەن نېمە؟

— ساڭا قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىش دېگەن گەپ. — بالا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ئادەم بولۇشنى ئۆگەنمىسەممۇ مەن ئا-دەمغۇ. ئادەم بولۇشنىمۇ ئۆگىنىش كېتەمدۇ؟ بۇنداق ھېكايىنى ئاڭلاپ ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىۋالدىغان ئىش بولسا، قوشنىمىزنىڭ بالىسى يوق، بۇنى قوشنىمىزنىڭ مۈشۈكىگە سۆزلەپ بەرسەڭ بول-غۇدەك، ئۇ بۇنداق ھېكايىنى ئاڭلاۋەرسە ئادەمگە ئايلىنىپ قوشنى-مىزغا بالا بولسۇن... ياق راست، بولمىغۇدەك. ئۇ مۈشۈك بەك قې-رى، بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ بىر قېرى بوۋايغا ئايلىنىپ قالسا، ئۇ ئۆيدە بوۋايدىن ئىككىسى بار بولۇپ قالىدىكەن.

— سەن نېمانچە دۆت، مېنى دورىماي ئاپاڭنىلا دورىغان سەن-دە! گەپ قىلىشلىرىڭمۇ ئاناڭغىلا ئوخشاش بىمەنە! ئابدۇسەمەت ئوغلىنىڭ يەنە «بىمەنە» دېگەن نېمە دەپ سوراپ ئاۋارە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال گېپىنى ئەسلىي تېمىغا يۆتكىۋالدى. ئۇ ئوغلى-نىڭ توختىماي سوئال سوراشلىرىدىن بىزار ئىدى، ئايالى بولسا بۇ ئۇنىڭ ئەقىللىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەر-قانداق بىر نەرسىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە بىلىۋالمىغۇچە خا-تىرجەم بولمايدۇ، بۇ ئۇنىڭ كاللا ئىشلىتىشكە ۋە تەپەككۇر قى-لىشقا ئامراقلىقىنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئەستا-يىدىل جاۋاب بېرىش ئاتا - ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قارايتتى. ئابدۇسەمەتمۇ قايسىدۇر بىر كىتابتىن سوئالنى كۆپ سورىغان بالا ئەقىللىك بالا ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ سوئالىنى بىمەنە دەپ قارى-ماي ھەرقانداقىغا جاۋاب بېرىش لازىم، چۈنكى چوڭلار ئۇچۇن بى-مەنە تۇيۇلغان نەرسە ئۇلار ئۇچۇن قىلچىمۇ بىمەنە ئەمەس دېگەن مەزمۇندىكى گەپلەرنى ئوقۇغاندەك قىلغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھەر قانداق سوئالىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشىم كېرەك دەپ ئويلايتت-تى، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئوغلىنىڭ بىمەنە سوئاللىرىغا چىدىيالماي قالاتتى. ئابدۇسەمەت ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى. بالا ئىلاجسىز

ھېكايىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئېسىل ھېكايە توغرىسىدا سوئال سورىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. قانچىلىك كۆپ سوئال بولسىمۇ جاۋاب بېرىشكە تەييار ئىدى. لېكىن قېرىشقاندەك ئوغلى سوئال سورىمىدى.

ــ ئاڭلاۋاتامسەن؟ ــ دەپ سوراپ قوياتتى ئۇ پات ـ پات.

ــ ئاڭلاۋاتىمەن.

بالا سوغۇقلا جاۋاب بېرەتتى. بىر چاغدا ھېكايىدىكى ئۆلۈۋېلىش توغرىسىدىكى بايانغا كەلگەندە بالا تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

ــ ئۆلۈۋېلىش دېگەن نېمە؟

ــ ئۆلۈۋېلىش دېگەن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈش دېگەن گەپ.

بالا ھەيرانلىق بىلەن يەنە سورىدى:

ــ قاراقچىلارنى ئۆلتۈرمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزى قاراقچىمۇ يا؟ شۇنداق بولسا مەن قاراقچىنىڭ ھېكايىسىغا ئامراق ئىدىم، ئەمىسە ھېكايەڭنى ئاڭلاي.

ــ ياشغۇسى كەلمىگەن ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

ــ ئۆزىنى ئۆزى قانداق ئۆلتۈرىدۇ، قىلىچۋازلىق قىلىدىغان يەنە بىر ئادەم بولمىسا؟ ــ بالا تېخىمۇ ھەيران قالماقتا ئىدى.

ــ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ؟ ــ بۇ گەپ بالىنى تېخىمۇ قايمۇقـ تۇرۇۋەتكەنىدى. ئابدۇسەمەت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بالىغا بۇنى ئاـ خىرغىچە چۈشەندۈرۈش نىيىتىگە كەلدى، چۈنكى بۇنداق بىر ئېـ سىل ھېكايىنى بالىغا ياخشى چۈشەندۈرۈپ قويمىغاندا، بالا كەلـ گۈسىدە چوڭ بولۇپ، ناچار ئىدىيە، يامان نەرسىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا بۇنداق چۈشكۈنـ لۈككە قارشى ياخشى ھېكايە بالىلارنى زەھەردىن قۇتقۇزۇشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان ياخشى دورا. بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان ئادەم ئۆمۈر بويى چۈشكۈنلەشمەيدۇ. خۇددى چاۋار خەستەك، بىر ئۆمۈر باشقىلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا يانجىلىپ يۈرسىمۇ چۈشكۈنلەشـ مەيدۇ.

بالا يەنە سورىدى:

ــ ئادەم ئۆزىنى ئۆزى قانداق ئۆلتۈرىدۇ؟ ئۆزى بىلەن ئۆزى قىلىچۋازلىق قىلامدۇ؟

ــ ياق.

ــ ئەمىسە ئۆزى بىلەن ئۆزى كىنولاردىكى ساقچى بىلەن جىنا-يەتچىدەك ئېتىشامدۇ يا؟

ــ ياق، ئۆزىنى ئۆزى ئارغامچا بىلەن تورۇسقا ئاسىدۇ.

بالا كۈلۈپ كەتتى.

ــ تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ ئۆزىنى كالتەك بىلەن ئۇرامدۇ؟ سەنمۇ بەزىدە مېنى گەپ ئاڭلىمىساڭ تورۇسقا ئاسىمەن دەيتتىڭغۇ.

ــ ئۇنداق ئەمەس، ــ ئابدۇسەمەت ئوغلىغا مەسىلىلەرنى چۈ-شەندۇرۇشتە بۇنداق ئەستايىدىل بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇيۇقسىز بۇ قەدەر سوغۇققان ۋە ئەستايىدىل بولۇپ كەتكىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى، ــ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تورۇسقا چىڭ بېكىتىپ تۇرۇپ، يەنە بىر ئۇچىنى سىرتماق قىلىدۇ، ئاندىن سىرتماققا بويىنىنى كىرگۈزۈپ تۇرۇپ ئۆزىنى قويۇپ بەرسە ئۆلىدۇ.

بالا بۇنى چۈشىنىشكە يېقىنىمۇ كەلمىگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى سوئاللارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ چو-ڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ــ ئۇ ئارغامچىغا ئېسىلغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟ ئۆيگە قاراقچىدىن بىرەسى كىرەمدۇ يا؟

ــ ئۇنى ئارغامچا ئۆلتۈرىدۇ.

ــ ئارغامچىمۇ ئادەم ئۆلتۈرەمدۇ، يا ئۇ قاراقچى بولمىسا. پەقەت قاراقچىلار ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن قاراقچىلارنى ئەلى بابا ئۆلتۈرىدۇ.

ــ بۇ مۇنداق ئىش...

ئابدۇسەمەت ئاخىرى ئوغلىغا ئېسىلىپ ئۆلتۈرۈشنى كونكرېت قىلىپ چۈشەندۈرمەكچى بولدى. بولمىسا شۇنچە ئېسىل ھېكايىنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بولماي خەۋپ تۇغۇلۇۋاتاتتى. ئابدۇسەمەت

يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ، ئالدىنقى يىلى قۇربانلىق قىلغاندا قوي باغلاپ ئېلىپ كەلگەن ئارغامچىنى ئېلىپ چىقتى. ئارغامچا مۇشۇ ھېكايىدەك قىسقىلا بولسىمۇ، بالىغا ئۆلۈۋېلىشنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىك تەسىر قىلدى. ئۇ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى سىرتماق شەكلىگە كىرگۈزدى. ئۆيىنىڭ تورۇسىدا كىشىنى بىزار قىلىپ ئۆيىنىڭ ھۆسنىنى كۆرۈمسىز قىلىپ تۇرغان پار تۇرۇبىسى بار ئىدى. ئۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى تۇرۇبا ئورناتقۇچىلاردا زادىلا گۇـ زەللىك تۇيغۇسى يوقلۇقىنى تەگەپ كەلگەنىدى. ئۇ ھېچقانداق ئۆيدە تۇرۇبىنى بۇنداق مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تورۇسىدىن ئۆتكۈزگەننى كۆـ رۈپ باقمىغانىدى. بۇنى لايىھەلىگەن ئەبلەخ نېمىنى ئويلىدىكىن ـ تاڭ! ئابدۇسەمەت ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تورۇستىكى پار تۇرۇـ بىسىغا باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سىرتماق بىردىنلا ۋەھىمىلىك ساڭگىلاپ تورۇستا پەيدا بولدى. لېكىن ئۇ بەك قىسقا ئىدى. ئۇ سىرتماققا بوينىنى سېلىپ كۆرستەي دېسە، ئۆيدىكى ئورۇندۇقـ نىڭ ئۇستىگە چىقسىمۇ بويى يەتمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر قېتىم ئاشۇ چاشقانلار قوتراپ تۇرغان مەينەت ھەم قاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، تامدىكى سائەتكە قارىسا ئايالى رۇـ قىيە كېلىدىغان ۋاقىت توشۇپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى، بەلكىم يولدا قاتناش قىستاڭ بولۇپ كەتكەندۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئايالىنىڭ تۇك بېسىپ كەتكەن يوغان ۋە قوپال پۇتلىرىنىڭ بوسۇغىدىن دەسلەپ كىرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. بۇرۇن ئايالىنىڭ بىلەك ۋە پاچاقلىرى بۇنداق تۈكلۈك ئەمەس ئىدى، يېقىنقى بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى خۇددى قاۋاننىڭ تۈكىدەك توم ۋە تىك ئۆسكەن تۈكلەر پەيدا بولۇپ كەتتى. لېكىن، ئايالى ئۇنىڭ پايپاق كىيىۋال دېگىنىگە ئۇنىماسـ تىن، ئاشۇ تۈكلىرىنى كۆرستىپ يالاڭ پاچاق يۈرەتتى. بەزىلەرـ نىڭ ئېيتىشىچە، ئاياللارنىڭ بىلەك ۋە پاچاقلىرىغا تۈك چىقىپ كېتىش ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشىدىن ئىدـ

8

كەن. ئىلگىرى چىرايى ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ ئادەمگە يېقىم-لىق كۆرۈنىدىغان بۇ ئايال خېلىلا رومانتىك ئىدى. ھەر قېتىم ئابدۇسەمەتنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولسا، ئۇنى ئالاھىدە سوۋغاتلار بى-لەن قۇتلۇقلايتتى، بىر - ئىككى يىل، بەلكىم ئۈچ - تۆت يىل بولغاندۇ، بۇنداق ئىشلارمۇ قالدى. ئابدۇسەمەت يەر ئاستى ئۆيگە كىرىپ، پۇتلىرى ئۇزۇن، لېكىن ئۆزى كىچىك كەلگەن بىر ئو-رۇندۇقنى ئالدى. چاشقانلار خۇددى پولۇ يەۋېتىپ شېغىل چاي-نىۋالغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋازدەك ئاۋاز چىقىرىپ تى-پىرلاشقان پېتى قالدى.

ئابدۇسەمەت توپا بېسىپ كەتكەن ئورۇندۇقنى قەغەز بىلەن سۈرتتى، لېكىن ئۇ پاكىزلانماستىن تېخىمۇ يىرگىنىچلىك ۋە رەسۋا ھالەتكە كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستى مايلىشاڭغۇ ئىدى. بەلكىم ئايالى بىر مەزگىل ئۇنىڭ ئۇستىگە ماي تۇڭىنى قويغان بولسا كېرەك. ئۇ چاي ئۇستىلىنى ئارغامچا ئېسىلغان جاينىڭ دەل ئاستىغا قىلىپ تارتىپ كەلدى - دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەر ئاستى-دىن ئېلىپ چىققان ئورۇندۇقنى قويۇپ، ئۇستىگە چىقتى. بوينىنى سوزۇپ بېقىۋىدى، دەل يەتتى.

— قارا، مانا مۇنداق قىلىدۇ! — ئۇ ئوغلىنىڭ دىققىتىنى تازا يىغىپ كۆرمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى چاقىرىپ ئۆزىگە قاراشقا بۇيرۇدى. ئوغلى ئۇنىڭ ھەربىكىتىگە بىر - بىرلەپ قاراپ تۇردى. ئابدۇسەمەت سىرتماق ئىچىگە بوينىنى سېلىپ كۆلدى، — مانا مۇشۇنداق بويۇننى سالغاندىن كېيىن، ئورۇندۇقنى ئىتتىرىۋېتى-دۇ، شۇنىڭ بىلەن ئارغامچا ئۆلۈۋالغۇچىنىڭ بوينىنى قىسىپ...

ئابدۇسەمەت شۇنداق دەۋاتقاندا ھېلىقى پۇتلىرى ئۇزۇنچاق، لېكىن ئۇستى يۈزى كىچىك ئورۇندۇق بىردىنلا ئۆرۈلۈپ كەتتى - دە، ئۇنىڭ بۇيۇك داۋلىلارنى سۆزلەۋاتقان ئاغزىدىكى گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى.

بالا ئورۇندۇقنىڭ تاراقشىپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئاۋازىدىن چۆ-

چۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش بەكلا قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ كەتكەچكە دادىسىغا قاراپ چاۋاك چېلىپ تەنتەنە قىلدى:

ــ ھۇ... دادام ئۇلۇۋالدى! ھۇ،... دادام ئۇلۇۋالدى!

رۇقىيە خېلىلا كىچىكىپ كەلدى، ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە قولىدا خېلى كۆپ نەرسىلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇـ سەمەتنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۈچۈن تەييارلىغان نەرسىلەردەك قىلاتـ تى. ئۇ بىر خىزمەتدىشى بىلەن مۇڭدىشىپ قالدى. مۇڭدىشىش جەريانىدا ئۇ ئېرى بىلەن بولغان ھېسسىياتىنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئېرىنىڭ تېنىدە غەيرىي پۇراق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئادەتتىكى پۇراقلاردىنمۇ بىئارام بولىدىغانلىقىنى سۆزـ لەپ بېرىۋىدى، بېشىدىن جىق ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ئۇ ئايال رۇقىيەگە بىرمۇنچە ئەقىل كۆرسىتىپ، نىكاھ تۇرمۇشىنى ياخـ شىلاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەنىدى.

ئۇ ئۆيگە كىرىشىگە، بالىسى يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ــ ھۇ... دادام ئۇلۇۋالدى! ھۇ...، دادام ئۇلۇۋالدى!

بالا بۇ قىزىقارلىق مەنزىرىنى ئانىسىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۇنى بىلىكىدىن تارتتى.

ــ قارا ئانا دادام ئۇلۇۋالدى! ھۇ...، دادام ئۇلۇۋالدى! ــ ھۇ... دادام ئۇلۇۋالدى! ھۇ...، دادام ئۇلۇۋالدى!

رۇقىيە دەسلەپ بالىسىنىڭ گېپىگە كۇلۇپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئېرىنىڭ باشقا دادىلارغا ئوخشاش ئوغلى بىلەن بىرەر ئويۇن ئوينىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا بالىسىنىڭ گېپىگە ھەيران قېلىپ ئېرىنىڭ قانداق ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. ئابدۇسەمەتنىڭ تىلى ناھايىتى سەت ساڭگىلاپ تۇراتتى. رۇقىيە ئۇنىڭ تىلىنىڭ بۇنچىۋالا ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئارغامچا بويىنىدىن چىڭ سىدـ قىپ، ئۇستۇنكى تەرەپكە قان يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ باش قىسمى ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ

مۇقەددەس پەند ـ نەسىھەتلەر بىلەن تولغان مېڭىسى داۋاملىق ئېـ-
سىلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتتىن تامامەن تـوخـ-
تىغان تېنىدە بىرەر ئىنكاسنى بايقاش مۇمكىن ئەمەس ئىـدى. رۇ-
قىيە بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ پۈت ـ قولىدا جان قالمىدى، تىزلىـرى
خۇددى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى ـ دە، تىك تۇرالماي لەسسىـدە
يەردە ئولتۇرۇپ قالدى.

بىر ئاتا، بىر ئۇلۇغ ھاياتلىق بالا ئۈچۈن زىيادە بېـرىلىش، بـالا
تەربىيەسىدە زىيادە قىزىپ كېتىش بىلەن تولىمۇ بىمەنە، بىئەجەل
مەۋجۇتلۇقنى يوقاتتى. شۇنى ئـەستە تۇتـۇش زۆرۈركى، بالا تەربىـ-
يەسىدە بالىنىڭ ياش قۇرامىغا، قوبۇل قىلىش ئىقتىـدارىغا ۋە تـە-
پەككۇر قىلىش خائىشىغا قاراش كېرەك. بۇنىڭغا قارا قويۇق مۇئا-
مىلە قىلىش يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭغا ئابدۇسەمەتنىڭ
پاجىئەسى ناھايىتى ياخشى ساۋاق.

# ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلار ھەققىدە پاراڭلار

## بالىلار تەربىيەسىدە ئاتا ـ ئانىلارغا قويۇلىدىغان ئون ئۆلچەم

1. بالىلارنىڭ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئىشىنىش كېرەك.

2. بالىلارنىڭ ھەرقايسى پەندىكى ئىمتىھان نەتىجىسىگە چەك قويماسلىق، نومۇر چېكى بېكىتىپ بەرمەسلىك، بالىلارنىڭ قايسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش كېرەكلىكىنى بەلگىلەپ بەرمەسلىك كېرەك، بۇ ھال بالىلاردا بېسىم پەيدا قىلىدۇ.

3. ئازادە، تەبىئىي، خۇرام ـ خۇشال ئائىلە كەيپىياتى يارىتىپ بېرىش؛ تاماق يەۋاتقان ياكى ئارام ئېلىۋاتقان ۋاقىتىدا مۇزىكا قويۇپ بەرمەسلىك، دەرس تەييارلاۋاتقاندا يېمەكلىكلەرنى ئالدىغا قويۇپ بەرمەسلىك كېرەك.

4. ئائىلە ماجىرالىرىدىن قاتتىق ساقلىنىش، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا جېدەل چىقارماسلىق كېرەك.

5. بالىلارغا ۋاكالىتەن شىرە، كىتاب، كارىۋاتلارنى رەتلەپ بەرمەسلىك كېرەك.

6. ئىمتىھاننىڭ قىيىنلىقى ۋە ئاقىۋىتىنى تولا ئەزۋەيلەپ سۆزلىمەسلىك كېرەك.

7. زۆرۈر بولغان نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك، يەنى ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش كىنىشكىسى ۋە ئىمتىھانغا كېرەكلىك بۇيۇملارنى تولۇق ئېلىۋېلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئىمتىھان مەيدانىغا با-

رىدىغان يول ۋە ۋاقىتنى ئەسكەرتىش كېرەك.

8. بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىمتىھان مەيدانىغا بىللە بېرىشىنى خالىمىغان ئەھۋالدا، ئەڭ ياخشىسى بارماسلىق كېرەك. بۇ بالىلارنىڭ ئىمتىھانغا بولغان ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلىتىپ قويىدۇ.

9. ئىمتىھان بېرىۋاتقان مەزگىلدە بالىلار بىلەن ئارزۇ تولدۇرۇش توغرىسىدا سۆزلەشمەسلىك كېرەك، ئارتۇقچە سۆزلىشىش بالىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

10. بالىلارنىڭ ئىمتىھان بېرىش ئەھۋالىنى بەك سۈرۈشتە قىلماسلىق كېرەك، بالىلار ئىمتىھاننى ياخشى بەرگەندە خۇشاللىقىنى مۇۋاپىق ئىپادىلەش، ئىمتىھان ئەھۋالى ياخشى بولمىغاندا، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ باشقا جەھەتلەردە ئەۋزەللىكى بارلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.



### بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئالدىدىكى ئون مۇھىم بۇرچى

1. ئاتا ـ ئانىغا چىن دىلى بىلەن خىزمەت قىلىش.
2. ئاتا ـ ئانىغا ھەممە ۋاقىت ھۆرمەت كۆزى بىلەن قاراش.
3. ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسلىھەتىسىز ۋە رازىلىقىسىز ئىش قىلماسلىق.
4. ئاتا ـ ئانا كەلسە دەرھال ئورۇندىن تۇرۇپ كۈتۈۋېلىش.
5. ئاتا ـ ئانىلارغا ئوچۇق چىراي بولۇش، قاپاق تۈرۈپ ھومىيىپ قارىماسلىق.
6. ئاتا ـ ئانا چاقىرسا دەرھال ئالدىغا كېلىش.
7. ئاتا ـ ئانا ئولتۇرغاندا ئۆرە تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش.
8. ئاتا ـ ئانا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەرگەندە ئولتۇرۇش.
9. ئاتا ـ ئانا ئولتۇرىدىغان جايدا بالا ئولتۇرماسلىق.
10. ئاتا ـ ئانا بىلەن يولدا بىرگە ماڭغاندا ئالدىغا ئۆتۈۋالماسلىق.

## بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا كۆرسىتىدىغان ئون پەزىلىتى

1. ئاتا ـ ئانىلارغا رەھىم ـ شەپقەت بىلەن قاراش.
2. ئاتا ـ ئانىغا ھەر دائىم قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش.
3. شادلىقتىن ئاتا ـ ئانىنىمۇ خۇرسەن قىلىش.
4. ئاتا ـ ئانا غەم ـ قايغۇ يېسە دەردىگە دەرمان بولۇش.
5. ئاتا ـ ئانا ئوشۇقچە سۆزلىسىمۇ مالال كۆرمەسلىك.
6. ئاتا ـ ئانا تەنبىھ بەرسە خاپا بولماي خۇشال ـ خۇرام قوبۇل قىلىش.
7. ئاتا ـ ئانىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشنى نومۇس دەپ بىلىش.
8. ئاتا ـ ئانىنى دوزۇس نىيەتلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەردەكەت قىلىش.
9. ئاتا ـ ئانا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسە خۇشال بولۇش.
10. ئاتا ـ ئانا دەردكە قالسا كۆڭلىنى ئېلىشقا شۇنچىلىك تىرىشىش.



## بالىلاردىكى ئون مۇلايىملىق

1. ئاتا ـ ئانىلارغا مۇلايىم مۇئامىلە قىلىش.
2. ئاتا ـ ئانىلارغا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىمەسلىك.
3. ئاتا ـ ئانىلارغا قوپاللىق قىلماسلىق.
4. ئاتا ـ ئانىنىڭ توغرا سۆزىنى شەرتسىز ئادا قىلىش.
5. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرماسلىق.
6. ئاتا ـ ئانىلار سۆزلەۋاتقاندا سۆزىنى بۆلمەسلىك.
7. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىتقانلىرىنى رەت قىلماسلىق.
8. ئاتا ـ ئانىلار ئىشقا بۇيرۇسا ياق دېمەسلىك.

9. ئاتا ـ ئانىلار قاتتىق ئاۋازدا سۆزلىسىمۇ، پەس ئاۋازدا جاۋاب بېرىش.
10. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سۆزلىرىگە تەنبىھ بېرىپ ئاھ ـ ۋاھ دېمەسلىك.

## باللارنىڭ ئون ئەمەلىي ھەرىكىتى

1. ئۆزىگە كىيىم ـ كېچەك ئېلىشتىن ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىغا ئېلىش.
2. ئاتا ـ ئانىلارغا ئۆزى يەيدىغان تائامدىنمۇ ئېسىلراق تائام قىلىپ بېرىش.
3. ئاتا ـ ئانا بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېگەندە تاماقنىڭ ياخشىلىرىنى ئۇلارغا بېرىش.
4. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نېمە سېتىۋېلىش ئىستىكى بولسا شۇنى سېتىۋېلىپ بېرىش.
5. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ياخشىلاش ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىش.
6. ئاتا ـ ئانىلار سورىمىسىمۇ پۇل بېرىپ تۇرۇش.
7. ئاتا ـ ئانىلارغا تاپقان ـ تەرگىنىمنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ دەپ ئارىدىكى تارتىنىشنى كۆتۈرۈۋېتىش.
8. ئاتا ـ ئانا بىلەن ئايرىم ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغاندا دائىم مېھمانغا چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىش.
9. ئاتا ـ ئانىنى يوقلاپ بارغاندا قۇرۇق بارماسلىق.
10. ئاتا ـئانىنىڭ دوستلىرىنىمۇ ھۆرمەت قىلىش.

## مۇنداق بەش خىل باللار ئەقىللىك بولىدۇ

1. ئانا سۈتى بىلەن بېقىلغان باللار.
2. يېتەرلىك ئۇخلىغان باللار.

3. دائىم تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بالىلار.
4. ئۆگىنىش مۇھىتى ياخشى بولغان بالىلار.
5. ئەتىگەنلىك غىزالىنىشى ياخشى بولغان بالىلار.

## لاياقەتلىك ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ ئون پرىنسىپى

1. بالىلار بار يەردە ئۇرۇش ـ جېدەل قىلماسلىق.
2. بالىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، ئوخشاش كۆيۈنۈش.
3. ھەرقانداق ۋاقىتتا بالىغا يالغان گەپ قىلماسلىق.
4. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزئارا يول قويۇش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش.
5. ئاتا ـ ئانا، بالا ئوتتۇرىسىدا باراۋەر مۇئامىلىنى ساقلاش.
6. بالىنىڭ دوستلىرى مېھمان بولۇپ كەلسە قىزغىن كۈتۈۋېلىش.
7. بالىلار سورىغان سوئالغا ئىمكانقەدەر ئەتراپلىق جاۋاب بېرىش.
8. بالىنى دوستلىرى ئالدىدا تىللىماسلىق، ئەيىبىنى ئاچماسلىق.
9. بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆتۈرۈشكە ۋە ماختاشقا ماھىر بولۇش، سەۋەنلىكنى ئارتۇقچە تەكىتلىمەسلىك.
10. بالىغا بولغان ئامراقلىق، كۆيۈنۈش مۇۋاپىق، مۇقىم بولۇش، ھە دېسە بالىغا ئاچچىقلانماسلىق، قورقۇتماسلىق.

## ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خاراكتېرى مۇنداق ئون جەھەتتە بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ

1. ئاتا ـ ئانا بالىلىرىغا ماسلىشىشچان بولسا، بالا ئىتائەتچان، ھۇرۇن، پاسسىپ، تەييارتاپ، ياۋاش خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ.
2. ئاتا ـ ئانا بالىنى ھەددىدىن زىيادە پەپىلەپ چوڭ قىلسا، بالا نازۇك، گول، ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن، قورقۇنچاق خاراكتېرنى

يېتىلدۈرىدۇ.

3. ئاتا ـ ئانا بالىنى ھەمىشە قانات ئاستىغا ئېلىپ، كۆزنگە قاراپ، رايىغا بېرىپ چوڭ قىلسا، بالا كوللېكتىپچانلىقى كەمچىل، تەكەببۇر، كەيپىياتى تۇراقسىز خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ.

4. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ھەددىدىن زىيادە ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلسا، بالا چىدىماس، دۆت، بەڭباش، گەدەنكەش خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ.

5. ئاتا ـ ئانا بالىلىرىغا ئىتائەتچان بولسا، بالا مەسئۇلىيەتسىز، ئۇرۇشقاق، گەدەنكەش، ئۆكتەم خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ.

6. ئاتا ـ ئانا بىپەرۋا بولسا، بالا رەھىمسىز، كەيپىياتى تۇراقسىز، ئىجادچانلىق روھى يوق خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ.

7. ئاتا ـ ئانا ئىنكارچى، مەسىلىلەرگە توغرا قارىيالمايدىغان بولسا، بالا ئىقتىدارى تۆۋەن، ئۆكتەم، بەتقىلىق، بوشاڭ خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ.



8. ئاتا ـ ئانا رەھىمسىز بولسا، بالا مىجەزى تەرسا، جاھىل، بىغەرەز، تەنھالىقنى خالايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ.

9. ئاتا ـ ئانا مۇستەبىت بولسا، بالا خالىغىنىنى قىلىدىغان، ئۆكتىچى، كەيپىياتى تۇراقسىز، ئۆزىنىلا مەركەز قىلىدىغان، قارام خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ.

10. ئاتا ـ ئانا دېموكراتىك بولسا، بالا مۇستەقىل، ھەققانىي، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، سەمىمىي، ئىجتىمائىي ئالاقىگە ماھىر خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ.

## بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاشتىكى ئون چارە

ئۆگىنىش تەرەققىيات ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى، بۈگۈنكى كۈندە باشقىلارنىڭ كەينىدە قالماسلىق ياكى ئالدىنقى قاتاردا تۇ-

رۇش ئۈچۈن ئۆزۈكسىز ئۆگىنىش كېرەك. لېكىن ھەر كىمنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى، ئۆگىنىشكە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشاش بولمايدۇ. دانالار: «قىزىقىش — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى» دەيدۇ. شۇڭا ئۆگىنىشتە ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بولۇشى كېرەك. ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئون خىل چارىسى بار:

1. دەرسلىك كىتاب تولۇق بولۇش كېرەك. ئوقۇش باشلاشتىن بۇرۇن شۇ مەۋسۇملۇق دەرسلىك كىتابلارنى تولۇق ئېلىش كېرەك.

2. دەرستىن ئاۋۋالقى تەييارلىق بولۇش كېرەك. ئالدىن تەييارلىق ۋە دەرستىن كېيىنكى تەكرار ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجە ئېلىشنىڭ كاپالىتى.

3. تاماق يېيىش ئادىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. تاماق مىقدارىنى كۆپەيتىش ياكى ئازايتىش بالىلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە پايدىسىز.

4. نىشان بەلگىلەش كېرەك. ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال ئېنىق نىشان بولسا نەتىجىمۇ ياخشى بولىدۇ. نىشانسىز ئادەم خۇددى پىيادىلەر يولىدىكى قارىغۇغا ئوخشايدۇ.

5. ئەلاچىلار قاتارىغا كىرىش نىشانىنى بەلگىلەش كېرەك. بالىلار نېمە ئۈچۈن ئەلاچىلار قاتارىنى ئۆزىگە نىشان قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى قەغەزگە يېزىپ، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جايغا چاپلاش كېرەك. بالىلار ئۆگىنىشتىن زېرىككەن ياكى دەرسكە كىرگۈسى كەلمىگەندە قەغەزگە بىر قارىۋەتسە، روھى كۆتۈرۈلۈپ قىزغىنلىقى ئاشىدۇ.

6. بەدەن چېنىقتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرغاندا ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

7. دەرسخانىدا كەيپىياتنى ياخشىلاش كېرەك. دەرسخانىدا خۇ-

شال كەيپىياتتا ئۆگىنىش قىلغاندا، ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەل-تۈرگىلى بولىدۇ.

8. مۇكاپاتلاش، ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. بالىلارنىڭ ئۆگىنى-شىدە ئازراق ئىلگىرىلەش كۆرۈلسە مۇكاپاتلاپ ئىلھام بېرىش كې-رەك. بۇ ئۇلارنىڭ داۋاملىق نىشانغا يېتىش، داۋاملاشتۇرۇشقا يې-تەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

9. ياخشى بولغان ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بىزدە: «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ.» دەيدىغان گەپ بار. ئادەت بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆگىنىشمۇ شۇنداق، شۇڭا بالىلاردا ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئۆگە-نىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، بالىلارنى ئادەتنى توختىماي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

10. ئارام ئېلىش ۋە ئويۇنغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئويۇنۇ ياخشى بولغاندىلا ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا كا-پالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.



## ئانىلاردىكى بالىلارنى نابۇت قىلىدىغان 13 خىل نۇقسان

1. بومبا خاراكتېرلىك ئانا. بالا خاپا قىلغاندا ياكى گېپىنى ئاڭلىمىغاندا، بۇ خىل ئانا خۇددى قەرەللىك بومبىغا ئوخشاش پارتلايدۇ. مەيلى چوڭ ياكى كىچىك ئىش بولسۇن، بىر مەيدان «دۇنيا ئۇرۇشى»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. سېلىشتۇرۇشقا ئامراق ئانا. بۇنداق ئانا دائىم باشقىلارنىڭ باللىرىنى ئۆز بالىسى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ، بۇ بالىلارغا ناھايىتى ئېغىر كېلىدۇ. بۇ تۇردىكى ئانىلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

3. ھەپتە ئاخىرىدىكى ئانا. بۇ باللىرىنى پەقەت ھەپتىنىڭ ئا-خىرىدىلا كۆرەلەيدىغان ئانىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتىكى كۈنلەردە ئانىلار باللىرىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە، ياتاقلىق مەكتەپلەر-

گە ئاپىرىپ قويىدۇ، ھەپتە ئاخىرى بولغاندىلا بالىلىرىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

4. ئايرىلماس ئانا. بالىنىڭ ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتى ئانىغا بەش قولدەك ئېنىق بولۇپ، بالا نەدە بولسا ئانا شۇ يەردە بىللە بولىدۇ.

5. ئاسان جىددىيلىشىدىغان ئانا. بۇ تۈردىكى ئانىلارنىڭ نېرۋىسى سەزگۈر كېلىدۇ، پەقەت بالىدا ئانچە ـ مۇنچە ئىش كۆرۈلۈپ قالسىلا، جىددىيلىشىپ بولالماي قالىدۇ. بالا ئىمتىھان بەرسە، ئۇ بالىسىدىنمۇ بەكرەك جىددىيلىشىپ كېتىدۇ.

6. قالايمىقان ئانا. بۇ خىلدىكى ئانىلار بازارغا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى چىقسا، بالىسىنى بىللە قايتۇرۇپ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالىدۇ.

7. ۋاتىلداق ئانا. بەزى ئانىلار «ۋاتىلداش»نى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان بولۇپ، بۇ ئاشۇنداق ئانىلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. لېكىن، ۋاتىلداش چەكتىن ئېشىپ كەتسە، بالا بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدۇ ـ يۇ، خىيالى باشقا ياققا كېتىدۇ.

8. سىرتقى كۆرۈنۈشكە ئېتىبار قىلمايدىغان ئانا. بۇ تۈردىكى ئانىلار ئىچكى گۈزەللىككىلا ئېتىبار بېرىپ، سىرتقى گۈزەللىككە سەل قارايدۇ. ھەر ۋاقىت سورۇن تاللىماي بىر خىل كىيىنىدۇ، نومۇسچان بالىلار بۇنداق ئانىلار بىلەن سىرتقا چىقىشتىن ئەيمىنىدۇ.

9. ماقۇلچان ئانا. بالا ئۆيگە قايتىپ تاماق ئېتىشنى تەلەپ قىلسا، ئانا بۇنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكىپ قالماي ئادا قىلىدۇ. بالا نېمىنى ئالىمەن دېسە ماقۇل دەيدۇ. بۇنداق ئانىلارنىڭ لۇغىتىدە بالىسىغا نىسبەتەن «ماقۇل»لا بار.

10. بالىسىنىڭ داڭلىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئانا. بۇنداق ئانىلار ھەپتىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بالىسىدىن ئۆگىنىشنىلا تەلەپ قىلىدۇ.

11. جۆرىسىز ئانا. بۇنداق ئانىلار تەربىيەلىگەن بالىلاردا بىر تەرەپلىمە قاراش ئېغىر بولىدۇ.

12. خىزمەت مەستانىسى خاراكتېرىدىكى ئانا. بۇنداق ئانىلار-نىڭ بالا بىلەن كارى بولمايدۇ، پەقەت خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنىلا ئويلايدۇ.

13. «مەڭگۈ»لۈك ئانا. بۇنداق ئانىلار بالىسىنى مەڭگۈ كىچىك بالا دەپ قاراپ، بالىلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇشى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلالمايدۇ.

## بالىلارنى ساغلام بولسۇن دېسىڭىز، 20 تۈرلۈك ئىشقا دىققەت قىلىڭ

1. بالىنى يۇمشاق سافا، كارىۋاتتا ئۇخلاتماڭ. چۈنكى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالىنىڭ سۆڭىكى قاتمىغاچقا، ئاسانلا شەكىل ئۆز-گىرىشى كېلىپ چىقىدۇ.

2. بالىنى قورقۇتۇش ئارقىلىق ئۇخلاتماڭ. شۇنداق بولسا بالى-نىڭ يېتىلىۋاتقان نېرۋا سىستېمىسىنىڭ خىزمىتى قالايمىقانلى-شىپ كېتىدۇ-دە، چۆچۈپ ياخشى ئۇخلىيالمايدۇ، قورقۇنچاق بو-لۇپ قالىدۇ.

3. بالىنى دۈم ياتقۇزۇپ ئۇخلاتماڭ. بۇنىڭدا يۇمشاق ئومۇرتقا سۆڭەك ئېگىلىدۇ - دە، نەپەس قىيىنلىشىدۇ. بىر قىسىم ئىچكى ئەزالار بېسىمغا ئۇچرايدۇ.

4. بالىنىڭ بېشىنى يۆگەپ ئۇخلاتماڭ. بۇنىڭدا ساپ ھاۋا يې-تىشمەيدۇ.

5. بالىنى يېنىڭىزدا ياتقۇزماڭ. چۈنكى چوڭلارنىڭ تىنىقىدىن چىققان كېرەكسىز ھاۋادا بالا ياخشى ئۇخلىيالمايدۇ ياكى كېسەل-لىك مىكروبى بىلەن يۇقۇملىنىدۇ.

6. بالىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا تەرەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈڭ.

7. بالىنى تىرنىقى ۋە باشقا نەرسىلەرنى چىشلەشتىن چەكلەڭ. بۇتازىلىق ئادىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ناچار ئادەت بولۇپ، بالا ئا ـ سانلا كېسەللىك مىكروبى بىلەن يۇقۇملىنىدۇ.

8. چىش چوتكىلاشقا ئادەتلەندۈرۈڭ. بۇنداق قىلىش چىش ئاغرىش ، چىشنى قۇرۇت يېيىش، ئاسان چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

9. تۇزسىزراق تاماق يېيىشنى ئۆگىتىڭ. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، يۈرەك، قان تومۇر كېسەللىكىگە ئاسان گىرىپتار بولمايدۇ.

10. كۆزىنى تولا ئۇۋۇلاشتىن توسۇڭ. بولمىسا بالىڭىز كۆز ياللۇغلىنىش ۋە كۆز كېسەللىكىدىن خالي بولالمايدۇ.

11. ئەتىگەندە ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇڭ. تاماق تاللىمىسۇن، كۆك ـ تات، مېۋىلەرنى كۆپرەك بېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئاشقازان كې ـ سىلى، ھەر خىل ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلارنىڭ يېتىشمەسلى ـ كىدىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكلەردىن ساقلىنالايدۇ.

12. ئېغىزىنى يۇمۇپ ئۇخلاشقا ئادەتلەندۈرۈڭ. بۇنىڭدا ئېغىزغا چاڭ ـ توزان، مىكروب كىرىپ كېتىش ياكى چىش شالاڭلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

13. قۇلاقنى تولا كولاشقا ئادەتلەندۈرمەڭ. بۇنىڭدا قۇلاق كې ـ سەللىكلىرىدىن ساقلىنالايدۇ.

14. چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن كېيىن قول يۇيۇشقا ئادەتلەندۈ ـ رۈڭ، يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنالايدۇ.

15. كەمپۈت، شاكىلات ۋە باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسى ـ لەرنى كۆپ بېرىشتىن ساقلىنىڭ.

16. بۇرۇن كولاشتىن چەكلەڭ. بۇنىڭدا بۇرۇن قاناش، بۇرۇن ياللۇغى، بۇرۇن شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىشلەردىن ساقلانغىلى بو ـ لىدۇ.

17. پالەكنى ئاز بېرىڭ. بۇ ئارقىلىق كالتسىي يېتىشمەسلىك ـ نىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

22

18. تېلېۋىزورنى ئاز ۋە توغرا كۆرۈشكە ئادەتلەندۈرۈڭ. بۇنداق قىلغاندا چارچىمايدۇ، يىراقنى كۆرەلمەسلىك، يېقىننى كۆرەلمەسلىك كېسەللىكىدىن خالىي بولالايدۇ.

19. بەك نېپىز، بەك قېلىن كىيدۈرۈۋەتمەڭ. شۇنداق بولسا ئاسان زۇكام بولمايدۇ، ئۆپكىگە سوغۇق تېگىشتىن ساقلىنالايدۇ.

20. مىخ، يىڭنىگە ئوخشاش خەتەرلىك ۋە ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى ئويناشتىن چەكلەڭ. ھەر خىل كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## تۇرمۇشنىڭ بالىلارغا كۆرسىتىدىغان 22 تۈرلۈك تەسىرى

1. بالىلار ئىلھاملاندۇرۇش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۆزىگە ئىشىنىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

2. بالىلار ماختاش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، تەكەببۇرلۇقنى ئۆگىنىپ قالىدۇ. 23

3. بالىلار مۇۋاپىق تەقدىرلەش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

4. بالىلار ھۆرمەتلەش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۇ تۇرمۇشتا نىشان بېكىتىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

5. بالىلار تەنقىد ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۇ ئەيىبلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

6. بالىلار ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

7. بالىلار باراۋەرلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، سەمىمىيلىك، ئادىللىق، ھەققانىيەتنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

8. بالىلار سەۋر ـ تاقەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، قانائەتچانلىقنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

9. بالىلار يوقسۇزلۇق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئاچ كۆز بولۇپ قالىدۇ.
10. بالىلار ئۇرۇش - جېدەل ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، كاززاپلىقنى ئۆگىنىۋالىدۇ.
11. بالىلار تاپا - تەنە ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، باشقىلارنى ئەيىبلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.
12. بالىلار بەك ئامراقلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ھەسەتخورلۇقنى ئۆگىنىپ قالىدۇ.
13. بالىلار مېھىر - شەپقەت كەمچىل بولغان مۇھىت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، باشقىلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىپ قالىدۇ.
14. بالىلار ھېسداشلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۇ كۆيۈنۈشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.
15. بالىلار يول قويۇش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۆزى ئاكتىپلىق بىلەن ئىزدىنىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.
16. بالىلار ھەسەتخورلۇق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۇ ھاكاۋۇرلۇقنى ئۆگىنىۋالىدۇ.
17. بالىلار خارلىنىش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۇ ھۇجۇم قىلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.
18. بالىلار دۈشمەنلىشىش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۇ قارشىلىشىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.
19. بالىلار راھەت - پاراغەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، ھۇرۇن بولۇپ قالىدۇ.
20. بالىلار ھەمكارلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرسە، باشقىلارغا ئىشىنىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.
21. بالىلار دوستانە ۋە ئىناق مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرسە، دۇنيانىڭ گۈزەل، ھاياتنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.
22. بالىلار كۆڭۈل بۆلۈش، سۆيۈلۈش ئىچىدە تۇرمۇش كە-

چۇرسە، سۆيگۈنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندىن باشقا، سۆ-يۈشنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ.

## بالىلارنىڭ ئاتا - ئانا ئالدىدىكى 30 تۈرلۈك بۇرچى

1. ئاتا - ئانىغا ھەر ۋاقىت ئەدەپ بىلەن سۆز قىلىش.
2. ھەرقانداق ئىشتا ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىش.
3. ئاتا - ئانىغا مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىش.
4. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاتا - ئانىغا غەزەپ بىلەن قارىماسلىق، بەلكى ھەمىشە تەبەسسۇم بىلەن قاراش.
5. ئاتا - ئانىنىڭ ئابرۇيىنى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيدىكى ھەرقانداق نەرسىنى ئالماسلىق.
6. ئاتا - ئانىلار مەمنۇن بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش، ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى ئېلىپ تۇرۇش.
7. ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلاشتا ئاۋۋال ئاتا - ئانىدىن مەسلىھەت سوراش.
8. ئاتا - ئانىنىڭ چاقىرىقىغا ھەر ۋاقىت «خوش ئاتا، خوش ئا-نا» دەپ ئىتائەت بىلەن ھازىر بولۇش.
9. ئاتا - ئانىنىڭ دوست - يارەنلىرىنى ھۆرمەتلەش، دۈشمەن-لىرىگە ساداقەت بىلدۈرمەسلىك.
10. ئاتا - ئانا بىلەن مۇنازىرە قىلىشماسلىق، ئۇلارنىڭ خاتا-لىقلىرى بولسا، سىلىق يول بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش.
11. ئاتا - ئانىغا سۆز قىلغاندا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى راھەتسىز قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەدەپ بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش.
12. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆي ئىچى - سىرتىدىكى ئىشلىرىغا ياردەملىشىش.
13. ئاتا - ئانىنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقماسلىق، باشقا

جايغا كىتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراش.

14. ئاتا ـ ئانا ئۇخلاۋاتقاندا باستۇرۇپ كىرمەسلىك.

15. ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھمانلىرى كەلگەندە قول باغلاپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىش، زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ قويۇپ، ئۇلارنى مېھمانلىرى ئالدىدا يالغۇز قويماسلىق.

16. ئاتا ـ ئانا بىلەن بىرگە تاماق يېگەندە، ئۇلاردىن بۇرۇن داستىخانغا قول ئۇزاتماسلىق.

17. ئاتا ـ ئانىغا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەسلىك.

18. ئاتا ـ ئانىنى ئائىلە ئەزالىرىدەك ئەتىۋارلاش ھەم ئۇلاردىن ئۇستۇن ئورۇنغا قويۇش.

19. ئاتا ـ ئانا بىلەن بىرگە يول يۈرگەندە ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرمەسلىك، بىرگە ئولتۇرغاندا ئۇلاردىن يۇقىرى ئولتۇرماسلىق.

20. ئۆزى چوڭ مەنسەپدار ياكى كاتتا ئالىم بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانا ئالدىدا تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، ئۇلار ئالدىدا ھەمىشە كەمتەر بولۇش.

21. ئاتا ـ ئانىغا ماددىي ياردەمدە بېخىللىق قىلماسلىق، ئۇلار ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىش.

22. ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھنەتلىرىنى قەدىرلەش، ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش، ھەدىيە ۋە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ تۇرۇش.

23. ئاتا ـ ئانىنى غەزەپلەندۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىش، كۆڭۈللىرىنى ئاسراش.

24. ئاتا ـ ئانا بەرگەن نەرسىلەرنى تەشەككۇر ئېيتىش بىلەن قوبۇل قىلىش.

25. ئاتا ـ ئانىنىڭ خۇشاللىقلىرىنى تەبرىكلەپ بىرگە خۇشال بولۇش، ئۇلارنىڭ مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بېرىش.

26. ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈز ـ خاتىرسى ئۈچۈن، ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان پەرزەنتلىرىنى ياخشى كۆرۈش.

27. ئايالى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن جېدەللىشىپ قالغاندا، ئۇلار ـ

نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش.
28. ئاتا ـ ئانا كېسەل بولۇپ قالسا ئوبدان داۋالىتىش، كۆيۈنۈپ بېقىش.
29. ئاتا ـ ئانا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش. ئۇلار قالدۇرغان ۋەسىيەتلەر ـ نى ئادا قىلىش.
30. ئاتا ـ ئانا كۆتكەندەك ئادەم بولۇش، ئۇلارنىڭ ئۈ ـ مىدىنى ئاقلاش.

### ئاتا ـ ئانىلارغا بالا تەربىيەسىدىكى 30 تەكلىپ

1. ھەرقانداق ۋاقىتتا بالىڭىزغا نىسبەتەن ئۈمىدۋار بولۇڭ.
2. بالىڭىزنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىڭ، ئىئـ ـ لىدە ئۆزىنى خۇشال ھېس قىلسۇن.
27 3. بالىڭىزنى دائىم رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇڭ، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققان ۋاقىتتا «ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلماڭ.
4. بالىڭىزدىن بىرەر ئىشنى ئورۇنداشنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ئۆلگە بولۇڭ.
5. ئەر ـ خوتۇن بالا ئالدىدا جېدەل ـ ماجىرا قىلىشتىن ساقلىنىڭلار.
6. بالىڭىزنىڭ ئالدىدا بوۋا ـ مومىلىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭ.
7. بالىڭىزغا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغۇزۇڭ.
8. باشقىلار ئالدىدا بالىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ.
9. باشقىلار بالىڭىزنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەندە سەل قارىماڭ.
10. بالىڭىزنىڭ «نېمە ئۈچۈن» دەپ سورىغان سوئاللىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلىڭ، بىلگەننى بىلىمەن دەڭ، بىلمىگەننى

بىلمەيمەن دەڭ.

11. بالىڭىزنى سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ تەبىئەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇڭ.

12. ھەر كۈنى بالىڭىزغا ئىختىيارىي پائالىيەت قىلىدىغان سو ـ رۇن ۋە ۋاقىت ھازىرلاپ بېرىڭ.

13. بالىڭىزنى ھەر كۈنى سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ بىللە سەيلە قىلىڭ.

14. بالىڭىزنى ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. مەغلۇپ بولسى ـ مۇ ئەيىبلىمەڭ.

15. بالىڭىز بىلەن ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئال ـ ماشتۇرۇڭ، بۇنداق قىلىش ئىككى تەرەپنىڭ ھېسسىيات ئالماشتۇ ـ رۇشىغا پايدىلىق.

16. بالىڭىزنىڭ سىزگە ئېيتىدىغان گېپى بار چاغدا، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىڭىزمۇ، سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاڭ.

17. بالىڭىزنى تەنقىدلىگەن چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىنى چۈشەندۈرۈ ـ شىگە ۋە سۆزىڭىزگە رەددىيە بېرىشىگە يول قويۇڭ.

18. بالىڭىزغا «سەن بەك دۆت، ھېچقانداق ئىش قىلالمايسەن» دېگەندەك سۆزلەرنى ھەرگىز قىلماڭ.

19. بالىڭىزنى ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلىماڭ، ئۇ ـ نىڭغا تاللاش ۋە ھۆكۈم قىلىش پۇرسىتى بېرىڭ.

20. بالىڭىزغا بەرگەن ۋەدىڭىزنى چوقۇم ئورۇنداڭ.

21. بالىڭىزنىڭ دوستلىرى ئۆيگە كەلسە، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىڭ.

22. بالىڭىزنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىپ، پىسخىك تەلپىنى چۈشىنىڭ.

23. شارائىت يار بەرسە ئائىلىدە بالىڭىزغا خاس ئايرىم ئۆي ھازىرلاپ بېرىڭ.

24. بالىڭىزغا بەك قىممەت ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بەرمەڭ.
25. ھە دېگەندە بالىڭىزنى قورقىتىدىغان ئىشلارنى ۋە سۆز-لەرنى قىلماڭ.
26. بالىڭىزنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرۇڭ.
27. ئائىلىدىكى چوڭ ئىشلاردا بالىڭىزنىڭ پىكرىنىمۇ ئاڭلاپ بېقىڭ.
28. بالىڭىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالسا، كونا خامانىنى سورۇپ يۈرمەڭ.
29. بالىڭىزنى بەك مەيلىگە قويۇۋەتمەڭ.
30. بالىڭىزنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە قارىتا كۆرمىگەن - بىلمىگەن بولۇۋالماڭ.

### بىر دادىنىڭ ئوغلىغا قىلغان 40 تۈرلۈك نەسىھەتى



1. ئاپتوموبىلنىڭ ئەڭ ئەرزىنىنى سېتىۋال. ئائىلىدە ئاپتومو-بىل بولسا ياخشىسىنى سېتىۋېلىشقا تىرىش.
2. دوستلىرىڭنى تاشلىۋەتمە.
3. قىز دوست تاللىغاندا ئېھتىياتچان بول. چۈنكى ئۇ سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭدا 90% رول ئوينايدۇ.
4. ھەر كۈنى 30 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ پىيادە يول يۈر.
5. دوستۇڭغا بىرەر مەخپىيەتلىكىڭنى ئېيتىشتىن بۇرۇن تەكرار ئويلان.
6. ئىش ھەققىڭنى بېرىدىغان كىشىنىڭ يامان گېپىنى ھەرگىز قىلما.
7. ھەمىشە ھۆل خىشقا دەسسىمەيدىغان كىشىلەردىن ئېھتىيات قىل.
8. بالىلىرىڭ ئادىللىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ئېسىل پە-

زىلەت ھەققىدە ئويلانغاندا دەرھال سىنى ئېسىگە ئالالايدىغان بولسۇن.

9. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى راستچىللىق، گۈزەللىك، پاكلىقنى پەرق ئېتىشنى بىلىۋال.

10. ئۆزۈڭنى ۋە باشقىلارنى كەچۈرۈشنى ئۆگىنىۋال.

11. ۋاقىت سەرپ قىلىپ ھەر يىلى بىر پارچە كىلاسسىك ئەسەر ئوقۇغىن.

12. جىددىي قۇتۇلدۇرۇش چارىلىرىنى ئۆگىنىۋال.

13. بىرەر كىشى سېنى يېنىغا تارتاي دېسە، ئۈمىدىنى يەردە قويما.

14. ھەر كۈنى ئالتە ئىستاكان سۇ ئىچىپ تۇر.

15. سېنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەرنىڭ غېمىنى يېيىشنى بىلىۋال.

16. ھەرقانچە ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەڭمۇ ھېيت - بايراملاردا ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن بىللە بول.

17. سىرتقا ساياھەتكە چىققاندا ھەميانىڭغا ئىسىم - فامىلەڭ، تېلېفون نومۇرۇڭ، دوستلىرىڭنىڭ تېلېفون نومۇرى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىڭ پۈتۈلگەن بىرەر كارتوچكا سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇما.

18. مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىنىڭدە تىنچ ئولتۇرۇپ ئۆزۈڭنى بېسىۋالالىغىنىڭ - بېسىۋالالمىغىنىڭ، سالامەتلىكىڭ ۋە قىزغىنلىقىڭنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ياكى تۇرمىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆر.

19. ھەر يىلى باھاردا بىرەر تۈپ كۆچەت تىكىپ قوي.

20. نىكاھ ئاساسىڭنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، ھەمراھىڭنىڭ ياخشى بولۇشىغىلا قارىما، ئۆزۈڭمۇ ياخشى بول.

21. تۇغقانلىرىڭ، بالىلىرىڭ ۋە ئاياللىڭنى ئەيىبلىمەكچى بولغىنىڭدا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىش ئېسىڭدە بولسۇن.

22. ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىڭگە ئېلىپ پۇشايمان قىلغىنىڭدا، باتۇرلۇق بىلەن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاشقا جۈرئەت قىل.

23. بىرەر بۈيۈك ئىش ياكى ئەقىل تاپتىم دەپ قارىغىنىڭدا، ئۇنى پارچە ـ پۇرات ئىشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتما.

24. ھېسسىياتىڭنى يىغىۋېلىشقا ماھىر بول.

25. ئائىلە ئاساسىڭنى ھەر كۈنى ئاز ـ تولا ئەمەلىي ئىش قىلىش يولى بىلەن مۇستەھكەملە ۋە ياخشىلا.

26. بىرەر جۈملە دوستانە سۆزنىڭ، بىرەر ياخشى ئىشنىڭ رولىغا سەل قارىما.

27. باشقىلارنى قارىسىغا تەنقىد قىلما.

28. باشقىلارغا ياخشى گەپ قىلغىنىڭدا ئۇنى باشقىلارمۇ ئاڭلىسۇن.

29. بەختىنىڭ بايلىققا، ھوقۇققا، چىراي ـ شەكىلگە ئەمەس، ئەتراپىڭدىكى كىشىلەر بىلەن ئەپ ئۆتەلىشىڭگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما.

30. كىشىلەر بىلەن تۇنجى كۆرۈشكىنىڭدە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول بېرىپ، ئىسىم ـ فامىلەڭنى ئېيتىپ بەر. قارشى تەرەپ سېنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولسۇن.

31. كارىۋىتىڭنىڭ بېشىغا خاتىرە ۋە قەلەم قويۇپ قوي، ياخشى چارە كۆپ ھاللاردا ئەتىگەندە كاللاڭغا كېلىدۇ، ئۇنى خاتىرىلىۋال.

32. ئارزۇ قىلغان نەرسەڭگە جاپالىق ئىشلەش بەدىلىگە ئېرىشكىنىڭدە، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۆگىنىۋال.

33. تۇغۇلغان كۈنۈڭدە بىرەر ياخشى ئىش قىلىشنى كۆڭلۈڭگە پۈك.

34. مۇھەببەت ئاساسىڭ بولمىغان قىز بىلەن توي قىلىشتا ئېھتىياتچان بول.

35. چوڭلارنى ھۆرمەت قىل، كىچىكلەرنى ئىززەت قىل.

36. مۇھىم ئىشنى سۆرەلمىلىك قىلماي ۋاقتىدا قىل.
37. ئىلغار ئەنئەنە، ئۆرپ ـ ئادەتنى ئۆزلەشتۈر.
38. ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئېسىل پەزىلەتلىك بول.
39. شېرىن سۆزلۈك، مېھرىلىك بول.
40. ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە تەمكىن بول.

## بالا تەربىيەلەشتىكى 40 خىل ئۇسۇل

1. بالىلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن ئەستايىدىل جاۋاب بېرىش.
2. بالىلارنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىغا ئەستايىدىل مۇئا ـ مىلە قىلىش.
3. كۆرگەزمە جاھازىسى ياسىتىپ، بالىلار ئىجاد قىلغان نەر ـ سىلەرنى ئۇستىگە تىزدۇرۇش.
4. بالىلارنىڭ ياتاق ئۆيى، ئۆگىنىش ئۇستىلى ئىجادىي پائالى ـ يىتىگە مۇناسىۋەتلىك نەرسە ـ كېرەكلەر بىلەن قالايمىقان بولۇپ كەتسە ئەيىبلىمەسلىك.
5. ئۆينىڭ بىر بۆلۈكىنى بالىلارنىڭ ئوينىشىغا ئاجرىتىپ بېرىش.
6. بالىلارغا ناھايىتى سۆيۈملۈك ۋە ئوماق ئىكەنلىكىنى ئېي ـ تىپ تۇرۇش، بىراق ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك.
7. بالىلارغا قىلالىغۇدەك ئىشلارنى قىلدۇرۇپ تۇرۇش.
8. بالىلارنىڭ شەخسىي پىلان تۈزۈشىگە ۋە پىلاننى ئورۇنداش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشىغا ياردەملىشىش.
9. بالىلارنى ئۇلار قىزىقىدىغان جايلاردا ئوينىتىش.
10. بالىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تۈزىتىشىگە ياردەم بېرىش.
11. بالىلارنىڭ ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى بالىلار بىلەن نورمال بېرىش ـ كېلىش قىلىشىغا

يول قويۇش.

12. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى گەپ ـ سۆزلىرى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بالىلارغا ئۈلگە بولۇش.

13. بالىلارغا باشقا بالىلارنى سېلىشتۇرۇپ، باشقىلارغا يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى دېمەسلىك.

14. بالىلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرى ۋە سایاھەتكە چىقىش ئىشلىرىنى پىلانلاشقا قاتنىشىشىغا يول قويۇش.

15. بالىلارنى ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلدۇرۇشتا ئۇلارنى كىتاب ۋە ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش.

16. بالىلارنى ھەر خىل ياش قۇرامىدىكىلەر بىلەن ئەركىن مۇناسىۋەت قىلالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش.

17. بالىلارغا قەرەللىك ھالدا كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇتۇپ تۇرۇش.

18. بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپ گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش.

19. بالىلارنىڭ ھېكايە ئوقۇشىغا ۋە خىيالىي نەرسىلەرنى توقۇپ چىقىشىغا ئىلھام بېرىش.

20. بالىلارنىڭ خۇسۇسىي تەلىپىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش.

21. ۋاقىت چىقىرىپ ھەر كۈنى بالىلار بىلەن بىللە بولۇش.

22. بالىلارنى خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك سەۋەبلىك ئەيىبلىمەسلىك.

23. بالىلارنى تەنقىدلەش توغرا كەلسە سەت، بىمەنە گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماسلىق.

24. بالىلارنىڭ شېئىر يادلاش، ھېكايە سۆزلەش، ناخشا ئېيتىش ئىشلىرىنى تەقدىرلەش.

25. بالىلارنى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزە-

لەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەش.

26. تەجرىبە پىلانىنى كۆڭۈل قويۇپ تۈزۈپ، بالىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش.

27. بالىلارنىڭ ھەر خىل تاشلاندۇق، زەھەرسىز نەرسىلەرنى ئوينىشىغا يول قويۇش.

28. بالىلارنىڭ مەسىلىلەرنى بايقاش، چۈشىنىشىگە ئىلھام بېرىش.

29. بالىلار قىلغان ئىشلار ئىچىدىن ماختاشقا تېگىشلىكلىرىنى تېپىپ چىقىپ ماختاش.

30. بالىلارنى قورۇقتىن ـ قورۇق ياكى قارىسىغىلا ئەيىبلىمەسلىك.

31. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان ھېسسىياتىغا سەمىمىي باھا بېرىش.

32. پۇرسەت بولسىلا بالىلارنى بىرەر ئىش توغرىسىدا قارار چىقىرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش.

33. ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا مەسلىھەتلەشكىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرنى بالىلار بىلەن مەسلىھەتلەشمەسلىك.

34. بالىلارنىڭ خاس خاراكتېرگە ئىگە ئادەم بولۇپ چىقىشىغا ياردەم بېرىش.

35. بالىلارنىڭ كۆرۈشكە ئەرزىگۈدەك تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرۈشكە ياردەم بېرىش.

36. بالىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇش قابىلىيىتىنى ۋە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش.

37. بالىلار بىرەر ئىش قىلىپ مەغلۇپ بولسا، ئۇلارنى كەمسىتمەستىن، بەلكى تەسەللى بېرىش.

38. بالىلارنىڭ ئامال بار چوڭلارغا تايىنىۋالماسلىقىغا ئىلھام بېرىش.

39. بالىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە ئىشىنىش.

40. بالىلارنى قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى مۇس-تەقىل قىلىشقا يېتەكلەش.

## بالا تەربىيەسىدە ئاتا ـ ئانىلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك 99 سەۋەنلىك

1. بالىغا تاماقنى بەك كۆپ يېگۈزۈش.
2. بالىغا شېكەرلىك يېمەكلىكلەرنى كۆپ بېرىش.
3. بالىغا قوغۇشۇن مىقدارى كۆپ بولغان ئاق بالداق، هاكقا چىلانغان تۇخۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆپ بېرىش.
4. بالىغا قالايمىقان قۇۋۋەت تولۇقلاش.
5. بالا ئالتە ئايلىق بولغان بولسىمۇ، ئانا سۈتى ۋە كالا سۈتى بىلەن بېقىپ، تاماق بەرمەسلىك.
6. بالىغا تاماقنى چايناپ يېگۈزۈش.
7. بالىغا كونسېرۋا يېمەكلىكلىرىنى بېرىش.
8. بالىلارنى سۈت پاراشوكى بىلەن بېقىش.
9. سۈت ماس كەلمەيدىغان بالىغا مەجبۇرىي سۈت ئىچكۈزۈش.
10. بالىلار بىلەن چوڭلارنىڭ تامىقىدا پەرق بولماسلىق.
11. بالىنىڭ تىلى يېڭى چىققاندا «هام ـ هام» دېگەندەك سۆز-لەرنى ئۆگىتىش.
12. بالىغا بىرلا ۋاقىتتا ئىككىدىن ئارتۇق چەت ئەل تىلىنى ئۆگىتىش.
13. گەپ قىلالمايدىغان بالىنى مەجبۇرىي گەپكە سېلىش.
14. بالىلار پىروگراممىسىنى بەك كۆپ كۆرسىتىش.
15. بالىنىڭ تەلەپپۇز جەھەتتىكى خاتالىقىغا ئېسىلىۋېلىش.
16. بالىنىڭ غەلىتە ئوي ـ تەسەۋۋۇرلىرىغا تەنبىھ بېرىش.
17. بالىنىڭ تۇرلۇك قىزىقىشىنى توسۇش.
18. بالا سىزغان رەسىملەردىن ھەدېسە قۇسۇر تېپىش.

19. بالا ئۆگىنىدىغان پەنلەرنى تاللىغاندا ئارىلىشىۋېلىش.
20. ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى بالىغا تېڭىش.
21. بالىغا چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلىش.
22. بالىغا تەنە گەپلەرنى قىلىش.
23. بالا ئويۇنچۇقلىرىنى بۇزۇپ قويغاندا ئاچچىقلىنىپ تىللاش.
24. بالىنى يالغۇز قالدۇرماسلىق.
25. بالىغا ھېكايە، كىتاب ئوقۇپ بەرمەسلىك.
26. بالىغا تەلەپنى بەك يۇقىرى قويۇۋېتىش.
27. بالىنى ئەركىن تەربىيەلەيمەن دەپ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش.
28. بالىنى ئىززەتلىمەسلىك، پىكرىگە قۇلاق سالماسلىق.
29. بالىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مەنىۋى ئېھتىياجىغا سەل قاراش.
30. ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرلىككە كەلگەن بالا تەربىيەلەش قارىشى بولماسلىق.
31. بالا ئۆزى قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان ئىشتا ئاتا ـ ئانا ئۈلگە بولماسلىق.
32. بالىغا ئىشەنمەسلىك.
33. بالىغا سەلبىي باھانى كۆپ بېرىش، ئىلھاملاندۇرماسلىق.
34. باشقىلارنىڭ ۋە بالىنىڭ ئالدىدا زىيادە ماختاپ بالىنى كۆككە كۆتۈرۈش.
35. بالىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئويلانمايلا ئىنكار قىلىش.
36. ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماي بالىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى باھالاش.
37. بالىنىڭ ئالدىدا باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى كەمسىتىش.
38. ئاتا ـ ئانىلار بالا ئالدىدا ۋەدىسىدە تۇرماسلىق.
39. بالىغا بەك زور ئۈمىد باغلاش.

40. بالىغا بولغان مېھرىبانلىقتا دەم قىزىپ، دەم سوۋۇپ كېتىش.
41. بالىغا كىيىم تاللىغاندا مۇۋاپىق دەرىجىلىكنى تاللىماسلىق.
42. بالىنىڭ ئالدىدا ئۇرۇشۇپ، تىللىشىپ، جېدەل - ماجىرا قىلىش.
43. ئاتا - ئانىدا بالىلارچە قەلب بولماسلىق.
44. ئاتا - ئانا بالا بىلەن بىللە ئوينايدىغانغا ۋاقىت چىقارماسلىق.
45. بالىغا ئۆزىنى سىنايدىغان پۇرسەت بەرمەسلىك.
46. بىرەر ئىشقا يولۇققاندا بالا ئالدىدا ۋاتىلداپ، ئاھ ئۇرۇپ كېتىش.
47. بالىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە بەك دىققەت قىلىش، ئۇلارنى ئارامىدا قويماسلىق.
48. ئاتا - ئانا بالا ئالدىدا بىر - بىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلىش.
49. بالا خاپا بولغاندا بالىغا قوپاللىق قىلىش.
50. بالىنىڭ تۇنجى نەتىجىسىگە تۇزىتىش بېرىش.
51. بالا سادىر قىلغان سەۋەنلىكلەرنى ھەدېسە بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىراپ كېتىش.
52. باشقىلارنىڭ بالىسى بوزەك قىلغاندا، بالا ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆچ ئېلىش.
53. پرىنسىپال مەسىلىلەردە ئاتا - ئانىلاردا ئېنىق مەيدان بولماسلىق.
54. تەكرار سەۋەنلىك ئۆتكۈزدۈڭ دەپ بالىنى زورلۇق بىلەن جازالاش.
55. بالىنىڭ خاراكتېرىنى ئىنكار قىلىش.

56. بالا جىنسىيەت توغرىسىدىكى ئىشلارنى سورىغاندا يولسىز ـ لىق بىلەن ئەيىبلەش.

57. بالا سورىغان جىنسىيەت توغرىسىدىكى سوئاللارغا قالايمىـ قان جاۋاب بېرىش.

58. بالا بىلەن بىللە يېتىش.

59. كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئوغۇلنى قىز بىلەن، قىزنى ئوـ غۇل بىلەن بىللە ياتقۇزۇپ قويۇش.

60. بالىنى قوغدايمەن، زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتمايمەن دەپ، بالىلارنىڭ ناتونۇش كىشىلەرگە گەپ قىلىشىنى، مۇناسىۋەت باغـ لىشىنى توسۇش.

61. بالىنى يۇيۇندۇرغاندا داسقا يالغۇز تاشلاپ قويۇش.

62. بالىنى يۇيۇندۇرغاندا تۇتۇپ تۇرماسلىق.

63. بالىنى يۇيۇندۇرغاندىن كېيىن، چوڭلار ئىشلىتىدىغان تېـ رە ئاسراش مايلىرىنى سۈرتۈپ قويۇش.

64. بالىنى ئەتىر سوپۇن بىلەن يۇيۇش.

65. بالا يۇيۇنىۋاتقاندا داسقا قىزىق سۇ قۇيۇش.

66. بالا ئۇخلايدىغان ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسىنى بەك تۆۋەن قىلىۋېتىش.

67. بالىنى ئاپتاپتا ئۇخلىتىش.

68. بالا ئۇخلاتقاندا ئۆيدىكى ئىتقا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ مۇھاـ پىزەت قىلىشىغا تاشلاپ قويۇش.

69. كىچىدە بالا ئىمىمەن دېسە دەرھال ئېمىتمەسلىك، ئېمىـ تمەن دەپ ئويغىتىش.

70. بالا ئۇخلاۋاتقاندا چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتمەسلىك.

71. بالىنىڭ يىغىسىغا پىسەنت قىلماي يۈرۈش.

72. بالىغا تۈرلۈك ۋاكسىنىلارنى ئۇرغۇزۇۋېرىش.

73. بالىنى ھە دېسە قورقۇتۇش.

74. بالا يىقىلىپ يارىلىنىپ قالسا جاراھەت ئورنىنى قالايمىقان ئۇۋۇلاش.
75. بالا يىقىلىپ يارىلانسا، بىر قاتار تەنبىھلەرنى بېرىش.
76. بالىنىڭ ئويۇنچۇق، تاماق قاچىلىرىنى ۋاقتىدا دېزىنفېكسىيەلەپ تۇرماسلىق.
77. بالىنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىش.
78. بالىغا رەڭلىك قەنت ـ گېزەكلەرنى ئېلىپ بېرىش.
79. بالا ياتقان ئۆي پاكىز، كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان بولماسلىق.
80. بالىغا بەك تار كىيىم كىيگۈزۈش.
81. بالا كېسەل بولۇپ قالغاندا، دورىنى سۈت بىلەن ئىچكۈزۈش.
82. بالىنى غىدىقلاپ كۈلدۈرۈش.
83. بالىنىڭ كىيىمىنىڭ مەينەت بولغان، بولمىغانلىقى بىلەنلا قىلىش.



84. بالىنىڭ ناچار تازىلىق ئادىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك.
85. بالىغا كىيىمنى بەك جىق كىيگۈزۈۋېلىش.
86. بالىغا بەك قېلىن يوتقان يېپىپ قويۇش.
87. بالا مېڭىشنى ئۆگەنگەندە بىراقلا ماڭدۇرۇش كويىدا بولۇش.
88. بالا مېڭىشنى ئۆگەنگەندە قولىدىن تارتىپ ماڭدۇرۇش.
89. بالا مېڭىشنى ئۆگەنگەندە توغرا بولمىغان قىياپەت بىلەن ماڭدۇرۇش.
90. بالىغا بەك ئۇچلۇق ياكى تار ئاياغلارنى كىيگۈزۈش.
91. بالىغا دائىم ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان ئاياغلارنى كىيگۈزۈش.
92. چېنىقتۇرىمەن دەپ بالىغا خەتىرى بار ئويۇنلارنى ئويناتقۇزۇش.
93. بالىغا ئوينىتىپ تۇرۇپ تاماق بېرىش.
94. بالىلار بىلەن لۆڭگە، داس، چىش چوتكىسى قاتارلىق تۇر-

مۇش بۇيۇملىرىنى بىرگە ئىشلىتىش.

95. خۇشال بولىدۇ دەپ بالىنى باشتىن ئېگىز ئېتىش.

96. بالىنى دائىم چاقماق لامپىلىق ئاپپارات بىلەن رەسىمگە تارتىش.

97. بالىنىڭ ئىچى سۇرسە يېمەكلىك بەرمەسلىك.

98. بالا ئىشتىنىغا سىيىپ قويسا قاتتىق جازالاش.

99. بالىغا بەك كۆپ ئويۇنچۇق، كىتاب ئېلىپ بېرىش.

# ئاتا - ئانىلار ۋە بالىلار تەربىيەسى

## ئاتا - ئانىلار ۋە مائارىپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى — بالىلار تەربىيەسى

مائارىپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى — پۈتكۈل جەمئىيەت كىشىلىرىنى توغرا ئىشلارنى قىلىشقا باشلاش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئاشۇ دۇرۇس ئىشلارنىڭ نەتىجىسىدىن ھۇزۇرلاندۇرۇش، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنى ئەمگەكچان قىلىشلا بولماستىن، بەلكى ئەمگەكنى سۆيىدىغان قىلىش؛ پاك قىلىشلا بولماستىن، بەلكى پاكلىقنى سۆيىدىغان قىلىش؛ بىلىملىك قىلىشلا بولماستىن، بەلكى بىلىمنى قەدىرلەيدىغان قىلىش ھەمدە ئۇلارنى ھەرقانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.



## چوڭلارنىڭ تەربىيەسى ئىنتايىن مۇھىم

ھەربىر ئوغۇل - قىز ئاتا - ئانا بولالايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەسئۇلىيەتچان، ئۆزئارا سادىق، ئائىلىدىكى مۇقەددەس بۇرچنى زىممىسىگە ئالالايدىغان بولۇشى ناتايىن؛ ھەممىلا پەرزەنتنىڭ باتۇر، قەيسەر، ئىپپەتلىك، كۆيۈمچان بولۇپ يېتىلىشىمۇ ناتايىن. پەرزەنتلەرنىڭ روھى ساغلام، باتۇر، قەيسەر، جۇشقۇن ، ئەل - ۋەتەننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە كۆكرەك كېرىپ چىقالايدىغان، ھايالىق، ئەخلاقلىق، مېھرىبان، مەسئۇلىيىتىنى ۋىجدانەن ئادا قىلالايدىغان بولۇپ يېتىلىشىدە ئاتا - ئانىلارنىڭ تەسىرى ناھايىتى مۇھىم. ئەخلاقسىز، چاكىنا، مەسئۇلىيەتسىز ئانىلار ئەخلاقلىق، نومۇسچان، ھايالىق ئوغۇل - قىزلارنى تەربىيە-

لەپ چىقالمايدۇ؛ قورقۇنچاق، ھۇرۇن، مەسئۇلىيەتسىز، جېدەلخور ئاتىلار ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ئىرادىلىك، باتۇر، ئىشچان، جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئوغۇللارنى تەربىيەلەپ چىقالمايدۇ.

ماھىيەتتىن ئالغاندا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ساپاسى بالىلارنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، تەربىيەلىنىش قاتلىمى، ئىجتىمائىي ئورنى، ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما، بالا تەربىيەسىدە ئەخلاقنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى، جەمئىيەتنىڭ بالىلارغا قويىدىغان تەلىپى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. ھازىر بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىگەننى ئاز دەپ، پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ھەقىقىي مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ.

ھازىر ئايرىم بالىلار ھەقىقەتەن ئەخلاقسىز، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا بۇنداق بالىلارنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ خىل بالىلارنى مەيلىگە قويۇۋەتكەچكە، ھاياسىزلىشىپ تاپتىن چىقىپ كەتكەچكە، ھازىر پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالمايۋاتىدۇ. نوتا ۋاقتىدا ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغان كۆچەتنىڭ تۈز ئۆسۈشى مۇمكىنمۇ؟! پەرزەنتىنى ھېچكىم ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا تەربىيەلىيەلمەيدۇ. ئائىلە بالىلارنىڭ تۇنجى مەكتىپى، ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ تۇنجى ئۇستازى. بۇ بالىلار تەربىيەسىدىكى ئەقەللىي ساۋات. چۈنكى بالىلارنىڭ ئائىلىدە بولىدىغان ۋاقتى ئەڭ كۆپ بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىمۇ بالىلارغا سەبىيلىكىدىن باشلاپ سىڭىدۇ. شۇڭا بالا تەربىيەسىدە ئاتا ـ ئانا ئالدى بىلەن ئۆزىنى ياخشى تەربىيەلەپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇپ، ئائىلىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەخلاقىي پەزىلىتى، خىسلىتى، پاك روھى، دىيانىتى، گۈزەل قەلبى ئارقىلىق بالىلارغا ئۈلگە بولالىسىلا، بالىلارنىڭ پارلاق كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

## ئاتا - ئانىلار بالىلاردا يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك
## ساپانىڭ نېمىلىكىنى بىلىشى كېرەك

مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى بالىلاردا تۆۋەندىكى ساپالارنىڭ ھا-زىرلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى:

ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش: ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش يېرىم مۇ-ۋەپپەقىيەت قازانغانغا باراۋەر.

قىزغىنلىق: قىزغىنلىق بولغاندا ئالغا بېسىشنىڭ ھەرىكەتلەند-ۈرگۈچ كۈچى بولىدۇ.

ھېسداشلىق: بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپ ھېسداشلىق تۇيغۇ-سىنى يېتىلدۈرۈپ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان گۈزەل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ھۆرمەتلەش: ھۆرمەتلەش ئۆزئارا بولىدۇ، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن نەرسىلەر، مەسىلەن، دوستلۇق قاتارلىقلار پەقەت ئۆزئارا ھۆرمەتلەشتىن مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە قىممىتىنى تاپىدۇ.

43

يۇمۇرستىك تۇيغۇ: بالىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئەڭ موھتاج بولىدىغىنى يۇمۇرستىك تۇيغۇدۇر. يۇمۇ-رستىك تۇيغۇ ناچار كەيپىياتنى ياخشىلاپ، تۇرمۇشقا بولغان قىز-غىنلىقنى ئۇرغۇتىدۇ، مەغلۇبىيەتكە يولۇققاندا تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولىدۇ.

ئۈمىد: كىشىلىك ھاياتتا ھەممىدىن چوڭ توسالغۇ ئىشەنچنى يوقىتىش. ئائىلىدە ئازابلىق كەيپىيات ئېغىر بولسا، بالىلاردىكى تۇغما خۇشاللىق يوقىلىدۇ، شۇڭا بالىلارنى ئۈمىدۋارلىققا، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

### ئاتىلارنىڭ ئائىلە ئەخلاقىدىكى رولى

ئاتىلار ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە يۆلەنچۈكى، ئائىلىدىن ئىبارەت

بۇ ئېغىر يۈكنى سۆرەپ ماڭغۇچى، پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش، بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆز هاياتىنى تەقدىم قىلغۇچى جاپاكەش ئۇلۇغ ئىنسان.

ئائىلە ئەخلاقى ئائىلىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇنا ـ سىۋەتلىرى ۋە ئالاقە، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئىش ـ هەرىكەتلىرىدە رىئايە قىلىدىغان مۇهىم قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى. ئۇ، ئائىلە ئەزالىرى ئورتاق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك هەرىكەت مىزانى، شۇنداقلا پەرزەنتلەرنى قايسى يوسۇندا تەربىيەلەش ۋە ئۇلارغا قانداق تەسىر قالدۇرۇشتىكى مۇهىم ئامىللارنىڭ بىرى بو ـ لۇپ، ئائىلە ئەخلاقىدىكى پەزىلەتنىڭ تەسىرى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئالاهىدە هەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ياخشى ئادەم بولسۇن دەيدىكەنمىز، تەلىم ـ تەربىيەنى ياخشى ئىش ـ لىشىمىز تولىمۇ زۆرۈردۇر.

1. ئاتىلار بالىلارغا لەۋزىدە تۇرۇشنى، مەرد ـ مەردانىلىقنى، با ـ تۇر ـ قەيسەرلىكنى، چىدامىلىقلىقنى، ئەجدادىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى يەتكۈزۈش، ئەجداد ۋە نەسەبىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇهىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئاتىنىڭ قانداق بولۇشى بالىلارنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ، يەنى ئاتىدا ئاتى ـ چە خاسىيەت بولسا، بالىدا ئۆزىگە ئىشىنىشتەك ئۈمىد نۇرى بولىدۇ.

ياپونىيەلىك فۇزىيۇيجىنىڭ مەشهۇر ئىلمىي ئەسىرى «ئىلىمگە دالالەت»تە مۇنداق بىر مەشهۇر سۆز ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «تەڭرى ئادەمدىن ئۈستۈن ئادەم ياراتمايدۇ هەم ئادەمدىن پەس ئادەمنىمۇ ياراتمايدۇ. دېمەك، خۇدا ياراتقان ئادەملەرنىڭ هەممىسى باراۋەردۇر دېگەنلىك.» بىزدە يەنە «هەر كىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى» دەيدىغان هېكمەتلىك سۆزمۇ بار.

يۇقىرىقى هۆكۈمدىن بىز تەربىيە، تەسىرىنىڭ رولى ئارقىلىق ئادەمنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىڭ بەلگىلىنىدىغانلىقىنى، ئائىلە تەر ـ

بىيەسى ۋە ئائىلە پەزىلىتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم تەسىرى بولىدۇ. غانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. چۈنكى بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا بولسۇن ياكى تۇغۇلغاندىن كېيىن بولسۇن، بىۋاستە ئۇچرىشىپ تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغىنى ئاتا بىلەن ئانىدۇر. ئۇلارغا تەسىر قىلىشنى ئەڭ ئاۋۋال باشلايدىغىنىمۇ ئاتا ـ ئانىدۇر.

2. ئاتا «ئالىم تەربىيەلىمەيدۇ، ئادەم تەربىيەلەيدۇ.» ئاتىلارنىڭ ئائىلە گۈزەل ئەخلاقىنى يارىتىشى ئىنتايىن مۇھىم ئۆتكەل، ئائىلە يوسۇنى بالا تەربىيەسىدىكى بىرىنچى ئۆتكەل بولۇپ، ئائىلە يوسۇنى تەربىيەنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى، ئەنئەنىۋى يوسۇن بىلەن ھازىرقى زامان ئەخلاقىنى ئورگانىك بىرلەشتۇرۇشى كېرەك. ئاتا بولغان كىشى ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە تەلىم ـ تەربىيەنى ياخشى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەزىلەتلىك ياكى پەزىلەتسىز، ئادەمدىن ئۈستۈن ئادەم، ئادەمدىن پەس ئادەم قىلىپ يارىتىدىغىنى ئەمەلىيەتتە تەڭرى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىكى سىر ئادەم ئەخلاقىنىڭ قانداق ئىپادىلىنىشىدە كۆرۈلىدۇ.

3. ئاتىلارنىڭ بالىلارغا مەردانىلىق، ھەقىقىيلىقىنى سۆزلەپ، خىيانەتكارلىق، قىزىل كۆزلۈكتىن نېرى تۇرۇپ، ناچار ئىدىيە ـ ئەخلاققا قارشى تۇرىدىغان ئېسىل پەزىلەتنى ئۆگىتىشى ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم مەنبەسى.

4.ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، بولۇپمۇ، ئاتىنىڭ كەڭ قورساق بولۇشى ماھىيەتتە بالىلارنىڭ ئەيۇچان، باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىپ توغرا يولغا باشلايدىغان مەزمۇت ئادەم بولۇپ چىقىشتىكى يەنە بىر پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بالىلار ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدۇكى، قىزىققان، كۆكەمە بولمايدۇ.

5. ئاتا بالىلىرى ئالدىدا راستچىل، سەمىمىي بولۇشى، ئۆزى

قىلالايدىغان، قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى، قو-لىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ۋەدە بەرمەسلىكى كېرەك. بۇنداق شارائىتتا تەربىيەلەنگەن بالىلار راستچىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈپلا قالماي، ئائىلىسىگە باشقىچە تەلەپ قويۇشتەك ناچار ئىللەتلەردىن ساقلىنالايدۇ. «يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنۇش»تا ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىشنى بىلىدۇ. بۇنداق بالىلار كەلگۈسىدە ھەقىقىي ئادەمىيلىك خىسلىتىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

## بالا تەربىيەسىدە مۇھىم بولغان ئۈچ ئامىل

نۆۋەتتە تەرەققىي قىلغان ئەللەردە بالىلارغا بولغان تەربىيەنىڭ ھامىلە ۋاقتىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمىز، كۆرۈۋاتىمىز. ئوقۇمۇشلۇق، مەسئۇلىيەتچان ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن بالا كەلگۈسىدىن، كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتتىن، يېڭى بىر مۆۋەپپەقىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن بەلگىلىك بەدەل تۆلەش، ئاساس سېلىش كېرەك. رەڭدار، مەمۇرچىلىققا تولغان مۇھىت با-لىلارنىڭ خۇشال كەيپىيات ئىچىدە يېتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشى-شىنى ھازىرلىدى. مۇھىت زور تەسىر كۆرسىتىشچانلىققا ئىگە. ئۇ ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش، سېزىش ۋە باشقا سەزگۈلەر ئارقىلىق ئۇزۇكسىز تۈردە تۇيدۇرماي تەسىر كۆرسىتىدۇ. پاقا ياشاش مۇھى-تىغا قاراپ بىر قانچە خىل رەڭگە ئۆزگىرىپ، مۇھىتقا ماسلىشىش-چانلىقى ئارقىلىق تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. كەل-گۈسى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئۈمىدلەردىن دېرەك بېرىدىغان بالىلار ئۈچۈن قانداق مۇھىتنى يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك؟

بىرىنچى ئامىل كىشىلىك مۇناسىۋەت مۇھىتى. بۇ دېموكراتى-يە، باراۋەرلىك، سۆيۈش، ئىناقلىق، شادلىق، جىمجىتلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بالا ئائىلىنىڭ باراۋەر ئەزاسى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى بەك

46

ئەركە قىلىنىۋەتمەسلىكى، شۇنداقلا كۆڭۈل بۆلمەي تاشلىۋەتمەسلىكى كېرەك. بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ھەربىر ئىشنى مۇۋاپىق مىقداردا بۆلۈشۈپ قىلغاندا، ئائىلە خۇشاللىققا تولىدۇ؛ ھەربىر ئائىلە ئەزاسى ماختاشنى، باشقىلارنىڭ ئىپادىسىدىن مەمنۇن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ ئۆزئارا ھۆرمەت ئائىلىنى بەختىيار قىلىدۇ. ئائىلىدە ئائىلە يىغىلىشى، تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى، نومۇر ئورۇنلاش، تۇغقانلار، ھەمشىرىكلەر يىغىلىشى بولۇپ تۇرسا ئائىلە تۇرمۇشى تېخىمۇ ئېسىل مەنىلەرگە ئىگە بولىدۇ.

ئىككىنچى ئامىل ئەقىل ـ پاراسەت مۇھىتى. بۇ كۆپ خىل، سىستېمىلاشقان، پاكىز، ئەلا بولغان كىتاب ئوقۇش، مەسىلە سوراش، تۈرلۈك شەكىلدىكى مەشغۇلاتنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر بالىڭىزغا كۆيۈنسىڭىز، ئۇنىڭ كىچىك قىرائەتخانىسى، يېزىق ۋە ئويۇنچۇق ئۇستىلى، پەن ـ تېخنىكا يىغىلىقلىرىغا ئائىت «گۆھەر خالتىسى»، خەرىتە، گىلوبۇس، تەجرىبە قوراللىرى بولسۇن. بالىڭىزنى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك، دېڭىز ـ ئوكيان باغچىلىرىغا ئاپىرىڭ. مۇھىمى بالىڭىزنىڭ ياشاش مۇھىتى ئۆزگىچىلىككە، رەڭدارلىققا ئىگە بولسۇن، گۈزەل رەسىملەر، ئاجايىپ مەنزىرىلەر، ئېسىل كىتابچىلار ئەقلىي تەپەككۇرىنى قوزغاتسا، ئىلھاملاندۇرۇش مۇنبىرى بالىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى قىزغىنلىق ئۇنۇمىگە ئىگە قىلالايدۇ. ساغلام بەدەن ئۈچۈن بالىڭىزغا مۇۋاپىق چېنىقىش بوشلۇقى يارىتىپ بېرىڭ. ئەگەر بىر ئائىلە كىشىلىرى ھەمىشە كىتاب ئوقۇسا، ئۆزئارا مۇنازىرە ـ مۇتالىئە قىلىشسا، قول سېلىپ تەجرىبە ئىشلىسە، بالىڭىز ئۇزۇكسىز ئىلھاملاندۇرۇلسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بالىڭىزنى ئىككى ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن، مۇمكىن بولسا بالىڭىزنىڭ ئۆزىگە 20 مىنۇت ئەترا-

پىدا «تىنچ مۇھىت» ئاجرىتىپ بېرىڭ. بۇ ۋاقىتتا مەيلى سىز، مەيلى بالىڭىز بولسۇن، ھېچقانداق گەپ قىلماي ئۆز ئىشىڭلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ۋاقىت توشقاندىن كېيىن بالىڭىزنىڭ ئىپادىسگە ئاساسەن مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى بەرسىڭىز، ئىلھاملاندۇرسىڭىز، باھالىسىڭىز بولىدۇ.

ئۈچىنچى ئامىل ئىرادە مۇھىتى. بۇ يېتىپ - قوپۇش، تۇرمۇش رېتىمى، ئۆزىنى كونترول قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بالىڭىزدا رېتىملىق تۇرمۇش ئادىتىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ بەرسىڭىز ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، سائەت نەچچىدە ئۇخلاش، نەچچىدە ئورنىدىن تۇرۇش، كۈندە قاچان، قانچىلىك ۋاقىت بەدەن چېنىقتۇرۇش ... دېگەندەك. بۇ ئارقىلىق بالىڭىزدا بەلگىلىك ۋاقىت قارىشى، رېتىملىق تۇرمۇش ئادىتى، ساغلام بەدەن قاتارلىق ئامىللارنى ھازىرلىيالايسىز. شۇنداقلا يۈزىنى يۇيۇش، تاماق يېيىش، ئەمگەك قىلىش، تېلېۋىزور كۆرۈش ۋە باشقا تەرەپلەردە ئىمكان بار بالىڭىزنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە ئۆزى ھەيدەكچىلىك قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلەيسىز. ئۈچ ياشتىن ئاشقان بالىلارنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشىگە قارىتا تەكلىپ مۇنداق: ئاۋۋال بالىلار بىلەن ئاتا - ئانىلار مەسلىھەتلىشىپ تېلېۋىزور كۆرۈش ۋاقتىنى بېكىتىش، بالىلار پىروگراممىلىرىنى ئاساس قىلىش، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئاز ياكى كۆپ كۆرمەسلىك. ئۈچ ياشتىن كىچىك بالىلارغا نىسبەتەن ئەڭ مۇۋاپىق تېلېۋىزور كۆرۈش ۋاقتى 10 مىنۇت بولسا بولىدۇ، ئۈچ ياشتىن چوڭ بالىلارغا 20 ~ 30 مىنۇت ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. بالىڭىزنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا پۇلنى قانداق خەجلەش، قانداق تېجەش، قانداق بانكىغا قويۇشنى ئۆگەتسىڭىز ئۇنۇمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. بۇ چاغدا كىتاب سوۋغا قىلىش، ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىش قاتارلىق

شەكىللەردە ئىلھاملاندۇرسىڭىز بولىدۇ، بولسا باشقىلارغا قانداق ياردەم بېرىشىنىمۇ ئۆگىتىڭ.

## بالىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا مېڭە ئىشلىتىشكە يېتەكلەشتە تۆت نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك

بالىلىق دەۋر ـ بىلىم ئۆگىنىش ۋە ھاياتقا ئاساس سېلىشنىڭ مۇھىم مەزگىلى. بۇ دەۋردە بالىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا مېڭە ئىشلىتىشكە يېتەكلەش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. مېڭە ئىشلىتىشتە خالىغانچە ئىش كۆرۈشكە بولمايدۇ. بالىلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، چوڭ مېڭىنى ھەددىدىن زىيادە چارچىتىۋەتمەسلىككە ئەھمىيەت بېرىش، سوغۇق سۇ بىلەن يۈزىنى يۇيۇپ بالىلارنىڭ مېڭىسىنى سەگىتمەن دېمەسلىك كېرەك.

2. بالىلارنىڭ چوڭ مېڭىسى ئەتىگەندە سەگەك بولىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا ئۇندەش بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە، سالامەتلىكىگە پايدىلىق. بالىلارنى كېچىلىرى ئۇخلىماي تىكىلىپ ئولتۇرۇشقا ئۇندىمەسلىك كېرەك.

3. ئۆگىنىش مەزمۇنىنى تەڭشەپ، بالىلارنىڭ چوڭ مېڭىسىنى دەم ئالدۇرۇش كېرەك.

4. بالىلاردا رېتىملىق تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، بولۇشىغا ئوينىشىغىمۇ قويۇپ بەرمەسلىك كېرەك.

## بالا تەربىيەسىدىكى بەش يېڭى قاراش

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئائىلە قۇرۇلمىسىدىمۇ

بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر بولماقتا. بۇرۇنقى ئۆز دادا، ئۆز ئانا ۋە بىر تۇغقاندىن تەشكىل تاپىدىغان ئائىلىدىن ھازىر ئۆز دادا ياكى ئۆز ئانىسى بار ئائىلە، ئۆگەي ئانا ياكى ئۆگەي دادىسى بار ئائىلە، بالىسى يوق ئائىلە بولۇپ شەكىللەنمەكتە. تەشۇقات ۋاستىلىرى بۇنداق ئائىلىلەرگە «مۇكەممەل بولمىغان ئائىلە» دەپ تەبىر بېرىپ، بۇنداق ئائىلىنىڭ بالىلىرىدا مەسىلە كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئامال بار ئاتا ـ ئانىلارنى ئاجراشماسلىققا ئۈندىمەكتە.

بىراق، مەسىلە بار بالىلار تەتقىقاتىدا «مۇكەممەل ئائىلە» دەپ قارالغان ئائىلىلەردىمۇ زوراۋانلىق كۆرۈلسە، ئوخشاشلا بالىلاردا مەسىلە كۆرۈلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

مەسىلە بار بالىلار دېگىنىمىز پسىخىكىلىق ھالىتى، ئەخلاقى، ساپاسى ۋە قىلمىش سادىر قىلىش ئادەتلىرى ئادەتتىكى نورمال بالىلارنىڭ ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغان بالىلارغا قارىتىلغان. ئۇنداقتا «مۇكەممەل بولمىغان ئائىلە» دەپ قارالغان ئائىلىلەر تەربىيەسىدە قايسى جەھەتلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

1. ئالدى بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ «بۇنداق ئائىلىنىڭ بالىلىرىدا مەسىلە كۆرۈلىدۇ» دېگەن قاراشنى تۈگىتىش، بالىلاردا ئۆگەي ئانىلارنىڭ چۆچەكلەردە بەلگىلىنىپ قالغان ناچار ئوبرازىنى يوقىتىش كېرەك. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق ئائىلىلەر مەۋجۇت، ھەتتا كۆپىيىۋاتىدۇ، شۇنداق ئىكەن، بىز ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ساغلام، مۇكەممەل چوڭ بولۇشىغا يول ئېچىپ، ئامال بار مەسىلە بار بالىلارنى ئازايتىشىمىز كېرەك.

2. بالىلاردىكى مەسىلىنىڭ نېگىزى ئاتا ـ ئانىسى بىرىشكە تېگىشلىك مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولۇق ئېرىشەلمەسلىكىدە. شۇڭا مەيلى ئاجراشقان ياكى بىر تەرەپ تۈگەپ كەتكەن ئائىلە بولسۇن، ئائىلە ئەھۋالىغا ئاساسەن، بالىلار ئېرىشىشكە تېگىشلىك مېھىر ـ

مۇھەببەتكە خىيانەت قىلماسلىقى كېرەك. ئاجرىشىپ كەتكەنلەر بولسا، بالىنى ئالمىغان تەرەپ چوقۇم بالىغا كۆيۈنۈش، بالىغا بولغان مەسئۇلىيىتىدىن ۋاز كەچمەسلىكى، بالىنى ئالغان تەرەپمۇ شەخسىي ئۆچمەنلىكنى دەپ بالىنى قارشى تەرەپكە كۆرسەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك.

3. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پسىخىكىسى ساغلام بولۇشى كېرەك. پاسسىپ كەيپىيات يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش بولىدۇ، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار ئامال بار تۇرمۇشقا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنىڭ پسىخىكىسىنى تەڭشەپ، پاسسىپ كەيپىياتنىڭ بالىغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىشى ۋە ئائىلە مۇھىتىنى نورماللىقتۇرۇپ قويىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

4. «بالىنى دەپ قايتا نىكاھلانمىدىم» دەپ قاراش توغرا ئەمەس. بالىنى دېسە چوقۇم قايتا نىكاھلىنىش كېرەك. پەرزەنت تەربىيەسىدە پەقەت قايتا نىكاھ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ، شۇنىڭغا ماس ئۇسۇل قوللىنىشقا دىققەت قىلسىلا، بۇمۇ بالىلارنىڭ ساغلام يېتىلىشىدە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

5. بالىلاردا ئىشەنچ تۇرغۇزۇش كېرەك. ئايرىم ئائىلىلەردىكى بالىلاردا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش پسىخىكىسى كۈچلۈك بولۇپ، باشقا بالىلارغا قارىغاندا، ئۆزىدە بىر نەرسە كەمدەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئامال بار ئۇلاردىكى بۇ خىل تۇيغۇنى يوقىتىپ، بالىغا ئىشەنچ ئاتا قىلىش، ھەرگىزمۇ «راست، بۇ بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز» دەپ ناتوغرا كەيپىيات ئىچىگە باشلاپ كىرمەسلىك كېرەك.

ئومۇمەن «مۇكەممەل بولمىغان ئائىلە» دىمۇ ساغلام بالىلار تەربىيەلىنىپ چىقىۋاتىدۇ. «مەسىلە بار بالىلار مۇشۇنداق ئائىلىدىن چىقىدۇ» دەپ قاراش ھەرگىز توغرا ئەمەس. مۇشۇنداق تۇيغۇدا تۇرۇۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى كېرەك، پەقەت بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلسىلا، بالىلار ياخشى

تەربىيەلىنىشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

## بالا تەربىيەلەشكە پايدىلىق بەش خىل ئۇسۇل

1. بالىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئىچىدە چوڭ قىلسا، ئۆزىگە ئىشىنىشنى ئۆگىنەلەيدۇ.
2. بالىلارنى ماختاش ئىچىدە چوڭ قىلسا، نەتىجە قازىنىشنى ئۆگىنەلەيدۇ.
3. بالىلارنى باراۋەرلىك ئىچىدە چوڭ قىلسا، ئادىللىقنى ئۆگىنەلەيدۇ.
4. بالىلارنى مۇكاپاتلاش ئىچىدە چوڭ قىلسا، ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنەلەيدۇ.
5. بالىلارنى چىدام ـ غەيرەت ئاستىدا چوڭ قىلسا، سەۋر ـ تاقەتنى ئۆگىنەلەيدۇ.



## ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان يەتتە ئىللەت

1. تەلەپ كۆپ، غەمخورلۇق ئاز بولۇش ئىللىتى.
2. ماددىي قىممەتكە ئەھمىيەت بېرىش كۆپ، روھىي ھالەتكە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز بولۇش ئىللىتى.
3. سىرتتىكى پائالىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئائىلە ئىچى مۇلازىمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز بولۇش ئىللىتى.
4. ئەر ـ ئايال ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، بالىلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئاز بولۇش ئىللىتى.
5. يۇقىرى ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزى ۋە ئائىلىسىنى زىننەتلەش كۆپ، مەنىۋى قۇرۇلمىسىنى زىننەتلەش ئاز بولۇش ئىللىتى.

6. بىر بولسا بالىلارنىڭ ئالدىدا ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىش، بىر بولسا كارى بولماسلىق ئىللىتى.

7. بالىلار تەربىيەسىنى جەمئىيەت ۋە مەكتەپكىلا ئارتىپ قو ـ يۇپ، بالىلار تەربىيەسىدىكى مەجبۇرىيىتى بىلەن كارى بولماسلىق ئىللىتى.

## بالا تەربىيەلەشكە زىيان سالىدىغان يەتتە ئىللەت

1. بالىلارنى ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە چوڭ قىلسا، ئۆزىنى كەم ـ سىتىدىغان بولۇۋالىدۇ.

2. بالىلارنى ئۇرۇش ـ جېدەل ئىچىدە چوڭ قىلسا، ھىيلىگەر ـ لىكنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

3. بالىلارنى ئاغرىنىش ئىچىدە چوڭ قىلسا، باشقىلارنى ئەيىب ـ لەيدىغان بولۇۋالىدۇ.



4. بالىلارنى بەك ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلسا، ھەسەتخور بولۇپ قالىدۇ.

5. بالىلارنى مېھىر ـ مۇھەببەتسىز تۇرمۇشتا چوڭ قىلسا، باشقىلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇۋالىدۇ.

6. بالىلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ چوڭ قىلسا، مىجەزى چۇس بولۇپ قالىدۇ.

7. بالىلارنى زېرىكىش ئىچىدە چوڭ قىلسا، غېرىبسىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

## بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا يەتتە خىل تەربىيەگە موھتاج

1. تىل تەربىيەسى؛ 2. بىلىم تەربىيەسى؛ 3. ئاڭ تەربىيەسى؛ 4. پەزىلەت تەربىيەسى؛ 5. ئۆسۈپ ـ يېتىلىش تەربىيەسى؛ 6. ئىدىيە

تەربىيەسى؛ 7. مىجەز ـ خاراكتېر تەربىيەسى.

## بالىلارنى ئەتراپلىق تەربىيەلەشنىڭ سەككىز تۈرلۈك ئۇسۇلى

1. ھېكايە سۆزلەپ بېرىش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرغىلى، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.
2. شېئىر ئوقۇپ بېرىش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرغىلى، ساغلام ئەخلاق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.
3. ئويۇن ئوينىتىش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ زېھنىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى، بىلىمنى بېيىتقىلى بولىدۇ.
4. سوئال سوراش ۋە كۆپ سوئال سوراشقا رىغبەتلەندۈرۈش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئاشۇرغىلى، مول بىلىمگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.
5. بىۋاسىتە كۆزىتىش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئەمەلىي بۇيۇملارنى پەرقلەندۈرۈشكە، ئويلىنىشىغا، ئىشلىتىشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.
6. ئويۇن قويغۇزۇش. بۇ ئارقىلىق بالىلارغا ئوخشىمىغان روللارنى ئالغۇزۇپ، قىزىقىشىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.
7. دوراتقۇزۇش. بۇ ئارقىلىق بالىلارنى چوڭلارنىڭ مەلۇم ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگەتكىلى، تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ.
8. مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش. بۇ ئارقىلىق بالىلاردا توغرا ـ خاتا، ھەق ـ ناھەق قارىشىنى تۇرغۇزغىلى، رىقابەت، تۆھپە يارىتىش، نەتىجە قازىنىش ئېڭىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

## بالا تەربىيەلەشتىكى ئون پەرز

1. تېتىقسىز سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك. «ئەخمەق، ساراڭ،

دۆت، كالۋا...» دەپ تىللىماسلىق.

2. هاقارەت قىلماسلىق. «هارام تاماق، نان قېپى، يارىماس...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلماسلىق.

3. ئارتۇقچە ئەيىبلىمەسلىك. «ئەسكى، بىغەرەز، شۇم...» دې-گەندەك سۆزلەرنى قىلماسلىق.

4. بېسىم ئىشلەتمەسلىك. «ئاغزىڭنى يۇم، نېمە دېسەم شۇنى قىل...» دەپ ئەركىنلىكىنى بوغماسلىق.

5. مەجبۇرلىماسلىق. «يە، ئىچ، جىم تۇر، مەن بولمايدۇ دېگەن-دىكىن بولمايدۇ» دېمەسلىك.

6. تەهدىت سالماسلىق. «يەنە شۇنداق قىلىپ باقە، بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن، ئەمدى سېنىڭ بىلەن كارىم يوق، نېمە قىلساڭ قىل...» دەپ قورقۇتماسلىق.

7. ئاغرىنماسلىق. «سەندىن تولىمۇ زېرىكتىم، سەندىن تولىمۇ رەنجىدىم....» دېمەسلىك.

55

8. يېلىنماسلىق. «سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بىزنى ئايىغىن...» دېمەسلىك.

9. پارا بەرمەسلىك. «بۇنى يېسەڭ ئۇنى ئېلىپ بېرىمەن، يۈز نومۇر ئالساڭ ئۇنى ئېلىپ بېرىمەن...» دېمەسلىك.

10. مەسخىرە قىلماسلىق. «قالتىسكەنسەنغۇ، تايىنلىقكەنسەن-غۇ، هالىڭغا ۋاي...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلماسلىق.

## باللارنى ساغلام تەربىيەلەشتىكى زىيانلىق ئون ئىش

1. باللارنىڭ يۈزىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرۈش، تىرنىقىنى بوياش.

2. باللارغا مارجان، هالقا، ئۈزۈك تاقاش.

3. باللارغا تار كىيىم، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيدۈرۈش.

4. باللارنىڭ چېچىنى بۈدۈر قىلىش، غەيرىي پاسوندا ياساپ

قويۇش.
5. باللارغا پارچە ـ پۇرات پۇللارنى بېرىش، ئۇششاق ـ چۇش ـ شەك يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش.
6. باللارغا ئويۇنچۇق ۋە پۇل بېرىپ گەپ ئاڭلىتىش.
7. باللارنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلىتىش.
8. باللار بىلەن قىمار خاراكتېرلىك ئويۇنلارنى ئويناش.
9. خۇراپاتلىققا چوقۇندۇرۇش.
10. ئىش قەغىزى ۋە ھېسابات دەپتىرىگە ئوخشاش بۇيۇملارنى باللارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىش.

## باللار تەربىيەسىدە ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئون سەۋەنلىك

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ تۇنجى ئۇستازى، بالىنىڭ تەقدىرىگە ئەڭ ئاۋۋال كۆڭۈل بۆلگۈچى. ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇپ يېتىلىپ، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن باللارغا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇش جەر ـ يانىدا تەربىيە ئۇسۇلىغا دىققەت قىلمىسا، بالىدىن كۈتكەن ئۈمىدى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

1. ھەددىدىن زىيادە ماختاش. بەك كۆپ ماختاش بالىنى چۈشەپ قويۇش بىلەن بىللە، بالىغا روھىي جەھەتتىن يۇك بولۇپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمىغاندا بالىدا ناھايىتى ئوڭايلا ئوڭۇشسىزلىق پسخىكىسى پەيدا بولۇپ، روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىنى ھەمىشە «بەك ئەقىللىك» دەپ ماختىسىمۇ، ئىمتىھان نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قال ـ سا، تاپا ـ تەنە قىلىپ تىللىسا ياكى ئۇرسا، بالىدا ئۆزىنى ئەيىب ـ لەش، تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى كۈچىيىپ كېتىپ، ئىشەنچىسىنى

56

يوقىتىپ قويىدۇ. بالىلارنى ئىلھاملاندۇرۇشتىكى توغرا ئۇسۇل شۇكى، كونكرېت ئىشلاردا ماختاپ تۇرۇش، بالا بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، «مەن ساڭا ئىشىنىمەن، سەن ئۇ ئىشنى چوقۇم قىلالايسەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش، بالا غەلىبە قازانغاندا بولسا، «قارا، سەن بۇ ئىشنى شۇنداق ياخشى قىلدىڭ، قالتىسكەنسەن» دېيىش كېرەك. لېكىن مۇئەييەنلەشتۇرگەندە ۋە ئىلھام بەرگەندە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ماختاشتىن ساقلىنىش كېرەك.

2. كۆپ سوئال سوراش: نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا بالىسى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن توختىماي سوئال سوراپ زېرىكتۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن، «بۈگۈن مۇئەللىم سەندىن سوئال سورىدىمۇ؟»، «ماتېماتىكا دەرسىدە سوئاللارغا جاۋاب بېرەلىدىڭمۇ؟»، «كىملەر بىلەن بىللە ئوينىدىڭ؟...» دېگەندەك. بۇنداق سوئاللار بەزىدە بالىنىڭ كۆڭلىگە ياقماي بىزار بولۇش ۋە قارشىلىشىشنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ كۈندۈزدە مەكتەپتە بولىدىغان ۋاقتى ئۇزۇنراق بولۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆگىنىش قىلىش داۋامىدا چارچايدۇ. شۇڭا بالا ئۆيگە قايتىپ كېلىشىگىلا، ئۇنىڭدىن مەكتەپتە نېمە ئۆگەنگەنلىكىنى سورىماي، ئازراق ئارام ئېلىۋېلىشى ياكى ئوينىۋېلىشىغا يول قويۇش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ جىسمانىي كۈچى ئەسلىگە كېلىپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.



3. كۆپ بۇيرۇق قىلىش: «تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلە!»، «تېلېۋىزورنى ئۆچۈر!»، «كىيىمىڭنى پاسكىنا قىلىۋەتمە!» گە ئوخشاش بۇيرۇقلار بالىدا ئوڭايلا «ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سېلىۋالىدىغان» قاشاڭلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تەشەببۇسكارلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا بالا ئۆز ئىقتىدارىنى تۆۋەن مۆلچەرلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بالىنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا بولغان ئىشەنچىسى ئاجىزلاپ، مەڭگۈ چوڭ بولالمايدىغان-

دەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ئىش قىلىشىغا يول قويۇشى كېرەك.

4. زىيادە قاتتىق تەلەپ قويۇش: بالىلارنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى چەكلىك بولغاچقا، يا ئۇنداق، يا مۇنداق يېتەرسىزلىكلەرنى سادىر قىلىپ تۇرىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىغا بەك قاتتىق تەلەپ قويۇۋالسا، بالىنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تېگىپ قويىدۇ. بالىنى مەلۇم نەرسىنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى سەۋىيەسى بىلەن ئۆگەنمەكچى بولغان نەرسە پەرقىنىڭ بەك چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە بالىلار ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردا زېرىكىش ياكى قارشىلىشىش كەيپىياتى شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئائىلە تەربىيەسىدە ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك جەھەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ھەمدە ئۆگەنمەكچى بولغان بىلىمنىڭ ئەمەلىي مىقدارىنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ، مۇۋاپىق تەربىيە مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى تاللىشى، بالا مەلۇم ئىشنى قىلالماي مەغلۇپ بولغاندا، ئۇنى دادىللىق بىلەن قايتا سىناپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى يول ۋە ئىمكانىيەتلەرنى ھازىرلاپ بېرىش كېرەك.

بىز بالىلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە يول قويۇشىمىز، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلاردا مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلگەندە بېلىنى قويۇۋەتمەيدىغان، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

5. كۆپ ئەيىبلەش، يەنى ۋارقىرىش، تىللاش، مەسخىرە قىلىش. بالىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا ۋە بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندا، «ئىمتىھاننى قانداق بەرگىنىڭ بۇ؟ دۆت، قاباقباش!»، «مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمامسەن كالۋا!» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەش بالىدا ئاسانلا ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، قورقۇش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىدۇ. بالىلار ئوڭۇشسىز -

لىققا ئۇچرىغاندا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەسەللى بېرىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشىغا بەكمۇ موھتاج. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان چاغدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، قوبۇل قىلىپ، قەيەردە يىقىلغان بولسا شۇ يەردە ئورنىدىن تۇرۇشىغا مەدەت بېرىشى، نامۇۋاپىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئەيىبلەشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

بالىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز ھەم ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى ئويلىسىڭىز، بالىغا ئالدىراپ ئاچچىقلانماڭ ياكى ئالدى بىلەن نېمىگە ئاچچىقلانماقچى بولغانلىقىڭىزنى ئويدان ئويلاپ، كەيپىياتنى ياخشىلايدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىڭ. بالىنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىگە نىسبەتەن زىيادە قاتتىق قوللۇق قىلماي، مۇلايىملىق بىلەن تەربىيە بېرىپ، بالىغا قىلغان ئىشىنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى سوغۇققانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.



بالىلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقماسلىق، بالىلار خاتالىقىنى تونۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇش، بالىنىڭ يۈرەكلىك ھالدا خاتالىقىنى تۈزىتىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش، شۇ ئاساستا يېتەكلەش ئېلىپ بارسا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالمايدۇ، بالىمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

6. ئۆز بالىسى بىلەن باشقا بالىلارنى سېلىشتۇرۇش. ھەممە بالىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى ۋە ئاجىزلىقى بولىدۇ. لېكىن كۆپىنچە ئاتا ـ ئانىلار بۇ نۇقتىغا سەل قارايدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ بالىسى قىلالىغاننى مېنىڭ بالامىمۇ قىلالىشى كېرەك دەپ قاراپ، بالىسىغا ئوخشاش ئۆلچەمدە تەلەپ قويۇپ بېسىم ئىشلىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىدا نارازىلىق ۋە ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا بالىسىنى باش-

قىلارنىڭ بالىسى بىلەن سىلىشتۇرۇپ، «سەن نىمىشقا پالانچىدەك بولالمايسەن» دەپ تاپا ـ تەنە قىلىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەيىبلەشلەر بالىنىڭ باشقا ياشتىكى بالىلارغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىدا پەرق بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى قوبۇل قىلىپ، ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆزىتىپ، بايقاشقا ماھىر بولۇپ، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان ئۇسۇل ۋە چارىلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاجىز نۇقتىلىرىنى تۈگىتىشىگە ياردەم بېرىشى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، بالىلارنى باشقىلارنىڭ بالىسى بىلەن سېلىشتۇرماي، كۆپرەك بۇرۇنقى ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.

7. بالىنىڭ گېپىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىماسلىق، ئۇلارنىڭ تەلپىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك. بالىنىڭ گېپىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىماسلىق ـ ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى بوغۇش بىلەن باراۋەر. بالىلارنىڭ تەپەككۇرى بوغۇلسا، تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان، ئويلىغانلىرىنى ئىپادىلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ بالا تەربىيەسىدىكى چوڭ خاتالىق. غەربلىكلەردە «ھەيران قېلىش ـ تەتقىقاتنىڭ ئاتىسى، ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئانىسى» دەيدىغان گەپ بار. بالىلارنىڭ قىزىقىشى ئەقلىي تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھېسابلىنىدۇ. قىزىقىش بالىلارنىڭ ئىلىم ـ پەننىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ھەم يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بالىلار مۇستەقىللىقىنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ نۇرغۇن نەرسىلەرگە يولۇقىدۇ ھەم كۈچلۈك ھەيرانلىق ھېسسىياتى بىلەن بايقىغان ھەرقانداق نەرسىنى چۈشەنمەكچى بولىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى، ئىجادىي تەپەككۇرىنىڭ بىخ سۇرگەنلىكىدۇر. بالىلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىنى كۆز قارىچۇقىدەك

مىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، ئۇلارنى قوللىشىمىز، ئىلھام بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئويلىنىپ جاۋاب بېرىشىمىز، كەلسە ـ كەلمەس تەنقىد قىلماسلىقىمىز كېرەك.

بەزىدە بالىنىڭ دەۋاتقىنى خام خىيال بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىلار ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىشى، ئۇنى بالىنىڭ رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىغا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىشى كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاتا ـ ئانىلار يەنە بالىلار بىلەن سىردىشىشقا، ئۇلارنىڭ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى، بالىنىڭ مەسىلىلەرنى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشى، تەسەۋۋۇرنى كېڭەيتىشىگە ياردەم ۋە ئىلھام بېرىشى، ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىشى، رەسىم سىزىشقا يېتەكلىشى كېرەك.

8. بالا بىلەن بىللە بولۇشقا ۋاقىت چىقارماسلىق. بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار خىزمەت، تىجارەتتىكى ئالدىراشلىقى، تۇرمۇشتىكى خاتىرجەمسىزلىكى تۈپەيلىدىن بالىلىرى بىلەن ئانچە كارى بولمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، نېمىنى ئويلاپ، نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئىمكان بار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ بالىلىرىنى سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ سەيلە قىلدۇرۇپ، تەبىئەت بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇپ، بالىلارنىڭ تۇغما ئەقلىي تالانتىنى قېزىشى، ئەتراپتىكى شەيئىلەرگە قارىتا قىزىقىش پەيدا قىلىشى كېرەك. بالىلار بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇپ بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرگىلى بولىدۇ. شۇڭا مۇۋاپىق ۋاقىت، مۇۋاپىق ئورۇن، مۇۋاپىق پۇرسەتتە بالىلارنى ئۆزى ئويلاشقا، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەشكە، ئۆزى تەجرىبە قىلىشقا، ئۆزى ئىزدىنىشكە، ئويلىغانلىرىنى ئىپادىلەشكە ۋە ئىقتىدارىنى يۇكسەلدۇرۇشكە رىغبەتلەندۇرۇشىمىز، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

9. بالىنى ھەددىدىن زىيادە ئاسراش. ھەرقانداق ئاتا - ئانا ئۇ-
چۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇنيادا ئۆز بالىسىدىن «تاتلىق» نەرسە بول-
مايدۇ. ئەمما بەزى ئاتا - ئانا تەربىيەلەشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلىنى
بىلمىگەنلىكتىن، بالىغا بولغان ئامراقلىقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋې-
تىدۇ. زىيادە ئامراقلىق ۋە ئورۇنسىز ئاسراش بالىلارنىڭ پسىخىك
جەھەتتە ساغلام يېتىلەلمەسلىكىگە سەۋەبچى بولۇپ، ئۇلارنى ئەمە-
لىي چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەق-
قىياتىغا ئەگىشىپ يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەر بارغانسېرى كۆ-
پەيمەكتە. يالغۇز بالا ئائىلىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە
كۆيۈنۈشى، چوڭلارنىڭ ئاسرىشى، قەدىرلىشى بىلەن چوڭ بولغاچ-
قا، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى بارغانسېرى ئاجىزلاپ
كېتىۋاتىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ ھەممە ئىشىنى قىلىپ بېرى-
شىپ، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، ئۆزۈكسىز تىرىشىش ۋە سىناپ
بېقىش ئارزۇسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، بالىلارنى ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆ-
زى قىلىش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىپ قويماقتا. بۇ
ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكۈ-
زۈپلا قالماي، ئىقتىدار ھازىرلايدىغان ۋاقتىنىمۇ كەينىگە چېكىن-
دۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق تىپىك مىساللار ئەتراپىمىزدىمۇ ئاز ئە-
مەس. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى-
نىڭ ئۆزىنىڭ كىيىمىنى يۇيالماسلىقى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ
3 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى
ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىمۇ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىدەك ئەھۋاللار
ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بالىنى ئاسراش ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە بالا ئۆزىنى يارامسىز
ھېس قىلىدۇ. ئاتا - ئانا بالىنىڭ تۇرمۇشىنى دائىم ئۆزى باشقۇر-
سا ياكى توغرا - خاتانى ئايرىماي بالىنىڭ قارارىنى ئىنكار قىلسا،
بالا پەزىلىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بالىلار
قۇربى يېتىدىغان يېنىك ئىشلارنى قىزىقارلىق ئويۇندەك بىلىپ

قىلىشقا يېتەكلەنسە، ۋاقىت ئۇزارغانچە ئۇلارغا ئەمگەكنىڭ كىشى- لىك ھاياتتىكى مۇھىم رولىنى بىلدۈرگىلى، ئىرادىسىنى تاۋلاپ، تەدرىجىي ھالدا مۇستەقىل ياشاش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار كۆپ خىل پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇ- رۇش ئارقىلىق، بالىلارنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى چې- نىقتۇرۇشى، «بالىلار ئۆزلىرى ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىشلارنى ئۆزى/قىلىشى كېرەك» دېگەن پىرىنسىپنى ئېسىدە چىڭ ساقلى- شى، بالىلارنىڭ كاللىسىدىكى «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىدىيەنى ئۆچۈرۈپ تاشلىشى كېرەك.

10. بالىنىڭ دوستلىشىشىنى توسۇش. ئۇزۇن مۇددەت تەنھا يۈرۈش بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا پايدىسىز. بىر قىسىم ئاتا - ئانا بالىلىرىنىڭ دوستلىرى بىلەن ئويناپ ئارازلىشىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. ئۇلار بالىلارنىڭ ياشاش قابىلىيىتىنىڭ دەل ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا تولۇقلىنىدىغانلىقى- نى بىلمەيدۇ. ئاتا - ئانىلاردىكى ھەممىگە چات كېرىۋالىدىغان ئەھۋال كۆپەيگەنسېرى، بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە دۇچ كېلىدىغان قى- يىنچىلىقنى يېڭىش ئىقتىدارىمۇ شۇنچە ئاجىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا يېتەكلەپ ھەم ئۇلارغا باشقىلار بىلەن دوستلىشىش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىشنى ئۆگىتىپ، شاد - خۇرام كەيپىياتنى ساقلايدىغان قىلىپ تەربىيەلىشى كېرەك.

بالىلىق دەۋردىكى ئەقىل - پاراسەتنىڭ تەرەققىياتى ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بۇنداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەڭ كىچىك ئىشتىن باشلاپ با- لىلارنىڭ ئۇتۇق قازىنىش تۇيغۇسى، غەلىبە قىلىش تۇيغۇسى، ئۆ- زىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشى، ئەقىل - پاراسەت جە- ھەتتىكى ئىقتىدارىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېچىشى، ياراملىق ئادەم قىلىپ

تەربىيەلىشى، مەغلۇبىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىشى كېرەك.

**بالىلارنى ئەقىللىك قىلىپ تەربىيەلەشتىكى ئون چارە**

1. بالىلارنىڭ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشقا بولغان غەيرىتىنى ۋە ئىشەنچىنى يېتىلدۈرۈش.

2. بالىنىڭ قورقۇنچاق بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى تىللىماسلىق، قورقۇتماسلىق.

3. بالىنىڭ يېڭىچە مۇددىئالىرى، تەسەۋۋۇرلىرى ۋە تۈرلۈك نەرسىلەرگە بولغان قىزىقىشلىرىغا قارىتا رىغبەتلەندۈرۈش، قوللاش پوزىتسىيەسىدە بولۇش.

4. بالىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش.

5. بالىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىش ۋە سوئال سوراشقا يېتەكلەش.

6. بالىنىڭ ھەرقانداق سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، ئىچكى دۇنياسىنى بىلىش، ئالغا ئىلگىرىلەشكە پايدىلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ يېتەكلەش.

7. بالىنى بىلىپ بولغان شەيئىلەردىلا توختىتىپ قويماي، ئۇ-نىڭ يېڭى شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىنى، ئىزدىنىشىنى قوللاش.

8. بالا ئۆز ـ ئۆزىنى ھۆرمەتلەپ، ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشنى بىلگەندە، شەيئىلەرگە نىسبەتەن كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇلارغا مۇستەقىل پائالىيەت قىلىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش.

9. بالا كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتناشقاندا باشقىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا سازاۋەر بولىدىغان مۇھىت ھازىرلاپ بېرىش.

10. بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەربىيەلىنىشىدە ئاتا ـ ئا-

نىلار سۈيىيكتىپ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلماسلىق، بالىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش، بالىنى ھۆرمەتلەش، بالىنى تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە ئالغا يېتەكلەش.

## تالانتلىق بالىلارنىڭ 12 تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى

1. زېھنىي كۈچى ئالاھىدە ئۆرغۈپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ مەلۇم ئويۇنغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ.

2. قىزىقىشى ئالاھىدە كۈچلۈك بولىدۇ، ئۆچرىغان ھەربىر ئىشنى سوراپلا تۇرىدۇ.

3. ئىش قىلغاندا ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ قىلىدۇ.

4. كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا بەك دىققەت قىلىدۇ.

5. نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشقا ئامراق ھەم ئۇلارنى تۈرگە ئايرىپ ساقلىيالايدۇ.

6. سۆزلىگەندە گەپ - سۆزلىرى جايىدا، سۆز - جۈملىلىرىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشىمۇ ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ.

7. يېزىقى بار ئويۇنچۇق، رەسىملىك كىتابلارنى ئويناشنى، مەنداش سۆز، قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تېپىشنى، ئاڭلىغان ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

8. كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

9. تەسەۋۋۇر كۈچى مول بولىدۇ.

10. يۈمۈرىستىك تۇيغۇ بالدۇر يېتىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچرىغاندا قايتۇرما زەربە بېرىشكە ماھىر كېلىدۇ.

11. ياش جەھەتتە ئۆزىدىن چوڭ بالىلار بىلەن ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئويۇنچۇقلىرى بىلەن ئويناشنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

12. كىچىكىدىنلا سان ساناشنى بىلىدۇ. سائەت، كالىندارغا ئوخشاش سان بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ.

## بالا تەربىيەسىدىكى 12 خىرىس

بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرەك پارىسى، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بالىنىڭ كەلگۈسىدە بىكار تەلەپ، لايغەزەل بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاتا ـ ئانا يوق. قانداق قىلغاندا بالىلارنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلىگىلى بولىدۇ؟ ئامېرىكىنىڭ گېزىتچىلىك ساھەسىدىكى مەخسۇس ئىستون يازغۇچىسى «قانداق قىلغاندا يارامسىز بالا تەربىيەلەپ چىققىلى بولىدۇ» ناملىق ماقالە يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 12 تۈرلۈك سەۋەبنى مىسالغا ئالغان. ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. بالىڭىز بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپلا نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى ئېلىپ بېرىڭ.

2. ئۇ سەت گەپ قىلغاندا توسماڭ، بۇنىڭدا ئۇنىڭ تىل قابىلىيىتى تېز ئاشىدۇ ـ دە، ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن جېنىڭىزنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدۇ.

3. بالىڭىزغا روھىي جەھەتتىن« ئازار بەرمەي» دېسىڭىز، خاتالىق ئۆتكۈزگەندە بىلمەسكە سېلىڭ. شۇندىلا ئۇ كەلگۈسىدە ئوغرىلىق قىلىپ ياكى باشقا سەۋەبلەردىن قولغا ئېلىنغاندا، ھەممە ئادەم ئۆزى بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقاندەك، ئۆزىنى بولسا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇپ قالغاندەك ئويلايدۇ.

4. بالىڭىزغا مەڭگۈ ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بارماڭ، ئۇ ئۆز مەيلىچە چوڭ بولسۇن، ئىشلارنى ئۆزى بىلگىنىچە بەلگىلىسۇن.

5. بالىڭىز قالايمىقان تاشلىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى سىز كەينىدىن تېرىپ يۈرۈڭ، بۇ ئۇنىڭدا بارلىق مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرىدۇ.

6. بالىڭىز قانداق كىتابنى كۆرسە ئارىلاشماڭ، كاللىسى قاز-

چىلىك ئەخلەتكە تولۇپ كەتسىمۇ كارىڭىز بولمىسۇن.

7. ئەر ـ خوتۇنلار گەپ تالىشىپ قالغاندا سەت گەپلەر بىلەن تىللىشىڭلار، بالاڭلارنىڭ يېنىڭلاردا بار ـ يوقلۇقى بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن.

8. بالىڭىز پارچە پۇل سورىسا كۆڭلىنى قايتۇرماڭ، ئۆزى ئەمـگەك قىلىپ پۇل تاپمىسۇن، پۇل ئىقتىساتمۇ قىلمىسۇن.

9. بالىڭىزنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا نېـمە يەيمەن دېسە، نېمە ئىچىمەن دېسە مۇۋاپىق بولسا ئېلىپ بېرىڭ.

10. بالىڭىز قوشنا ـ قۇلۇملار، ساۋاقداشلىرى ياكى ساقچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندا، ئىككىلەنمەستىن بالىڭىز تەرەپتە تۇـرۇڭ، بالىڭىز ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئادالەتـسىزلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن.

11. بالىڭىز سىرتتا چاتاق تېرىپ قويغاندا، ئۇنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ «مەن بالىغا ئەزەلدىن ئامال قىلالمايتتىم، مۇشۇ گېپىمنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈم سورىغانلىق دەپ بىلسەڭلار بولىدۇ» دەڭ.

12. بالىڭىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئەندىشە قىـلىشقا، قايغۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇڭ، چۈنكى سىز يارامسىز ۋە پىچاق ئاتىدىغان بالىدىن بىرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيەلەپ چىقتىڭىز.

### بالىلار بىلەن بولغان پىكىر ئىختىلاپىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ 12 خىل مىزانى

1. بالىڭىزنى ئىمكانقەدەر قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىڭ.
2. بالىڭىزنى ھەرگىز ھاياتىڭىزنىڭ داۋامى دەپ تونۇۋالماڭ.
3. ئۆزىڭىزنىڭ خۇش بولۇش، بولماسلىقىنى بالىڭىزدىن كۆرمەڭ.
4. بالىڭىزنىڭ خىسلىتى، غايىسى، قىزىقىشىنى جەزمەن مېـ

نىڭكى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىماڭ.
5. بالىڭىزنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماڭ.
6. ئۆز تۇيغۇڭىزغا ئىشىنىڭ.
7. پىكرىڭلار بىر يەردىن چىقمىغاندا ئىمكانقەدەر يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تىرىشىڭ.
8. بالىڭىزغا گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنى يۈكلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىڭىزگە ئەگىشىشكە قىستىماڭ.
9. خەتەر كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەھۋالدا، مەجبۇرلاش تۇسىنى ئالغان ۋاسىتىلەر كارغا كەلمىسە، بالىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ نۇـ پۇزىنى ئىشلىتىپ باشقۇرسىڭىز بولىدۇ.
10. بالىڭىز بىلەن چۈشىنىش، ئىشىنىش، ئىززەتلەش پوزىتسىيەسىدە تۇرۇپ سىردىشىڭ.
11. زۆرۈر تېپىلغاندا ئائىلىڭىزدىكى قائىدە، قىممەت قارىشىنى قايتىدىن مۇۋاپىق تەڭشەڭ.
12. ئۆزىڭىز ھەل قىلىپ كېتەلمەيدىغان مەسىلىلەرنى چوقۇم كەسىپ ئەھلىگە تايىنىپ ھەل قىلىڭ.

### ئامېرىكىلىقلار 17 جەھەتتە ئالاھىدىلىكى بار بالىلارنى مۇنەۋۋەر بالا دەپ قارايدۇ

1. بەلگىلىك ماھارەت ۋە بىلىمى بار ھەم بۇ بىلىم، ماھارەتلىـ رىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، يولۇققان كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بالىلار.
2. زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان، دىققىتى ئوڭايلىقچە چېـ چىلىپ كەتمەيدىغان، ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەلۇم مەسىـ لىنى ھەل قىلالايدىغان بالىلار.
3. ئۆگىنىشتە، مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلىشتا ۋە تاپشۇرۇق

ئىشلەشتە ئالدىدا ماڭغان باللار.
4. كۆچلۈك قەتئىيلىككە ئىگە، ئۆزى بەلگىلىگەن نىشانغا يەت-مىگىچە بولدى قىلمايدىغان باللار.
5. ئىنكاسى تېز، ئاسان ئىلھاملىنىدىغان، چوڭلارنىڭ پىكىر - تەكلىپى ۋە سوئاللىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان باللار.
6. زېھنى ئۆتكۈر، مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش جەريانىدا ئۆز - ئۆزىنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان ھەم يېڭى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان، ھەم بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرىلىشەلەيدىغان باللار.
7. بىرقەدەر مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھەم مۇنازىرىلىشىشكە ئامراق باللار.
8. زېرەك، چېچەن، كۈچلۈك كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە باللار.
9. سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىشكە ماھىر باللار.

69

10. پىكرى جانلىق، بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى ۋاقتىدا چۆرۈپ تاشلاپ، باشقىلارنىڭ توغرا نۇقتىئىنەزىرى بويىچە مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان باللار.
11. پىكرى ئۇچقۇق، كۆپ، چوڭقۇر ئۇقۇملارنى ئىگىلەشكە ما-ھىر باللار.
12. ئىجادچانلىققا ئىگە، يېڭىچە ياكى ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان باللار.
13. تەپەككۇرغا باي، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان باللار.
14. ئاددىي ئۇقۇملارنى بىرقەدەر چوڭقۇر، كەڭ دائىرىدە كې-ڭەيتەلەيدىغان باللار.
15. قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، ھەر خىل ئىلىم ۋە پائالىيەت-لەرگە قىزىقىدىغان باللار.
16. كۆپچىلىككە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھەر خىل كوللېكتىپ پا-

ئالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى خالايدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بالىلار.

17. كەيپىياتى تۇراقلىق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشالايدىغان بالىلار.

## بالا تەربىيەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاتا ـ ئانىنىڭ 18 تۈرلۈك پرىنسىپى

1. ئۆز كەيپىياتىنى كونترول قىلىش.
2. بالىلارغا كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش.
3. قاتمال ئۇسۇل ـ چارىلەردىن ئۆزىنى تارتىش.
4. قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، مۇكاپاتلاش ـ جازالاشنى يولغا قويۇش.
5. بالىنىڭ يۈزىنى قىلىش.
6. يۇمۇرىستىك بولۇش.
7. بالىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىش.
8. بالا خاتالىق ئۆتكۈزگەندە ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش.
9. مۇكاپاتلاش ـ جازالاشقا توغرا مۇئامىلە قىلىش.
10. بالىنىڭ قىممەت قارىشى تىكلىشىگە ياردەم بېرىش.
11. بالىنى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئۈندەش.
12. بالىغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇش.
13. بالىنىڭ تەپەككۇرىغا ھۆرمەت قىلىش.
14. بالىدا ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى قوزغاش.
15. بالىنىڭ ئۆز مەخپىيىتىنى ساقلاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش.
16. بالىنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئېڭىنىڭ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىش.
17. زۆرۈر تېپىلسا بالىدىن ئەپۇ سوراش.
18. بالىغا ئۆزىنى كەچۈرۈشنى ئۆگىتىش.

**باللاردا روھىي بىسىم پەيدا قىلىدىغان 20 تۈرلۈك سەۋەب**

1. ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىش.
2. تۇيۇقسىز ھادىسىگە ئۇچراپ مېيىپ بولۇپ قېلىش.
3. سىنىپ كۆچەلمەسلىك.
4. ئاتا ـ ئانىسى دائىم جېدەل ـ ماجىرا قىلىش، ئاجرىشىپ كېتىش.
5. باشقىلار بىر نەرسىسىنى ئېلىۋېلىش.
6. سۆزلىگەندە ھودۇقۇپ قالىمەنمىكىن دەپ گۇمانلىنىش.
7. نەتىجىسى توساتتىنلا بەك يۇقىرى بولۇپ كېتىش.
8. مەكتەپ مۇدىرى ياكى سىنىپ مۇدىرى ئايرىم سۆزلىشىش.
9. كېسەللىك سەۋەبىدىن ئوپېراتسىيە قىلىنىش.
10. يولدىن ئېزىپ قېلىش.
11. ساۋاقداشلىرىنىڭ مازاق قىلىشىغا ئۇچراش.
12. قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈش.
13. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىك، نەتىجىسى تاسادىپىي تۆۋەن بولۇپ قېلىش.
14. كوللېكتىپ پائالىيەتلەردە ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قېلىش.
15. مۇسابىقىلەردە يېڭىلىپ قېلىش.
16. تەكشۈرۈشنامە يېزىشقا دۇچ كېلىش.
17. ئاتا ـ ئانىسى كېيىنكى باللىرى بىلەن بولۇپ كېتىش.
18. ئائىلىدە باراۋەر مۇئامىلىدە قارالماسلىق.
19. دوستلىرى يۈز ئۆرۈپ كېتىش.
20. باشقىلار پۇل، خەجلىگەندە بويۇن قىسىپ قېلىش.



**باللاردىكى بالدۇر مۇھەببەتلىشىشنىڭ توققۇز تۈرلۈك بەلگىسى**

باللار مۇھەببەتلىشىشنى ئويلىغاندا ياكى مۇھەببەتلەشكەندە

ئۇلاردا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار روشەن ئىپادىلىنىدۇ:

1. بالا تۇرۇپلا ناھايىتى ياسانچۇق، كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، دائىم ئەينەككە ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ قارايدىغان، ئاتا - ئانىسىدىن مودا كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان، كىيىم كىيگەندە «ياراشتىمۇ؟» دەپ سورايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

2. ئەسلىدە ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى باللارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى تۇيۇقسىزلا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، دەرس ۋاقتىدا، تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە دىققىتى چېچىلىدۇ، ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەسلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

3. تېتىك ۋە ھەرىكەتچان بالا تۇرۇپلا جىمغۇرلىشىپ قالىدۇ، بەزىدە بىرەر ئىشنى قىلىۋېتىپ توختاپ قالىدۇ، ئاتا - ئانىسى بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىمايدۇ، خاتىرجەمسىز كۆرۈنىدۇ، بىر يەردە ئولتۇرسا ئىچى تىتىلدايدۇ، سەۋرسىز بولىدۇ، ئائىلىدىكىلەرگە بولغان پوزىتسىيەسى قوپاللىشىدۇ.

4. جىم ئولتۇرالمايدۇ، قولى ئىشقا بارمايدۇ، ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ - كىرىشلىرى كۆپىيىپ قالىدۇ، دائىم سەۋەب كۆرسىتىدۇ، بەزىدە يالغان ئېيتىدۇ، بەزىدە ئۆيگە خۇشال كىرسە، بەزىدە دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، ھەتتا تاماقمۇ يېمەي يېتىۋالىدۇ.

5. مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئايرىم ئۆيگە كىرىۋېلىپ ياكى بىر بۇلۇڭغا بېرىۋېلىپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھاڭۋېقىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

6. كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى تېز، بەزىدە خۇشال بولۇپ كۈلكىسى جىقلاپ كەتسە، بەزىدە غەمكىنلىشىپ گېپىمۇ يوق سولىشىپ قالىدۇ.

7. مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن كىتاب، كىنو ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرۈشكە ئادەتتىن تاشقىرى قىزىقىدۇ.

8. ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئىشلارنى سۈرۈشتە

قىلىشقا قىزىقىدۇ، ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ، بولۇپمۇ قىز - ئو-
غۇللارنىڭ مۇھەببەتلىشىش ۋەقەلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

9. ئاتا - ئانىسىدىن يوشۇرۇن خەت يازىدۇ، خاتىرە دەپتەرلىد-
رىگە مەنىسى بار شەرتلىك بەلگىلەرنى سىزىپ قويىدۇ. مەخپىي
خاتىرە تۇتۇپ ئايرىم ئىشلارنى خاتىرىلەيدۇ. مۇھەببەت، ياشلىق
ھەققىدىكى سۆزلەرنى خاتىرە قالدۇرۇشقا قىزىقىدۇ.

باللاردا يۇقىرىقىدەك مۇھەببەتلىشىشنىڭ سىگنالللىرى كۆ-
رۈلگەن ھامان ئاتا - ئانىلار بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماستىن
ھوشيار بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئې-
لىشى ۋە ئۇنى تىزگىنلىشى لازىم.

## بىر ئاتىنىڭ تەربىيە خېتى

ئوغلۇم، قەلبىم روشەن بولسۇن دېسەڭ، بىلىم ئال، غۇرۇرۇڭ-
نى قوغدا، ۋىجدانىڭغا چاڭ قوندۇرما، ئۆز قەدىر - قىممىتىڭنى،
ئىززەت - ھۆرمىتىڭنى تېگى - تەكتىدىن تونۇپ يەت.

ئىرادەڭ مۇستەھكەم بولسۇن، ئىرادىسى ئاجىز ئادەم ھەر قا-
چان، ھەرزامان باشقىلاردىن شەپقەت كۈتۈش، رىزىق تەمە قىلىش
بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ، ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنى ئۆزى تېپىپ يېيەل-
مەيدۇ. ئېسىڭدە تۇت، مەيدانى مۇستەھكەم بولمىغان ئادەم بىر ئۆ-
مۈر بەختسىزلىك، مەغلۇبىيەت ئىچىدە يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ يا-
شايدۇ. ئىشەنچ بولسا ئادەملەر ئۇچۇن مەنىۋى تۈۋرۈك!

ئېسىڭدە تۇت، ئوغلۇم، روھ مەغلۇبىيىتى - ئادىمىيلىكنىڭ
مەغلۇبىيىتىدۇر!

ئۇنتۇما ئوغلۇم، ھاياتلىق دۇنيادىن مېھرىنى ئۈزمەيدۇ، ئۆلۈم
ھاياتلىقتىن كۆزىنى يۇمالمايدۇ، ھايات مانا مۇشۇنداق داۋاملىشى-
دۇ. ئەخلاقنى ياشاش ئۆلچىمى قىلغۇچىلار ھەر جەھەتتىن غەلىبە
قىلغۇچىلاردۇر، چۈنكى ئەخلاق - پاكىزلىق، پاكىزلىق ئىنسانلارنى

يۈكسەكلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەستە تۇت، ئوغلۇم، ئۆزىنى بىلگەنلەر شەرەپ قۇچۇپ، ئۆزىنى بىلمىگەنلەر ھالاكەتكە چۆكۈپ ياشايدۇ. ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى چۈشىنىش بارلىق بىلىش ھەم چۈشىنىشلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسى. شۇنى بىل ئوغلۇم، ئادەملەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتى گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىدە. بېشىڭغا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق توپىلى چۈشكۈنلەشىپ كەتمە، ئىرادىلىك بول، ھايات تومەن مىڭ قىسمەتلەر، مۇشەققەتلەر ئىچىدە تاۋلىنىپ، تۇرمۇش ئەلگەكلىرىدە مىڭ تاسقىلىپ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار قىممىتىنى يارىتىدۇ.

بىل ئوغلۇم، ھەسەت قىلىشتىن يىراق تۇر، ئۇ خۇددى بىر پارازىت قۇرتقا ئوخشايدۇ. پۇشايمان — كېچىككەن دەرس!

ئوغلۇم، سەن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى تونۇغان چېغىڭدا، روھىي قۇللۇقتىن قۇتۇلىسەن. ئېشەنمىسەڭ قۇلاق سال، ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مۇنۇ سادالارغا:

— ئويغان!...

— ئويلان!!...

— ياشا!!!...

ئادىمىلىك، ئادىللىق، ئىنسانىي تەپەككۇر ئادەمنىڭ روھىنى مەڭگۈ لاۋۇلدىتىپ تۇرىدىغان ئېنېرگىيە. ئوغلۇم، بىلىمسىزلىك ئىنساننىڭ بوينىغا سېلىنغان سىرتماق، پۇت ـ قولىغا سېلىنغان كويزا ـ كىشەن، بۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولمايمەن دېسەڭ مەڭگۇ ئۆگەن!

ياشاي دېسەڭ پالاكەتتىن يىراق،

بولمىغىن نادان بىلەن، قاچ تېزراق.

ئوغلۇم، ئادەم ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ھۆرمەتلىيەلەيدىغان بولسا، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق چاغدا قەدىرلىنىدۇ. پەخەس بول ئوغلۇم، جىسمانىي جەھەتتىكى قۇللۇقتىن روھىي جەھەتتىكى قۇللۇق تولىمۇ ئېچىنىشلىق، تولىمۇ پاجىئەلىكتۇر. ساغلام روھ، ساغلام ئىدىيە، ئۆزىدىن ھالقىغان ئىرادىگە ئىگە ھەرقانداق ئىنسان

مۇكەممەل ئىنساندۇر.

ئوغلۇم، ئېسىڭدە تۇت، ئانا ۋەتەن، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ئانا تۇپراققا بېغىشلانغان سۆيگۈدىن مۇقەددەس سۆيگۈ يوق. ئادەمنىڭ ئانا ۋەتىنىگە، ياغرىنى يېقىپ چوڭ بولغان ئانا تۇپرىقىغا بولغان سۆيگۈسى مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

ئېسىڭدىن چىقارما ئوغلۇم، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالمىغان، مۇكەممەل كۆز قاراش يېتىلدۈرەلمىگەن ئادەم بىر ئۆمۈر بەختسىزلىك ئىچىدە ياشايدۇ.

سۆزگە قارا، كۆزگە قارىماي،

ياشاي دېسەڭ زىيانمۇ تارتماي.

نادانلىق ئادەمنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارسا، بىلىمسىزلىك مەھكۇملۇقتا قالدۇرىدۇ.

ئوغلۇم، روھىنى ئىلىم نۇرى بىلەن سۇغارغان كىشىلەرلا نادانلىقتىن، ھەر خىل چاكىنا ئىللەتلەردىن خالىي بولىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى قۇتۇلدۇرمىغانلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ. ئادىمىلىكىڭنى جۇلالاندۇرۇشۇڭ، قەدىر - قىممىتىڭنى نامايان قىلىشىڭ ئۆز تىرىشچانلىقىڭغا، تىنىمسىز ئىزدىنىشىڭگە، بىلىم قۇرۇلماڭنى ئۈزۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇشۇڭغا باغلىق. شۇڭا سەن ھەر ۋاقىت روھىڭنى پاك تۇت، ئىرادەڭنى بوشاشتۇرما، ئىشەنچەڭنى يوقاتما، ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرىڭگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىش! كۈرەش قىل!!...

ئوغلۇم، خۇشامەتچى ئىت مىجەز كېلىدۇ، كىم ئالدىغا سۆڭەك تاشلاپ، قۇلىقىغا داپ چېلىپ بەرسە، ئەركىلەپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ غىڭشىيدۇ. ئادەمگە قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، سۆڭەك غاجاپ، يالاق يالايدىغان ئىت ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق خورلۇق، رەسۋالىق بولمايدۇ.

پۇلنى دەپ ئۇنتۇما ئەلنى، قاياشنى،

ساتمىغىن ۋىجداننى، دوستنى، ئاداشنى.

دۇنيادا ئادەمدەك ياشىماق قىيىن،
بىلگەنلەر دانادۇر قانداق ياشاشنى.

ئېسىڭدە بولسۇن، ئوغلۇم، نادانلىق ئىنسان پېسخىكىسىدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق، خەتەرلىك ئۆسمە، قورقۇنچلۇق باكتېرىيە. ئېسىڭدە تۇت، سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ يەڭگۈچى، ئوغلۇم!

ۋاقىت قولدىن كەتمىسە، بەخت قولدىن كەتمەيدۇ. ئېسىڭدە بولسۇن، ئادەمنى تۆت نەرسە گۈزەل قىلىدۇ: 1. ئەقىل؛ 2. ئېتىقاد؛ 3. هايا؛ 4. ياخشى خىسلەت. هەسرەت، ئۆكۈنۈش چۆلىدە ئۆزۈمنى قىينىماي ياشاي دېسەڭ، خىياللىرىڭنى ئۆزۈڭدە يوق نەرسىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈۋالما، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ بىلەن رېئاللىق تەتۈر تاناسىپ بولۇپ قالمىسۇن.

ئوغلۇم، ئەركەكلىكتە نۇرغۇنلىغان نەرسىنى يوقىتىپ قويسا بولىدۇ، لېكىن غۇرۇرنى، ئېتىقادنى يوقىتىپ قويسا بولمايدۇ. مەنىۋى جەھەتتىكى گادايلىق ئادەمنى روهىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، زەئىپلەشتۈرىدۇ، شۇڭا سەن قورسىقىڭنى ئاچ قويساڭ قويغىنىكى، مەنىۋىتىڭنى ئاچ قويما. چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك، ۋاپادارلىق ئادەملەرنىڭ گۈل تاجى! سەن باشقىلاردىن ۋاپا تەلەپ قىلغان ئىكەنسەن، ئاۋۋال ئۆزۈڭدە ۋاپانى هازىرلا، قەلبىڭنى ۋاپا بىلەن تولدۇر.

ئوغلۇم، بىلىمسىزلىك ئادەم روهىنى يالىڭاچلاپ، سويغان پىيازدەك قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، سەن داۋاملىق ئۆگەن! ئېسىڭدە تۇت، نەتىجىدىن جەريان مۇهىم، جەريان بولماي نەتىجە بولمايدۇ، لېكىن نەتىجە بولمايمۇ جەريان بولۇۋېرىدۇ.

مەڭگۈ ئۆلمەيمەن دېسەڭ، خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئال. 100 سائەت خىيال سۈرگىنىڭدىن بىر دەقىقە تەپەككۇر قىلغىنىڭ مىڭ ئەۋزەل. ئوغلۇم، ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىشنى بىلمىسەڭ، ۋاقىتنىڭ سىرتىدا بىر ئۆمۈر خارلىنىسەن. پەخەس بول، بىلىمسىزلىكنىڭ بالىياتقۇسىدا «قۇللۇق»تىن ئىبارەت «تۆرەلمە» يېتىلىدۇ.

پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغۇچىلار — ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتكۈچىلەردۇر.

ئاناڭنى يىغلاتما — پەرىشتە يىغلىمىسۇن، داداڭنى يىغلاتما — كائىنات يىغلىمىسۇن، ئۆلارنىڭ ئاققان ياشلىرى سېنى يۇتۇپ كەتمىسۇن. ئېسىڭدە بولسۇن ئوغلۇم، سەۋەبسىز نەتىجە بولمايدۇ، بەدەلسىز نەتىجىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. ئوغلۇم، ئاڭلا، ئېسىڭدە ساقلا، ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان ئىنسان مۇھەببەت - نەپرەتنى ئېنىق، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيالايدىغان، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەيدىغان ئىنساندۇر، ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان ئىنسان ئادىمىيلىككە داغ چۈشۈرىدىغان ئەڭ ناباب ئىنساندۇر.

سەن ئادەمدەك ياشايمەن دەيدىكەنسەن، ئۆزۈڭگە «ھالال — ھەقدىقىي»، «ئىنساب — پاكىز، ساپ» دېگەن سۆزنى ئۆلچەم قىلغىن! ھاياتقا يېڭى سوئال قويۇشتىن قورقساڭ، ياشايمەن دەپ ئاۋارە بولما. ياشىغان ئىكەنسەن، قىممەت يارىتىپ ياشا، بۇ قىممەت چىن ئەقىدە، چىن ئىخلاسىڭدىن كېلىدۇ.

77

## ئانىنىڭ بالىسىغا ئېيتقان سەككىز يالغان سۆزى

كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات بىر بالا دائىم تويىغۇدەك تاماق يېيەلمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئانىسى قاچىسىدىكى تاماقنى بالىسىغا بۆلۈپ بېرىپ «بالام تېز يېگىن، مېنىڭ قورسىقىم ئاچمىدى» دەيتتى. مانا بۇ — ئانىنىڭ بىرىنچى يالغان سۆزى.

ئوغلى ئۆسۈپ - يېتىلىۋاتقان چاغدا، جاپاكەش ئانا ئارام ئالغان كۈنلىرىدە بالىسىغا كالتسىي تولۇقلاش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى دەريادىن بېلىق تۇتۇپ كېلەتتى، بېلىق بەكمۇ يېيىشلىك، شورپىسىمۇ تەملىك ئىدى. بالىسى بېلىقلارنى يەۋاتقاندا، ئانا بىر چەتتە ئولتۇرۇپ بېلىقنىڭ سۆڭەكلىرىنى غاجىلايتتى. ئوغلىنىڭ ئىچى ئاغرىپ قاچىسىدىكى بېلىق گۆشىنى ئانىسىنىڭ قاچىسىغا سېلىپ

بەرگەندە، ئانا ئۇنى يېمەي بالىسىنىڭ چىنىسىگە قايتا سېلىپ «بالام تېز يېگىن، مەن بېلىق يېيىشنى ياخشى كۆرمەيمەن» دەيتـ ـتى. مانا بۇ ــ ئانىنىڭ ئىككىنچى يالغان سۆزى.

بالا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، تىككۈچىلىك قىلىـ ـدىغان ئانا بالىسىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى غەملەش ئۈچۈن، ئاھا ـ لىلەر كومىتېتىغا بېرىپ سەرەڭگە قېپى ئەكېلىپ، كەچلىرى ئۇ ـ نى چاپلاپ ياساپ نەچچە تىيىن بولسىمۇ پۇل تېپىپ ئائىلىسىنى قامدايتتى. قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئوغلى بېرىم كېچىدە ئويغىـ ـنىپ كېتىپ، ئانىسىنىڭ جىنچىراغ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ سەرەڭگە قېپىنى چاپلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئوغلى: «ئانا بولدى ئۇخلاڭ، ئەتە سەھەردە يەنە ئىشقا بارىسىز» دېگەندە، ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ: «بالام ئۇخلاۋەرگىن، مېنىڭ ئۇيقۇم كەلمىدى» دېدى. مانا بۇ ــ ئانىنىڭ ئۈچىنچى يالغان سۆزى.

بالا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھا ـ نىغا قاتنىشىۋاتقاندا، ئانا ئوغلىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن خوجايىنـ ـدىن رۇخسەت سوراپ، ئىمتىھان مەيدانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئانا تومۇز ئىسسىقتا ئۇدا بىرنەچچە سائەتلەپ تۇردى. ئىمتىھاندىن چىـ ـقىش قوڭغۇرىقى چېلىنغاندا، ئانا قېنىق دەملەنگەن بىر قاچا چايـ ـنى ئوغلىنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇ چايغا چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت سىڭدۈرۈلگەنىدى. ئوغلى ئانىسىنىڭ قۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەن لېۋى ۋە تەرگە چۆمگەن چېھرىگە قاراپ، قولىدىكى چاينى ئانىغا ئۇزاتتى. بۇ چاغدا ئانا: «بالام، تېز ئىچىۋال، مەن ئۇسسىمىـ ـدىم» دېدى. مانا بۇ ــ ئانىنىڭ تۆتىنچى يالغان سۆزى.

دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن بالىنىڭ ئانىسى بالىغا ھەم ئاتا، ھەم ئانا ئىدى. ئانا تىككۈچىلىكتىن تاپقان ئازغىنە پۇلى بىلەن بالىنى ئوقۇتۇپ، جاپالىق تۇرمۇش كەچۈردى. كوچا دوقمۇشىدا سائەت رېـ ـمونت قىلىدىغان ئۇستام بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىغا ياردەم قىلىپ، كۆمۈر ۋە سۇ ـ

لىرىنى ئەكىرىشىپ، ئازراق پۇل ۋە ئاشلىق بېرىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىپ تۇردى. قوشنىلار ئانىغا ئۇ كىشىنى سايە قىلىپ، بۇنداق جاپا تارتقۇچە توي قىلىۋېلىشىنى دېدى. لېكىن ئانا ئۇزۇن يىلغىچە قايتا ياتلىق بولمىدى، باشقىلار قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلغاندا، ئانا: «مەن ئۇنى ياقتۇرمايمەن» دېدى. مانا بۇ — ئانىنىڭ بەشىنچى يالغان سۆزى.

بالا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، ئىشسىز قالغان ئانا يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا كىچىك بىر يايما ئېچىپ تۇرمۇش كەچۈردى. سىرتلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان بالا ئانىغا دائىم پۇل ئەۋەتىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئانا بالىسىنىڭ پۇلىنى ئالماي قايتۇرۇۋېتىپ: «پۇلۇم بار» دېدى. مانا بۇ — ئانىنىڭ ئالتىنچى يالغان سۆزى.

بالا مەكتەپ پۈتكۈزۈپ ئىككى يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. كېيىن ئىمتىھان بېرىش ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى بىر داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىندى. بالا ئامېرىكىدا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ مائاشى يۇقىرى، شارائىتى ياخشى بىر تەتقىقات ئورگىنىدا ئىشلەپ قالدى. چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان بالا ئانىسىنى ئاپىرىۋېلىپ، تۇرمۇش راھىتىدىن ھۇزۇرلاندۇراي دېسە، ئانا بۇنىڭغا قوشۇلماي: «مەن ئۇ يەرگە كۆنەلمەيمەن» دېدى. مانا بۇ — ئانىنىڭ يەتتىنچى يالغان سۆزى .

ياشىنىپ قالغان ئانا ئاشقازان راكىغا گىرىپتار بولۇپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئۇ چېتىدە تۇرۇۋاتقان ئوغلى ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كەلگەن چاغدا ئوپېراتسىيەدىن چىققان ئانىنىڭ تىنىقى ئارانلا قالغانىدى. ئوغلى قاتتىق ئازابلاندى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى ئىختىيارسىز تۆكۈلمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا ئانا: «بالام يىغلىما، مېنىڭ ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى» دېدى. مانا بۇ — ئانىنىڭ سەككىزىنچى يالغان سۆزى.

## ئاتا ـ ئانىلار چېچەن «مەلىكە»لەرنى قانداق يېتىشتۈرۈشى كېرەك

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ۋە خەلق داستانلىرىدا دائىم پادىشاھ، ۋەزىرلەرنىڭ تولىمۇ ئەقىللىك، ھۆسن ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەن، دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ، پادىشاھنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغاندا ئۇنۇملۇك چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، شاھنى، دۆلەتنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇۋالىدىغان «چېچەن مەلىكە»لەر ناھايىتى كۆپ تەسۋىرلىنىدۇ. «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىمۇ خانىشنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن مەخسۇس قىز ـ ئاياللارنى ئۆلتۈرىدىغان قانخور پادىشاھنى ھەر كېچىسى ئاجايىپ ـ غارايىپ، قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق ياۋۇز پەيلىدىن ياندۇرۇپ، قىز ـ ئاياللارنىڭ ۋاپادارلىرىنىڭمۇ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى تونۇتۇپ قويغان ۋەزىرنىڭ قىزى شەھرىزاتمۇ ئەنە شۇنداق «چېچەن مەلىكە»لەرنىڭ جۇملىسىگە كىرىدۇ. بۇ يەردە بىر نەرسە ئېنىقكى، ئاشۇ «چېچەن مەلىكە»لەر قەدىمدە پادىشاھ، ۋەزىر ياكى كاتتا بايلارنىڭ قىزلىرى بولغاچقىلا ئەقىللىك، چېچەن بولۇپ قالمىغان، بەلكى ئۇلار ئۆز قابىلىيىتىنى ناھايىتى ھالقىلىق پەيتلەردە نامايان قىلغانلىقىدىن بولغان، ئاشۇ «چېچەن مەلىكە»لەر قانداق يېتىلگەن؟ ئۇلار نېمىشقا شۇنچە ئەقىللىك ۋە تەدبىرلىك؟ قەدىمكى دەۋرلەردە ھەر خىل ئىجتىمائىي چەكلىمىلەر سەۋەبىدىن پەقەت پادىشاھ، ۋەزىر، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار، بايلار ۋە قول ـ ئىلكىدە بارلارنىڭ قىزلىرىلا بىرقەدەر مۇنتىزىم تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغان. شۇڭا، ئىش تەۋرىتەلەيدىغان، قەيسەر، بىلىملىك، تەدبىرلىك چېچەن قىزلار مانا مۇشۇ يۇقىرى تەبىقىدىن يېتىلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولغاچقا، ئۆزىنى كۆرسىتىش پۇرسىتى بولغان.

شۇڭا، ئۇلارنىڭ نامىنىڭ تارقىلىشى، تىللاردا داستان بولۇشى، خەلق داستانلىرىغا ئايلىنىشى، چۆچەك قىلىپ ئېيتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ پادىشاھلىرى قىزلىرىنى كىچىكىدىن تەربىيەلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. خانىشنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقى بىلىنگەن ھامان ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانلارنى كۆپەيتىپ، تەجرىبىلىك ئاياللارنى ئەتراپىغا جەملىگەن، خانىشنىڭ ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى ئوزۇقلىنىش، ئارام ئېلىش، سەيلە ــ ساياھەت قىلىش، ئۇخلاش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ھامىلىنىڭ ساغلام، تولۇق يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغان.

بالا ئۆز قەرەلىدە تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇل بولسا ئوغۇلغا لايىق، قىز بولسا قىزغا لايىق تەربىيىلىگەن. ئاندىن بىلىملىك، تەجرىبىلىك، كۆيۈمچان ئىنىكئانىلارغا تەربىيەلەشكە بەرگەن. بۇ خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكى مۇنتىزىم يەسلى تەربىيەسىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كىچىك مەلىكىنىڭ تىلى چىققاندىن باشلاپ ھەر خىل قائىدە ــ يوسۇن تەربىيەسى ئالىدۇ، ئۆرپ ــ ئادەتلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرىدۇ، ئوردا قائىدە ــ تۈزۈملىرىنى ئۆگىنىدۇ. تۆت ــ بەش يېشىدىن باشلاپ مەخسۇس تەربىيەچىسىدىن ئىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە شۇڭغۇشقا باشلايدۇ. چۆچەكلەردە دائىم «مەلىكە ئون ئىككى يېشىغىچە ھەر خىل ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ ئەلەم ۋە قەلەمدە كامالەتكە يېتىپتۇ» دېگەن جۈملىلەرنى كۆرىسىز. بۇ دەل ياخشى تەلىم ــ تەربىيەنى، يەنە كېلىپ قەلەمدىلا يېتىلىپ قالماي، بەلكى ئەلەم (لەشكىرىي ئىلىم)دىمۇ ئەتراپلىق تەربىيەلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلەم ۋە قەلەمدە يېتىلگەن مەلىكە يەنە ئوردا كۇتۇپخانىسى ۋە باشقا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئارقىلىق ئۆزى كەم دەپ ھېس قىلغان ئىلىملىرىنى تولۇقلاشقا، ئۆزىدە نىشان ــ غايە، ئىرادە، دۇنيا قاراش تۇرغۇزۇشقا باشلايدۇ، سەلتەنەت ئىشلىرىدا تەدبىر كۆرسىتىشنىڭ يوللىرىنى

ئۆگىنىدۇ ۋە نۆۋىتى كەلگەندە ئىشلىتىپ تۇرىدۇ. ئۇن سەككىز ياشقا كىرگۈچىلىك قەلەم ۋە ئەلەمدە تولۇق يېتىلىپ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۇستىدە چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە «چېچەن مەلىكە» مانا مۇشۇنداق يېتىلىدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «چېچەن مەلىكە»نى يېتىشتۈرۈش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس، بۇگۈنكى كۈندىمۇ دەل ئاشۇنداق «مەلىكە»لەر بىزدىمۇ ناھايىتى كۆپ يېتىشىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇنداق «مەلىكە»لەرنى يېتىشتۈرۈش شەرت ـ شارائىتى ناھايىتى ياخشى. گەپ ئۇنى قانداق تەتبىقلاشتا. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار نەمۇنىلەردىن ئۆرنەك ئېلىشقا ماھىر بولۇشى، تەتبىقلاشنى بىلىشى كېرەك.

## ياخشى بالىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مەخپىي رېتسېپى

«بالىمىز دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ئەقىللىق بالا» بۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسى توغرىسىدا دېيىشكە تېگىشلىك سۆزدۇر. بىر پسىخولوگىيە ئالىمى: «كىچىك بالىلارنىڭ زېھنى ئاپپاق قەغەزگە ئوخشايدۇ، ئۇ قەغەزگە نېمە يېزىلسا، بالا چوڭ بولۇپ شۇ قەغەزگە يېزىلغاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ياشايدۇ، ھەرقانداق كىچىك بالىنىڭ زېھنىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى جىسمانىي جەھەتتىن بولسۇن، ئۇنىڭ ياخشى يېتىلىشى ئاتا ـ ئانىسى بەرپا قىلغان مۇھىتنىڭ 80 پىرسەنت تەسىرىگە باغلىق بولىدۇ. ئانىنىڭ قۇچىقىمۇ بالىنىڭ تۇنجى مەكتىپى ھېسابلىنىدۇ.

ئانا بولغۇچى ئۆز بالىسىغا يېڭى تۇغۇلغان ۋاقتىتىن باشلاپ كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم، بالىسىغا مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن گەپ قىلىش لازىم، بالا ئانىسىغا جاۋاب بېرەلمىسىمۇ، كۈلۈش ياكى پۇت ـ قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق مۇھەببەت ئىزھار قىلالايدۇ.

بالىنىڭ زېھنىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپلىگەن نەرسىلەرنى كۆرسىتىڭ. بالا ئوخشىمىغان نەرسە، ئوخشىمىغان

رەڭلەرنى كۆرسە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئاشىدۇ. ئوخشىمىغان ئويۇنچۇقلارنى ئويناش ئارقىلىق كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. ئويۇنچۇق ئويناش بالىنىڭ هوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

بالىنى كىچىكىدىنلا يۇيۇنۇشقا ئادەتلەندۇرۇڭ. مەلۇم بىر كۈنى يۇيۇندۇرۇپ، پاكىز كىيىملەرنى كىيىندۇرۇشنى ئادەت قىلىۋېلىڭ، مۇشۇنداق قىلسىڭىز، بالىنىڭ تېز چوڭ بولۇشىغا، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق هەمدە بالىدا پاكىزلىققا ئەهمىيەت بېرىدىغان ئادەت پەيدا بولىدۇ. بالىنى باغچىگە ياكى گۈلزارلىق مەيدانغا ئاپىرىپ ئايلاندۇرۇڭ، يېشىللىق بالىلارنىڭ زېهنى ۋە جىسمانىي ساغلاملىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

بالىغا تىل چىقىپ سۆزلەشكە باشلىغاندا ئوخشىمىغان سۆزلەرنى ئۆگىتىپ سۆزلەشكە ئۈندەڭ. بالىنىڭ سۆز قىلىشنى ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىڭ، يېڭى - يېڭى، يېقىملىق سۆزلەرنى ئۆگىتىڭ، بالىنىڭ سىز ئۆگەتكەن سۆزلەرنى باشقىلار ئالدىدا سۆزلەيدىغانلىقىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.

83

بالا ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقى ۋە قانداق ئويۇننى ياقتۇرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ، ئۇنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا قارار چىقىرىشىڭىزدا بۇنىڭ پايدىسى بولىدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ئۇنىڭ نېمىگە هەۋەس قىلىشى، نېمىنى ياقتۇرۇشى، نېمىنى ئارزۇ قىلىشى، نېمىگە يۈزلىنىشىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇنىڭ قىزىقىشىدا مۇناسىپ يول ئۇچراپ قالسا، شۇ يولدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا شەك يوق.

بالىنىڭ سورىغان سوئالىغا سەل قارىماڭ، بالىلار سوئال سوراش ئارقىلىق ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئاشكارىلايدۇ، شۇڭا بالىنىڭ سوئالىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىڭ، جۈرئەتلىك بولۇشقا ئۈندەڭ، «ئاپىرىن، يارايسەن» دېگەن سۆزلەرنى كۆپ قىلىڭ.

بالىغا توغرا بىلەن خاتانىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈڭ. ئۇنىڭ ئال-

دىدا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەڭ، داۋاملىق ئۆزىڭىزنى ئىپسىل، ئا ـ لىيجاناب كۆرسىتىڭ، بالىڭىزغا ئۈلگە بولۇڭ، ھەتتاكى ئۇ سىز ماڭغان يولنى ئۆزلەشتۈرۈپ، شۇ يولدا مېڭىشتىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا بولسۇن.

بالىڭىزغا تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ. ئۇلۇغلارنىڭ ھاياتى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارنى، قىسسەلەرنى ئوقۇپ بېرىڭ، ئېسىل، ھېكمەتلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىڭ. ساۋاتى چىققاندا شۇ خىلدىكى كىتابلارنى ئەكېلىپ بېرىڭ.

بالىنى ھەرگىزمۇ بىرەر نەرسىدىن قورقۇتماڭ. ئۇنىڭ زېھنىگە بىر نەرسىدىن قورقۇش كېسىلىنى ئورناتماڭ، ئۇنى بىر باھادىر ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈڭ.

بالا ئالدىدا ۋارقىراپ گەپ قىلماڭ ۋە بالا بىلەن جېدەل ـ ما ـ جىرا قىلماڭ، ئۇنىڭدىن ئىمكان بار يىراق قىلىڭ. ئۇنداق بولماي ـ دىكەن، بالىنىڭ چۈشەنچىسىدە پىكرى چېچىلاڭغۇلۇق ئېشىپ كې ـ تىپ، ھاياتقا بولغان تونۇشى چۈشكۈنلىشىدۇ.

بالا بىرەر ياخشى ئىشنى قىلسا، ئۇنى جۈرئەتلىك قىلىش ئۇ ـ چۇن«ئاپىرىن، يارايسەن» دەڭ، باشقىلارغا ئۇنىڭ ياخشى ئىش قىل ـ غانلىقىنى ماختاڭ، بۇ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ياخشى ئىش قىلىشىغا تىرىشىدىغان ئاساس.

بالىلارنى تەربىيەلەش ئانىنىڭ قۇچىقىدىكى ۋاقىتتىن باشلى ـ نىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قى ـ لىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغۇدەك ئېسىل بالىلارنى تەربىيەلەپ چىقالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك.

### ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلى

ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىلارنى ئېسىل پەزىلەتلىك ۋە خاراكتېر ـ لىك قىلىپ تەربىيەلەش، يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئۈلگە قىلىشقا بو ـ

لىدىغان ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلىرى بار. ئامېرىكىدا بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، رىقابەتلىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشى ھەم قابىللاردىن بولۇشى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىق قىلمايدۇ. كىچىكىدىنلا ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

ئۇلارنىڭ بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى مۇنداق مەزمۇنلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. بالىلاردا ياخشى پەزىلەت يېتىلدۈرىدۇ.

(1) بوۋاق بالىلارنى يالغۇز يېتىشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ھەمراھ بولمايدۇ.

(2) ياش ئاتا ـ ئانىلار سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنسۇن دەپ نەچچە ئايلىق بولغان بالىسىنى يالىڭاچلاپ سۇغا تاشلاپ قويىدۇ.

(3) بالا يىقىلىپ چۈشسە، ئۆزى قوپسۇن دەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كارى بولمايدۇ.

85

(4) ئاتا ـ ئانىلار نەچچە ياشلىق بالىلىرىنى قاچا يۇيۇش، يەر سۈپۈرۈش، كىر يۇيۇش قاتارلىق ئۆي ئىشلىرىغا سالىدۇ.

(5) بالىلار ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىدۇ.

(6) بالىلار ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى كۆرگەندە ئىككى مىنۇت تىكىلىپ تۇرىدۇ. دۆلەت مارشىنى ئاڭلىغاندا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئىچىدە دۆلەت مارشىنى ئوقۇيدۇ.

(7) ئائىلە ئىقتىسادى ياخشى بولسىمۇ، بالىلىرىنى ئىككى بەلگىگە تايىنىپ پۇل تېپىشقا، سۇغۇرتا ھەققى ياكى قىسمەن ئوقۇش راسخوتىنى ھەم باشقا خىراجەتلىرىنى ئۆزى ئىشلەپ تېپىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

(8) بالىلارنى چۈشتە ئۇخلاتمايدۇ.

(9) باي ئائىلە بالىسى بولسىمۇ، پۇل خەجلەشتە پىخسىق بولۇشقا يېتەكلىنىدۇ. باشقىلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشقاندىمۇ

مەردلىك قىلمايدۇ، مودا قوغلاشمايدۇ.

(10) چوڭلار ئادەتتە بالىلىرىغا مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرمەيدۇ.

2. بالىلارغا جەمئىيەتنى تونۇتىدۇ.

(1) ئۆينىڭ ئادرېسى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسمى ۋە خىزمەت ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۆي ئەتراپىنىڭ مۇھىتىنى بالىلىرىغا تونۇشتۇرىدۇ. بالىلار يوقاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆيىنى تاپالمايدىغان ئىشلار ئاز يۈز بېرىدۇ.

(2) دورىلارنى تونۇش ۋە دورا ئىشلىتىش ساۋاتىنى ئۆگىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلار دورىنىڭ ئىسمىنى، ئىشلىتىلىشىنى بىلىۋالىدۇ. خاتا ھالدا دورا يەپ قېلىشتىن ساقلىنىدۇ. بالىلارنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېسەلنى كۆرسەتكەندە دوختۇرنى تونۇشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلاردا قورقۇنچ تۇگەپ، داۋالاشقا ئاكتىپ ماسلىشالايدۇ، كېسەل بولسا ئۆزى دوختۇرغا بېرىپ ياردەم سورىيالايدۇ.

(3) بالىلارغا ئائىلىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئائىلە سايمانلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ ۋە بىخەتەر ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ.

(4) يامان ئادەملەرنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىدۇ. بالىلارغا ناتونۇش ئادەملەرنىڭ سوۋغىسىنى ئالماسلىق ۋە ئۆيىگە بارماسلىق، ئۆيگە باشلاپ كەلمەسلىكنى ئۆگىتىدۇ.

## بالىلارغا مۇستەقىل ياشاش پۇرسىتى بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

بىر دانىشمەن: «بالىلار خۇددى ئاتا ـ ئانىنىڭ قولىدىكى لەگلەككە ئوخشايدۇ، لەگلەكنىڭ يىپىنى قانچە ئۇزۇن قويۇپ بەرسە شۇنچە ئېگىز، شۇنچە يىراققا ئۇچىدۇ. قولۇڭلاردىكى لەگلەكنىڭ يىپىنى ئەركىن قويۇۋېتىڭلار، ئۇزاققا بارمايلا بالىلىرىڭلارنىڭ

چوڭ بولغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ھېس قىلىسىلەر» دېگەندەكەن. ھەممىمىز باللىرىمىزنىڭ يارامىلىق، مەزمۇت، روھىي ۋە جىسمانىيىتى ساغلام ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز، بۇ ئەمەلگە ئاشسا، خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن كۆزىمىزگە لىققىدە ياش كېلىدۇ. بىزنى تەقەززا قىلغان ئارزۇغا قانداق يېتىمىز؟

1. كۆيۈنۈشنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ، باللارنىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆزىمىز قىلىپ بەرمەيلى ۋە باللارنىڭ ئۆز ئىشىغا ھەدېسىلا ئارىلىشىۋالمايلى. شۇنداق بولۇپ قالسا، باللار ئادەم بولۇشىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي چېنىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بوران ـ چاپقۇنغا ئۇچرىمىغان، ھېچقانداق ئىش كۆرمىگەن باللارنىڭ تالانتىنى ئىشقا سېلىشىدىن، يىراقلارغا قانات قېقىپ ئۇچۇشىدىن ئۈمىد كۈتمىسەكمۇ بولىدۇ.

2. باللارنى بىرەر قىيىن مەسىلىگە يولۇقسا، ئۆزىنىڭ ھەل قىلىشىغا قويۇپ بېرەيلى. بۇ، باللارنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، ھاياتنى چۈشىنىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

3. باللارنى «ھۆرمەتلەش» بىلەن «باراۋەرلىك»نى ماس قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرايلى. بۇنىڭ ئۇچۇن باللار بىلەن سىردىشايلى. شۇ چاغدىلا باللاردا ئىشەنچ، دوستلۇق ئۇرۇقى بىخلىنىدۇ ـ دە، ئۆزى قول تىقىپ ئىشلەش روھىغا ئىگە بولىدۇ. نەتىجىدە مۇستەقىللىق خاراكتېرى ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىپ، ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان بولىدۇ.

4. باللارغا ئەركىن چېنىقىش، پىشىش پۇرسىتى بېرەيلى. باللار ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى مۇستەقىل قىلغاندا ئۆزىدە ئىشەنچ، ئۈمىد تۇغۇلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدىن شادلىنىدۇ. بۇ خىل روھىي كەچۈرمىش ئۇلاردا جاپالىق ئىزدىنىش روھىنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

5. مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەت مۇھىتىدا باللارنىڭ باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتۈش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. با-

لىلار باشقىلار بىلەن ئارىلاشىسۇن، دوستلۇق ئورناتسۇن، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ شامالىلىرىدا روھىنى چېنىقتۇرسۇن، خاتالىق، مەغلۇبىيەتكە دادىل يۈزلەنسۇن. ئۇلاردا ساغلام تەن، ساغلام پىسخىكىلىق خاراكتېر يېتىلسۇن.

قىسقىسى، بالىلار ئۆزى ماڭسۇن، ئۆزى چېنىقسۇن، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرسۇن، ئۆزى جاۋاب تاپسۇن، ئۆزى مۇھاكىمە قىلسۇن، ئۆزى تاللىسۇن، ئۆزى ئىجاد قىلسۇن. بۇنداق بولغاندا بالىلارنىڭ ئىجادكارلىق روھى يېتىلىپ، ئۆز ئىشىنى ئۆزى مۇستەقىل قىلالايدىغان پاراسەت ۋە پەزىلەتكە ئىگە يېتىلىدۇ.

## بالىلار قانداق ئائىلىنى ياخشى كۆرىدۇ

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكىلىق بىر ئالىم 20 نەچچە دۆلەتكە بېرىپ، ئىرقى ھەر خىل، ئىقتىسادىي شارائىتى ئوخشاش بولمىغان 10 مىڭ بالا ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بالىلارنىڭ ئائىلە مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە ئائىلە كەيپىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بالىلار ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئائىلىسىدىن ئۇن ئۈمىدنى كۈتىدىكەن.

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئالدىدا جېدەللەشمىسە؛

2. ئاتا ـ ئانىلار ھەممە بالىسىغا ئوخشاش كۆزدە قارىسا؛

3. ئاتا ـ ئانىلار بالىلاردىن ئۈمىدسىزلەنمىسە، يالغان سۆزلىمىسە، لەۋزىدە تۇرسا؛

4. ئاتا ـ ئانىلار بىر ـ بىرىگە يول قويسا، بىر ـ بىرىنى ئەيىبلىمىسە؛

5. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلسە، مۇناسىۋەتتە يېقىن بولسا؛

6. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ دوستلىرىنى قىزغىن قارشى

ئالسا؛

7. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئاچچىقلانمىسا، سىلىق مۇئامىلە قىلسا؛

8. ئائىلىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشتەك كەيپىيات شەكىللەنسە، ئائىلىنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ پىكرى ئېلىنىپ دېموكراتىيە ئاساسىدا بېكىتىلسە؛

9. ئائىلىدە بالىلارنىڭ مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈنسە، يەكشەنبە كۈنى ئاز دېگەندە يېرىم كۈن ئويناشقا يول قويۇلسا؛

10. ئاتا ـ ئانىنىڭ كەمچىلىكىنى بالىلارمۇ كۆرسىتىپ بېرەلىسە.

## بالىلار ئاتا ـ ئانا ئالدىدىكى بۇرچىنى بىلىشى كېرەك



بالىلار ئاتا ـ ئانا ئالدىدىكى بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىنىڭ سىزدىكى ھەققىنى چۈشىنىشى كېرەك.

بىلىڭلاركى بالىلار، ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزغان، سىزگە بارلىقىنى بېغىشلاپ، ھازىرقىدەك ھالەتكە كەلتۈرگىچە مىڭ ئۆلۈپ ـ مىڭ تىرىلگەن، ئۆزى يېمەي ـ يېگۈزگەن، كىيمەي ـ كىيگۈزگەن، كەلگۈسى ئۈمىدىنى، بىساتىنى سىزگە ئاتىغان، يارامىلىق ئادەم بولۇشىڭىزنى كۈتكەن، ھالال ئەمگەك بىلەن ئەل ـ ۋەتەنگە تۆھپە يارىتىشىڭىزنى، ئۇرۇق ـ جەمەتىگە شەرەپ كەلتۈرۈشىڭىزنى تىلەيدىغان ئۇلۇغ ئىنسان. شۇڭا دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مېھىر ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان مېھرىدەك، ھەرقانداق بىر مۇھەببەت ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان مۇھەببىتىدەك، ھەر قانداق بىر ياخشى تىلەك ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان تىلىكىدەك چوڭقۇر ۋە سۆيۈملۈك بولغان

ئەمەس. شۇڭا، سىزنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغۇچى ئاتا - ئانىلار-
نى بارلىق ئۇلۇغلار ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان دەپ قارايمىز.
مانا بۇلار سىزنىڭ ئاتا - ئانا ئالدىدىكى بۇرچىڭىزنى تونۇشىڭىزنىڭ
ئاساسىدۇر.

ئاتا - ئانا ئالدىدىكى بۇرچىڭىزنى چۈشەنگەن ئىكەنسىز، شۇ
بۇرچنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭ،
ئەجرىنى قەدىرلەڭ، ئۇلارغا ئېتىقادلىق، ئىتائەتلىك بولۇڭ، گې-
پىنى ئاڭلاڭ، ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا قىزغىن سالام بېرىڭ،
سۆزلەشكەندە ئۇچۇق - يورۇق، شېرىن سۆزلۈك، خۇش مۇئامىلى-
لىك بولۇڭ، سورىغان سوئاللىرىغا ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىڭ،
ھەرگىزمۇ جاۋابلاشماڭ، تىللىماڭ، بىر يەرگە بارسىڭىز چىرايلىق
خوش دەڭ، ئۇلار نامرات بولسا كەمسىتمەڭ، ئاجىز بولسا يۆلەڭ،
كېسەل بولسا داۋالىتىڭ، كۆيۈنۈپ بېقىڭ، ئائىلە ئىقتىسادىغا
قاراپ خىراجەت قىلىڭ، ئارتۇق تەلەپ قويماڭ، ئورۇنسىز پۇل
خەجلىمەڭ، تېجەشلىك بولۇڭ، ھېيت - بايراملاردا ئاددىي بولسى-
مۇ سوۋغا بېرىشنى ئۇنتۇماڭ، سوۋغا ئالالمىسىڭىز، ئېغىزىڭىز-
دىمۇ بولسا مۇبارەكلەڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا قىزغىن مۇئا-
مىلىدە بولۇڭ...

ئائىلىنى سۆيۈڭ، ئائىلە ئىشلىرىدا ئاتا - ئانىڭىزغا ياردەملى-
شىڭ، ئۆزىڭىز قىلالايدىغان ئىشلارنى ئۆزىڭىز قىلىڭ، ئائىلە بى-
ساتلىرىنى، يادىكارلىقلارنى ئاسراڭ، بۇزۇۋەتمەڭ، نەرسىلەرنى
چوڭلاردىن سورىماي باشقىلارغا بەرمەڭ، سېتىپ خەجلىمەڭ، ئال-
ماشتۇرماڭ، مەكتەپكە ئېلىپ بارىدىغان گۈل، تازىلىق سايمانلى-
رى، شۇنىڭدەك ئىئانە پۇل ۋە باشقا پۇللارنى ئاتا - ئانىڭىزنىڭ
رازىلىقى بىلەن ئېلىڭ.

سەھەر تۇرۇڭ، بەدەن چېنىقتۇرۇڭ، ھويلا - ئارام تازىلىقى،
شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىڭ، ساغلام بولۇڭ، ياخشى ئو-
قۇڭ، يامان نىيەتلىك كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماڭ، ئۇلارنىڭ كەي-

نىدىن كىتىپ قالماق، قىمار ئوينىماق، تاماكا چەكمەك، هاراق ئىچمەك، خاپا بولۇپ قالسىڭىز ئۆيدىن چىقىپ كەتمەك، ئۇرۇق - تۇغقانلار، مەھەللە - كوي، ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئىناق ئۆتۈش، چوڭلارنى هۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش، قىلغان ئىشىڭىزغا مىننەت قىلماق، خاتالىق ئۆتكۈزسىڭىز دەرهال تۈزىتىش، جاهىل، خۇيلۇق بولماق، ئويلاپ ئىش قىلىدىغان، ئويلاپ سۆز قىلىدىغان بولۇش ...

سەمىمىي، راستچىل، ئاق كۆڭۈل، ساداقەتمەن - ۋاپادار بولۇش. هاكاۋۇر، مەنمەنچى، يالغانچى بولماق. ساغلام ئەنئەنە، ئۆرپ - ئادەت، قائىدىلەردىن چەتنىمەك، مەرد - مەردانە، قەيسەر، ئىرادىلىك، تىرىشچان، كۆيۈمچان، شەرم - هايالىق، نازاكەتلىك، سالاپەتلىك بولۇش. تىلىڭىز، قەلبىڭىز، هەرىكىتىڭىز گۈزەل بولسۇن. ئاز هەم ساز سۆزلەش.

غايىلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك بولۇپ، قىلغان ئىشىڭىزدا نەتىجە يارىتىش. نىشانىڭىز، مۇھەببەت - نەپرىتىڭىز ئېنىق بولسۇن. هەرگىزمۇ خۇشامەتچى، كاززاپ، ياماندىن قورقىدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلىدىغان، هوقۇقتىن، پۇلدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئادەم بولماق. قانۇنلۇق ئىشلارنى قىلىش. ئەقىل - پاراسىتىڭىز، هالال ئەمگىكىڭىزگە تايىنىپ، بېيىشتا ئۈلگە بولۇپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىپ ياشاش. هەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك. هەرقاچان ئاتا - ئانىڭىزنىڭ يۆلەنچۈكى بولۇشنى، ئائىلىنى بېقىشنى، ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈشنى شەرەپ دەپ بىلىش.

مۇشۇ ئىشلارنى قىلالىسىڭىز، ئاتا - ئانا، ئەل - ۋەتەن، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىڭىز ئالدىدىكى بۇرچىڭىزنى ئادا قىلغان، ئادەمدەك ياشىغان بولىسىز. بۇ ئاتا - ئانىڭىزنىڭ مەقسىتى، سىزدىن كۈتىدىغان ئەڭ ئالىي ئۈمىدى، مەكتەپ تەلىم - تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي نىشانىدۇر.

## بالىلارنى ئۇرۇپ - تىللىماي تەربىيەلەشتىكى تەدبىرلەر

ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ھەيۋە قىلماسلىقى، ئۇلارنى ئۇرۇپ - تىللىماسلىقى، قورقۇتۇپ يۈرەك ئالدى قىلىپ قويماسلىقى كېرەك. داۋاملىق ئۇرۇپ - تىللاش، تەنقىد ئىچىدە چوڭ بولغان بالىلاردا ياخشى ئادەتكە قارىغاندا ناچار ئادەت كۆپ بولىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار ھە دېسە بالىلارنى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇپ - تىللايدۇ، سىلىق - سىپايە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك:

ئاۋۋال، ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ئۇرۇپ - تىللاشتىكى ئاساسلىق سەۋەبنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. ھەممە مەسئۇلىيەتنى بالىلارغا ئىتتىرىپ قويماستىن، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تەرەپلىرىنىمۇ دادىللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىش لازىم. ئەمەلىيەتتىمۇ، گەپ ئاڭلىمايۋاتىدۇ دېگەن بالىلاردىكى سەۋەنلىكلەرمۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىندۇر. ئاتا - ئانا ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى ئەستايىدىل تەپتىش قىلمايدۇ، بەلكى ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇماي، ھە دەپ بالىلارنى ئۇرۇپ - تىللايدۇ.

ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنى ئۇرۇپ - تىللىشىدىكى سەۋەبلەر:

1. بالىلارنى ئۇرۇپ قويسا ياخشى ئادەم بولىدۇ دەيدىغان كونىچە قارىشى كۈچلۈك. بۇرۇنقىلارنىڭ بۇ خىل قارىشىدا بالىلارنىڭ تەڭ - باراۋەرلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان، بالىلارنى ھۆرمەتلەش تونۇشى تۆۋەن بولۇپ، بالىلاردا ئۆزىنى كەمسىتىش خاراكتېرىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

2. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز كەيپىياتىنى تەڭشىشى ياخشى ئەمەس. ئاتا - ئانىلارنىڭ دىتسىزلىقى، پىشىپ - يېتىلمىگەنلىكى بالىلار ئۈچۈن يۈك بولۇپ، ئاتا - ئانىلار تۇرمۇش، خىزمەت، ئۆگىنىشتىكى يېتەرسىزلىكىدىن زارلىنىپ، بالىلارغا ساۋاق بېرىمەن دەپ زىيادە

بېسىم قىلىدۇ. بالىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماسلىشىشى ياخشى بول-مىسا ئۇرۇپ - تىللايدۇ.

3. ئاتا - ئانىلاردا زامانغا لايىق بالا تەربىيەلەش ئۇقۇمى يوق. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىلمىي بالا تەربىيەلەش ئېڭى تۆۋەن، ھەتتا يوق بولغانلىقتىن، بالا تەربىيەلەش ئۇسۇللىرى ھەققىدە بى-رەر ياخشى يەكۈنى بولمايدۇ. شۇڭا، بىرەر مەسىلە كۆرۈلسىلا با-لىلارنى ئۇرۇپ - تىللايدۇ.

4. بالىلارنى ئۇرۇپ - تىللاش ئارقىلىق بالىلاردىن كۈتكەن مەقسەتكە تېز يەتمەكچى. بەزى ئاتا - ئانىلار ھۇرۇنلۇق قىلىپ، مە-سىلىنى ھەل قىلىشنىڭ باشقىچە ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئىزدىنىشنى خالىمايدۇ. مەسىلە كۆرۈلگەن ھامانلا بالىلارنى ئۇرۇپ - تىللايدۇ.

ئاتا - ئانىلار بالا تەربىيەلەشتە تۇغما تالانتقا ئىگە ئەمەس، كۆ-ڭۈلدىكىدەك، دانا، لاياقەتلىك ئاتا - ئانا بولۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدىنىپ، ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۆزىگە خاس، ئىلغار، ئۈنۈملۈك، ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا يېڭى - يېڭى بالا تەربىيەلەش ئۇسۇللىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. كىچىكىدىن ياخشى تەربىيە كۆر-مىگەن ئاتا - ئانىلار بالىسىنى قانداق تەربىيەلەشنىمۇ بىلمەيدۇ.

بالىلارنى ئۇرۇپ -تىللىماي تەربىيەلەش ئۇسۇللىرى:

1. ئاتا - ئانىلار بالىلارنى كۆپرەك چۈشىنىشى كېرەك. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىكى ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ با-لىڭىز ۋە ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، دوستلىرى بىلەن پىكىرلىشىپ تۇرۇڭ. چۈشىنىش ياخشى بولسا، ئۇقۇشماسلىق ئاز بولىدۇ.

2. ئاتا - ئانىلار تەجرىبە - ساۋاقنى ئوبدان يەكۈنلەش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بالىلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش مۇھىتىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئاكتىپلىق بىلەن بالا تەربىيەلەش توغرىسىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى، بالا تەربىيەلەشتىكى يېڭىچە ئۇسۇللارنى ئۆگىنىشى زۆرۈر.

3. ئاتا - ئانىلار سەۋرچانلىق بىلەن بالىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىد-

نى ئاڭلىشى كېرەك. ئاچچىقى يامان، نېرۋىسى ئىتتىك ئاتا - ئانىلار ھە دېسىلا، گەپ ئاڭلىمىدىڭ دەپ بالىلارنى ئۇرۇپ - تىللايدۇ. بۇنداق ئاتا - ئانىلار ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، ئاچچىقى بېسىلغاندا سىلىق - سىپايىلىك بىلەن بالىلاردىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپ، چۈشىنىپ مۇۋاپىق بىر نېمە دېيىشى، ئاچچىقلىنىپ تەنبىھ قىلماسلىقى لازىم.

4. ئاتا - ئانىلىق كىبىرنى تاشلاپ، بالىلارغا سەمىمىي بولۇشى كېرەك. ئاتا - ئانىلار ھەيۋە كۆرسىتىپ، ۋارقىراپ، تەنە قىلىپ، نوقۇپ، مەسخىرە قىلىپ بالىلارنى ئەيىبلىسە، بارا - بارا ئۇلارنى چۈشەنمەسلىك، زىددىيەت شەكىللىنىدۇ. بالىلارنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلىشى، بۇيرۇقۋازلىق، ئاتىكارچىلىق قىلماي، بالىلارنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈش، ئادىل مۇئامىلە قىلىش لازىم.

5. بالىلارنىڭ تالىلاش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلماسلىقى كېرەك. ئاتا - ئانىلار يوللۇق پىكىر - تەلەپتە بولۇشى، ئامال بار تەنبىھ - ساۋاقتىن ساقلىنىشى لازىم. بالىلارنىڭ تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇق كەچمىشلەرنى بېشىدىن ئەمەلىي ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىگە خاس ياشاش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىگە پۇرسەت بېرىش، ئىلھام بېرىش، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ياشاشقا مەجبۇرلىماسلىق لازىم.

6. بالىلاردىن بەك چوڭ ئۈمىد كۈتمەسلىك كېرەك. بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ كۈتىدىغان ئۈمىدى ھەقىقەتەنمۇ چوڭ، ئۇنى بالىلار قوبۇل قىلالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بالىلارنىڭ نورمال ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە يامان تەسىرمۇ كۆرسىتىدۇ.

## بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

1. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن كۆپ سۆزلەپ بېرىش كېرەك. سىز

بالىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندا، ھەربىر سۆزىڭىز، ھەربىر يېڭى ئىشىڭىز، باللارنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. شۇ-ڭا ئۇلارغا كۆپ سۆزلەپ بەرسە، ئەقىللىك چوڭ بولىدۇ.

2. باللارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈ-رۈشكە مەدەت بېرىش كېرەك. باللارنى تەربىيەلەشتىكى ئۇنۇملۇك ئۇسۇل باللارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈ-رۈشتىن ئىبارەت. باللارنىڭ ئەقىللىك بولۇشىغا نىسبەتەن بىر خىل خاتا قاراش بار، يەنى ئايرىم كىشىلەر باللارنىڭ بىلىم توپلاش بىلەن ئەقىللىك بولۇشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەقىل — ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. باللارنىڭ مېڭىسىگە بىلىملا قاچىلاپ، ئۇنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگەتمىگەند-ە، باللارنى ئەقىللىك قىلىپ تەربىيەلىگىلى بولمايدۇ.

3. باللارنى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك. ئېينىشتېيىن «بىرەر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قو-يۇش — بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشتىنمۇ مۇھىم» دېگەنىدى، شۇڭا باللارنى ئەقىللىك تەربىيەلەش ئۈچۈن ئۇلارنى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر قىلىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك.

4. باللارغا بېسىم قىلماسلىق كېرەك. بېسىم باللارنىڭ پسىخىكىسىغا ئەكس تەسىر قىلىدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاتا-ئانىلار باللارغا كۆيۈنۈپ غەمخورلۇق قىلغاندا، باللار-نىڭ نېرۋىسى جانلىنىپ كېتىدىكەن. شۇڭا خۇشاللىق باللارنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئاشۇرىدىغان مەنبە ھېسابلىنىدىكەن.

## باللارغا كۆيۈنۈش لايىقىدا بولغان ياخشى

دۇنيادا ئۆز بالىسىنى قەدىرلىمەيدىغان، ياخشى كۆرمەيدىغان ئا-تا-ئانا يوق. مەيلى بالا ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن،

چىرايلىق بولسۇن ياكى سەت بولسۇن، بالا مېھرى ئاتا ـ ئانا قەلـ-ـبىدە ئۆزگىچە ئوت بولۇپ يانىدۇ. ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرد-سىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى ھەرقانداق ۋاستە بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش ھەقىقەتەن تەس. بىراق ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن بالىنى قانداق تەربىيەلەشتىكى ئۇسۇلى تامامەن باشقا ـ باشقا ئىش. ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا، بالىنىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆزى خالىغانچە قىلىشىغا يول قويساق، ئۇ ھالدا بالىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنى نابۇت بولىدۇ.

يېقىندا بىرنەچچىمىز مەلۇم بىر دوستىمىزنىڭ ئۆيىگە مېھ-ماندارچىلىققا باردۇق. ئۇنىڭ تۆت ياشلارغا كىرگەن ئوغلى ئۆيگە كىرىشىمىز بىلەن تەڭ ھەممە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ قېپيالىڭاچ ھالدا ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. دوستىمىز داستىخانغا ھەر خىل تائام ، پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى، مېۋە ـ چېۋىلەرنى تىزىپ داستىخاننى ناھايىتى مول قىلىۋەتتى، ئەمما مېھمانلار قول ئۇزاتماستىنلا ھېلىقى بالا داستىخاندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ چىقتى. بەزىسىنى بىر چىشلەپلا تاشلاپ قويدى، ھەتتا چامباشچىلىق قىلىپ بېرىمەن دەپ، داستىد-خاندىن نەچچە قېتىم ئاتلاپ ئۆتتى. دوستىمىز بولسا ھە دەپ بىز-نى تائامغا زورلايتتى، بىز خالا ـ خالىماستىن ناھايىتى تەڭقىس-لىقتا داستىخاندىكى نەرسىلەرگە ئانچە ـ مۇنچە قول ئۇزىتىپ ئولتۇردۇق. شۇ ئارىدا بالا يەنە داستىخاندىن بىرنەچچە قېتىم نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ تاشلاپ قويدى. بىز تولىمۇ بىئارام بولدۇق. كېيىن بالىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى دوستىمىز سەزدى. بىز بالىنى توسىدۇ دەپ ئويلىغاندۇق، نەدىكد-نى، ئۇ بالىسىنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ «بۇ، بىزنىڭ تۇنجى ھەم يالغۇز بالىمىز بولغاچقا بەك ئەركە، شوخ چوڭ بولۇپ قالدى» دې-دى، شۇنىڭ بىلەن بىز باھانە كۆرسىتىپ داستىخاندىن ياندۇق. ئىشىكتىن چىقىپلا ھېلىقى بالىنىڭ قىلىقسىز ھەرىكەتلىرىگە

نارازىلىق پارىڭى قىلىدۇق.

بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرەنتلىرىنىڭ ئاشۇنداق قىلىقسىز ھەرىـ كەتلىرىنى ئۆزى ئېغىر ئالمايلا قالماستىن، باشقىلارنىمۇ ئېغىر ئالمايدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ تولۇمۇ خاتا. بۇ يەردىكى مەسىلە بالىنىڭ قىلىقسىز ھەرىكەتلىرىنى باشقىلارنىڭ ئېغىر ئېلىش ـ ئالماسلىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسى سادىر قىلىۋاتقان قىلىقسىز ھەرىكەتلىرىنى تونۇمىغانلىق مەسىلىسى. بالىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا يامان ئۆگىتىپ قويسا، ئېنىقكى، بالا چوڭ بولغاندىمۇ جامائەت ئەخلاقىغا بويسۇنمايدىغان، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خالىمايدىغان، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىغا ھېسداشلىق قىلمايدىغان، باشقىلارنى مەنسىتمەيدىغان، شەخسىيەتچى، مەنمەنچى، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان، ھاكاۋۇر چوڭ بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

97

جەمئىيەت بالىلارنىڭ ئەركىن ـ ئازادە مۇھىت ئىچىدە چوڭ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن ئەركىن ـ ئازادە مۇھىت دېگىنىمىز ھەرگىزمۇ بالىلارنىڭ ھېلىقىدەك ئىشنى قىلىشىغا يول قويۇش دېگەنلىك بولماستىن، پەقەت بالىنىڭ ياخشى ئۆگىنىشى ۋە تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇ يەردىكى مەقسەت ۋە ئۇسۇل ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ.

بالا تەربىيەسىدە ھەممە ئادەم چوقۇم رىئايە قىلىدىغان، ئورتاق بىرلىككە كەلگەن تەربىيە ئۇسۇلى يوق. بىراق ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا توپلىغان تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى، ئىلمىي ئۇسۇلى ۋە شەكلى بولىدۇ. قايسى خىل ئۇسۇلى ياخشى ئۈنۈم بەرسە، ئاتا ـ ئانىلار شۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. لېكىن، مۇشۇ جەرياندا بەزى ئاتا ـ ئانىلار تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە، ئىلمىي تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشماي، بالام كىچىك، تەربىيە-

لەيدىغان ۋاقىت تېخى كەلمىدى، يالغۇز ئوغۇل، يالغۇز قىز، چوڭ بولغاندا بىر گەپ بولا، دەپ قاراپ، تەربىيە ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قو- يۇپ، ئاخىرى بېرىپ بالىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ نابۇت بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. بالا تەربىيەسى هازىر پۈتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ بازار رىقابىتى، ئىختىساسلىقلار رىقابىتى، ئىشقا ئورۇنلىشىش رىقابىتى كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بالىلارنى قانداق تەربىيەلەش، بالىلاردا رىقابەت ئېڭىنى قانداق يېتىلدۈرۈش، ئۇنىۋېرسال يۇقىرى ساپاغا ئىگە قىلىش، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ھەربىر ئائىلىنى ئويغا سالىدىغان جىددىي مەسىلىگە ئايلاندى. با- لىلارنىڭ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ يۇقىرى نومۇر ئېلىشىنى تەشەب- بۇس قىلىش بىلەنلا ئۇلارنى ياراملىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ئاددىي، قوپال تەربىيەلەش ئۇسۇلى بۈگۈنكى كۈندە ئۈنۈم بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، جەمئىيەت تەرەققىي قىلدى. بالىلارنىڭ تاشقى دۇنيادا ئۇچرىشىدى- غىنى كۆپ، بولۇپمۇ چەت ئەلنىڭ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىل- لىق، شەھۋانىيلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىنو فىلىملىرى، قىمار تۈسىنى ئالغان ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىلار، تورخانىلار با- لىلارنىڭ روھىي ھالىتىگە ئەكس تەسىر كۆرسەتمەكتە، جەمئىيەت- تىكى بەزى مۇرەككەپ ھادىسىلەرمۇ بالىلارنى گاڭگىرىتىپ قوي- ماقتا. ئاتا ـ ئانىلار بۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ھوشيار بولمىسا بولمايدۇ.

دېمەكچىمىزكى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ھازىرقى رىقابەت دەۋ- رىگە ماسلىشالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىز- دىنىشى، توغرا، ئىلمىي بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقى- شى، بالىلارغا توغرا بولغان ئۇسۇل، پوزىتسىيە بىلەن كۆيۈنۈشى، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ سەمىمىي، ئەخلاقلىق، كۆيۈمچان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خوشاللىق دەپ بىلىدىغان قىلىپ يې-

قىلدۇرۇش كېرەك، جەمئىيەت، ئائىلە، مەكتەپ ئەخلاقىغا ئاشلىق بويسۇنىدىغان، هازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدىغان قىلىش كېرەك. باللاردا مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنسە، ئاندىن بىز باللارغا ھەقىقىي كۆيۈنگەن بولىمىز.

## باللار ماشىنا ئادەم ئەمەس

ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئۇچراشقاندا «بالامنىڭ ئوقۇشى قانداقراق، ئۇ سىنىپتا قانچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؟» دەپ سوراشقا ئامراق. لېكىن، بالىنىڭ نېمىلەرگە قىزىقىدىغانلىقى، قانداق ئارتۇقچىلىقى، ئالاھىدىلىكى بارلىقى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ قانداقلىقى، مەكتەپتە ئۇيۇشتۇرۇلغان تۇرلۇك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى، ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ناھايىتى ئاز سورايدۇ.

مەن بىر ئوقۇتقۇچى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئىلگىرى بالامنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن سۆزلەشكەندە ياكى سىنىپمدىكى باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى توغرىسىدىلا پاراڭلىشىپ كېتەتتىم. ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان بېرىش، ئىمتىھاندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىش، تاپشۇرۇق ئىشلەش، دەرس تەكرار قىلىش ئۇچۇنلا يارالغانمۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشلارنى قىلىش هوقۇقى بارغۇ؟ دېگەنلەرنى ئەستىن چىقىرىپ قوياتتىم.

كېيىن تەجرىبەمنىڭ كۆپىيىشى، نەزەر دائىرەمنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ مەسىلىدە ئوقۇغۇچىلارغا باشقىچە قارايدىغان بولدۇم.

نېمە سەۋەبتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ـ باللارنىڭ ئاجايىپ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى قېزىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش-

نىڭ زوْروْرلوْكىنى، ئوْلارنىڭموْ ئوْزىگە خاس قىزىقىشىنىڭ بارلىقىنى، يېتەكلەنسە، ئەقىل ۋە ئىقتىدار جەھەتتە تېز ئىلگىرىلەيدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدوْ؟ ئاتا - ئانىلار نېمە ئوْچوْن ھە دېگەندىلا بالىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئېسىلىۋالىدوْ. «بوْ قېتىملىق ئىمتىھاندا سىنىپتا مانچىنچى بولساڭ، موْنچىلىك پوْل بىلەن موْكاپاتلايمەن» دەپ دەستەك سالىدوْ؟

بوْنداق بولوْۋەرسە بالىلارنىڭ جىسمانىي، پسىخىك ساغلاملىقىغا، خاسلىق ۋە موْستەقىل پىكىر قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدوْ. چوْنكى بالىلار ماشىنا ئادەم ئەمەس.

بالىلارنىڭ مەكتەپتە تىرىشىپ ئوْگىنىشىنى، ئىمتىھاندا يوْقىرى نومۇر ئېلىشىنى ئوْمىد قىلمايدىغان ئوقوْتقوْچى بولمايدوْ. مەن تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن ئوقوْغوْچىلىرىمغا تىرىشىپ ئوْگىنىشنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، ئوْلارنىڭ كىملىكىنى ھەر ۋاقىت ئەستىن چىقارمايدىغان بولدوْم. ئوْلارنىڭ ئىمتىھاندىكى بىرەر قېتىملىق مەغلوْبىيىتىنى سەۋەنلىك دەپ قارىمايدىغان، ئوْلارغا ئەڭ زوْروْر بولغىنى بېسىم ئەمەس، ئىنچىل ئىلمىي يېتەكلەش، ئىلھاملاندوْروْش، كوْيوْنوْش، دەپ قارايدىغان بولدوْم.

ھازىر تەكىتلىنىۋاتقان ساپا مائارىپىموْ، دەۋر تەرەققىياتىموْ بالىلارنىڭ ئوقوْغوْچىلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدوْ. ئوْلار ئىمتىھان بېرىش، تاپشوْروْق ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ماشىنا ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالسا، پېداگوكلار ئېيتقاندەك «ئىمتىھاندا يوْقىرى نومۇر ئالىدىغان، ئەمما، ئىقتىدارسىز» بالىلاردىن بولوْپ قالىدوْ.

## قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدوْ

بالىلارنىڭ ئوْگىنىشتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى بىلىم ئېلىش،

بىلىم ئېلىش بولسا ئۆگەنگەن بىلىملەرنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىنىمۇ بىلىش ۋە ئۇنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدىن ئىبارەت. بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

1. بالىلارنى مول، تىپىك ۋە توغرا ھېسسىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش كېرەك. بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىشى بىر مۇرەككەپ تەپەككۇر جەريانى. ئۇلار زور مىقداردىكى ھېسسىي بىلىمگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشقا ئوخشاش تەپەككۇر جەريانى ئارقىلىق بىلىم ئالالايدۇ. ئەگەر ھېسسىي ماتېرىيال يېتەرلىك بولمىسا، توغرا بىلىم ئېلىش تەس.

2. سېلىشتۇرۇشقا ئوخشاش ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، بالىلارنى توغرا بىلىم ئېلىشقا يېتەكلەش لازىم.

3. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ تىل تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىشى تىل شەكلى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بالىلارنىڭ تىل تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

4. ئۆگەنگەن بىلىمنى ئىشلىتىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. بىلىمنى ئىشلىتىش ئۇقۇم بىلەن قائىدىنى كونكرېتلاشتۇرۇش جەريانىدۇر. بۇ جەريان ئارقىلىق ھەم بالىلارنىڭ ئۇقۇم بىلەن قائىدىنى چۈشىنىش دەرىجىسىنى تەكشۈرگىلى، ھەم ئۇقۇم ـ قائىدە جەھەتتىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بىلىمنى ئىشلىتىشنىڭ شەكىللىرى كۆپ خىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئېغىزدا چۈشەندۈرۈش، مىسال كەلتۈرۈش، يازما تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قاتارلىقلار.

5. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ بىلىمنى سىستېمىلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىشى كېرەك. بىلىمنى سىستېمىلاشتۇرۇش دېگىنىمىز،

قىسمەن بىلىملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىپ كاللى-سىدا ئورگانىك سىستېما شەكىللەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بىلىم سىستېمىلاشسا، بىلىمنى چوڭقۇر چۈشەنگىلى ھەم ئۇنى قوللىنىش ئاساسىدا يېڭى بىلىملەرنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

## بالىلار كىتاب ئوقۇشقا قىزىقمىسا قانداق قىلىش كېرەك

بالىنىڭ يېشى قانچە كىچىك بولسا دىققىتىنى يىغىدىغان ۋاقتى شۇنچە قىسقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بالىلار خەت تونۇمىغان ياكى خەت تونۇشتا مەلۇم دەرىجىگە يەتمىگەن ۋاقىتتا، ماتېرىياللارنى مۇستەقىل ئوقۇشقا ئامالى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنداق بالىلارغا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئائىلە باشلىقى بىلەن بالىلار رەسىملىك كىتاب كۆرگەن-دە، ئائىلە باشلىقلىرى بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن چۈ-شەندۈرۈپ بەرسە، بالىنىڭ مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى مۇستە-قىل كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ كىچىكرەك ۋاقتىتىن باشلاپ كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

1. چوڭلار بىلەن بالىلار ئارىسىدا ئورتاق كىتاب ئوقۇش ياخشى ئادىتىنى تۇرغۇزۇش. ياخشى بولغان كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يې-تىلدۈرۈشتە، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا چىڭ تۇتۇش، مۇھىمى ئاتا ـ ئانىلار ئۈلگە بولۇپ كىتاب ئوقۇش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرى-شى كېرەك. ھەرىكەت جەھەتتە چوڭلار نەمۇنە بولۇش. مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىدە كۆڭۈل قويۇپ كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈ-رۈش كېرەك. مەسىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىتاب كۆرۈش، ئۆگىنىش قىلىش ياكى بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلىرى بىلەن كىتاب ئوقۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇ-

رۇش؛ باللارنىڭ يېشى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ھەر كۈنى بىر -لىكتە ئوقۇسا بولىدۇ. كىتاب ئوقۇغان ۋاقىتتا مۇھىتنىڭ تىنچ-لىقىنى ساقلاش؛ كىتاب ئوقۇش جەريانىدا سۆزىنى بۆلمەسلىك، توختاپ قالماسلىق؛ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىتابنى مۇقىم ئو-رۇنغا قويۇش؛ بالا مۇستەقىل كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولغاندا، چوڭلار باللارنىڭ كىتاب ئوقۇش جەريانىغا زىيادە دىققەت قىلىشقا سالماسلىقى كېرەك. ئۈچ مىنۇتتا بىر قاراپ قويۇشنىڭ، بەش مىنۇتتا بىر سوراپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بالىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئامراق بولغان كىتابنى ئوقۇشقا يول قويۇش كېرەك.

2. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، كىتاب ئوقۇش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. كىتاب ئوقۇش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش. كىتاب ئوقۇش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش باللارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كىتاب ئوقۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۈچ ياشتىن تۆت ياشقىچە بولغان باللارغا رەسىم بىلەن ناخشا بىرلەشتۈرۈلگەن كىتاب ئوقۇپ بەرگەندە، بىر تەرەپتىن رەسىمنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ناخشىنى ئوقۇپ بې-رىش كېرەك. ھەر قېتىملىق كىتاب ئوقۇش ۋاقتى بەش مىنۇتتىن ئالتە مىنۇتقىچە بولسا بولىدۇ. تۆت ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان باللارغا ياخشى بولغان باللار ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇتۇپ ۋە ئوقۇپ بەرسە، گۈزەل رەسىملەردىن ھوزۇرلىنالايدۇ، بىر تەرەپتىن كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن ئويلايدۇ. ھەر قېتىملىق كىتاب ئوقۇش ۋاقتى ئون مىنۇت ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. بەش ياشتىن ئالتە ياش-قىچە بولغان باللارنىڭ كىتاب ئوقۇش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، مەزمۇنى تېخىمۇ مول بولۇپ، ھەر قېتىملىق كىتاب ئوقۇش ۋاقتى ئون مىنۇتتىن 15 مىنۇتقىچە بولسا بولىدۇ.

3. باللارنىڭ تونۇش، قىزىقىشىغا ئاساسەن رەسىملىك كىتاب مەزمۇنىنى تاللاش كېرەك. باللارنىڭ بىلىش دائىرىسىگە ماس

103

كېلىدىغان كىتابلارنى ۋە قىزىقىدىغان مەزمۇنلار بار كىتابلارنى با ـ لىلار كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيدۇ، باللار ئۇچۇن سېتىۋالغان كىتاب رەڭگارەڭ، كۆرۈنۇشلىرى روشەن، رەسىملەرنىڭ ئوبرازچانلىقى جانلىق، سۆز ـ جۈملىلىرى قىسقا، چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق بولۇشى كېرەك. بالىنىڭ بىلىم، ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كىتاب سېتىۋالغاندا، كىتاب مەزمۇنىغىمۇ دىققەت قىلىش، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلد ـ شىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كې ـ رەك. كىچىكىدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارىنى، كىتاب ئو ـ قۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈش بالىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قد ـ لىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە بالىغا ناھايىتى پايدىلىق.

## نېمە ئۈچۈن باللارغا ئۆزى تاماق ئېتىپ يېيىشنى ئۆگىتىش كېرەك



بىز دائىم باللارنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى، چوڭلارنىڭ بىر قاچا تاماقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، باللارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، بىر قوشۇق، بىر قوشۇقتىن تاماق يېگۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ خىل ناچار ئۇزۇقلىنىش ئادىتىنى كۆپىنچە ھاللاردا ئاتا ـ ئانىلار پەيدا قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار باللارنى تەربىيەلىگەن ۋاقىتتا باللار تۇرمۇشتىكى ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدا ـ رىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارايدۇ. ھەتتا مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا باللارنىڭ ئۆز ئالدىغا تاماق يېيىش ھوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ تاماقنى ھەر تەرەپكە چېچىۋەتكەنلد ـ كىدىن بىزار بولىدۇ ـ دە، باللارنىڭ تاماق يېيىش ئادىتىنى يې ـ تىلدۈرۈشكە پۇرسەت بەرمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىلار تاماق بەرگەندە، با ـ لىلارنىڭ قوشۇق، چوكا قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشىغا رۇخسەت قىلماي ـ دۇ. باللارغا قوشۇق ياكى چوكا بىلەن تاماق يېيىشكە رۇخسەت

قىلمىسا، چوڭ مېڭە ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ يېتىلىشىگە پايدىسىز. تەتقىقاتتا ئىسپاتلىنىشىچە، چوكا بىلەن نەرسىلەرنى قىسىش ھەرىكىتى مۇرە، بىلەك، قول بېغىشى، بارماق قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 30 دىن كۆپرەك بوغۇم ۋە 50 تىن كۆپرەك مۇسكۇلنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق تاماملىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بوغۇم ۋە مۇسكۇللارنىڭ پائالىيىتى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغاچقا، باللار ئۆزى تاماق يېسە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا ئۆز ئىشىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ۋە مېڭىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارىنى ياخشىلاش توغرىسىدا ئۈنۈملۈك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## باللارنىڭ مۇزىكىغا قىزىقىشىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك

105 مۇزىكا ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ شەخس ھېسسىياتىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، مىجەز ـ خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ رولى بار. مۇزىكا ئىنسانلار ھاسىل قىلغان باشقا ئىدىيە مەھسۇلاتىغا ئوخشاش بەلگىلىك ئەندىزىگە، بەلگىلىك تەرتىپكە ئىگە بولۇپ، قالايمىقان داقا ـ دۇمباق ئاۋازى ئەمەس. بالا بىرەر نەرسىنى ئېنىق بىلمەيدىغان ۋاقىتتىن تارتىپ، ئانا ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ بالىنى ئۇخلىتىدۇ. بالا مۇزىكىنى ھېس قىلىپلا قالماي، يەنە مۇزىكا ئىجاد قىلىدۇ. ئۇلار قوشۇق بىلەن تەخسە، چىنىنى چېكىدۇ، گەرچە باشقىلار ئۇلارغا ئۆگەتمىسىمۇ، رېتىملىق ۋە تەرتىپلىك ھالدا چالىدۇ؛ مانا بۇنىڭ ئۆزى مۇزىكا. بىراق، نۇرغۇنلىغان باللاردا مۇزىكا ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈش جەريانىدا مەغلۇبىيەت كۆپ يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئاتا ـ ئانا مۇزىكا تەربىيەسى بىلەن بالىنىڭ ئۆزىدىكى مۇزىكا ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى

ماسلاشتۇرالمىغانلىقىدا بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان بالىلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ساز چېلىشنى ئۆگىنىدۇ ياكى مۇزىكا كېچىلىكىگە قاتنىشىدۇ. بۇ خىل مەجبۇريي ئۆگىنىش ئېنىقكى ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى مۇزىكىدىن ھەقىقىي بەھرىلەندۇرمەكچى ۋە مۇزىكىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىماقچى بولساق، ئاقىلانە تەربىيە ئۇسۇلى ۋە قوزغىتىش ئۇسۇلى ئىنتايىن مۇھىم.

## نېمە ئۈچۈن بالىلارنىڭ سۆزىنى خالىغانچە بۆلۈۋېتىشكە بولمايدۇ

بۇ باسقۇچتا ئاتا ـ ئانىلار نۇرغۇنلىغان پائالىيەتلەر ئارقىلىق بالىنى تىل ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرسا بولىدۇ. مەسىلەن، ھەر كۈنى قەرەللىك ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كىتاب ئوقۇش، ئۈنئالغۇلۇق ھېكايە ئاڭلاش ياكى ئۆزئارا ھېكايە سۆزلەش ئېلىپ بارسا بولىدۇ. بالىلارغا يەنە مۇۋاپىق بولغان بالىلارغا ئائىت تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرسەتسە بولىدۇ. بىراق، بۇ جەرياندا يەنىلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياردىمى ۋە چۈشەندۈرۈشىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئائىلە باشلىقلىرى بالا بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىپ، پاراڭلاشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئۆگىتىشى ۋە ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇپ سۆزلىشى ۋە ئاڭلىشى، پەقەت ئائىلە باشلىقى ياكى بالىلارلا سۆزلىسە بولمايدۇ، يەنە قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاشنى ئۆگىتىش كېرەك. نۇرغۇنلىغان ئائىلە باشلىقلىرى ھەمىشە بالىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىدۇ. بۇ ــ ناچار ئۇسۇل. بالا خاتا سۆزلىگەن بولسىمۇ، تەخىر قىلىپ، سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن خاتالىقىنى تۈزىتىش كېرەك. چۈنكى بۇ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت بولۇپ، ئۆزىنى يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇلگە خاراكتېرىدىكى تەربىيە ئارقىلىق يېتەكلىمىگەندە، بالىلار چوڭ

بولغاندىن كېيىنمۇ باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.

## بالىلارنىڭ سۆزلىشىگە قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك

ئىرسىيەت ۋە كېيىنكى مۇھىتنىڭ تەسىرى بالىلار مىجەزىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم ئامىل. شۇڭا ئوخشاش ياشتىكى بالىلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى تېز گەپ قىلالايدۇ. «دادا، ئانا» دەپ چوڭلارنى خۇشال قىلالايدۇ. يەنە «دادا، ئانا» دەپ چاقىرىشنى بىلمەيدىغان بالىلار بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى نورمال بولغان پەرق ھادىسىسى بولۇپ، ئاتا ـ ئانىنىڭ زىيادە قايغۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. بالىنىڭ تىلى كېچىكىپ چىقسىمۇ، بىراق ئۇ سۆزلىگەننى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدۇ. ئۇنداقتا بالىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدە ھېچ-
107 قانداق مەسىلە بولمايدۇ. مىجەزى بىر ئاز ئېغىر ـ بېسىق قاتارىغا كىرىشى مۇمكىن. شوخ، قىزغىن بالىلار ئوخشىماسلىقى مۇمكىن، بالىنى بالدۇرراق گەپ قىلغۇزماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى بولغان تىل مۇھىتى، پۇرسەتنى يارىتىپ بېرىشىڭىز كېرەك. بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئادەتتە كۆپ گەپ قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. بالىلار بىلەن بىرگە بولغاندا ئېغىر ـ بېسىق ھالەتتە ئولتۇرىدۇ. تىل ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا مۇنداق بىر ئەھۋال بار؛ بالىلارغا نىسبەتەن توختىماستىن گەپ قىلىپ ئاغزى بېسىلمايدۇ. ئېغىزنى ئېچىش بىلەنلا نۇرغۇن-لىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ، يەنە سۈرئىتى بىر ئاز تېز. بۇنداق سۆزلەرنى چوڭلارمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ ئاندىن مەنىسىنى ئاران چۈشىنىشى مۇمكىن. بۇنى بالىلار بىرئازمۇ چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلغان بولسىڭىزمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز توختىماستىن گەپ قىلىپ بالىڭىزغا گەپ قىلىش

پۇرسىتى بەرمىسىڭىز، بالىڭىز ئىغىر ـ بېسىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئىمكانقەدەر ئاددىي سۆز ياكى جۈملىدىن پايدىلىنىپ بالىغا گەپ قىلىپ بېرىش كېرەك. بالا ئۆگىنىۋالىدىغان سۆزى دائىم پاراڭلىشىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن، بالىغا دادىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «دادا دەڭ»، دېگەندە دادا دېگەن سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ، ئۇرغۇلۇق تەلەپپۇز قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق بولسا «دادا» سۆزى بالىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ ھەم دادا بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلايدۇ. بالىلار بىلەن بولغان ئالاقە خۇشال ـ خۇرام كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى، ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر سۆزنى دېيىشكە قىستىماسلىق، ئەكسىچە ئىلھاملاندۇرۇپ قوزغىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. مەسىلەن، بالىغا كىچىك بىر ماشىنا ئويۇنچۇقنى بەرمەكچى بولغاندا بالىدىن «بۇنى ئالامسىز؟» دەپ سوراپ، بالىنىڭ باش لىڭشىتىشىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن «بۇ نېمە؟» دەپ سوراش، ماشىنىنىڭ نامىنى دەپ بەرگەندە ئاندىن بالىغا ئېلىپ بېرىش كېرەك، ئەگەر بالا سۆزلىيەلمىسە، سۆزلەشنى ئۆگىنىپ، سىزگە ئەگىشىپ توغرا تەلەپپۇز قىلغانغا قەدەر ساقلاپ، توغرا تەلەپپۇز قىلغاندا ماختاش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا رەسىملىك ژۇرنال كۆرۈش، كىيىم كىيدۈرۈش، ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەردىمۇ تىل ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرۇش، بالىغا كۆپرەك پۇرسەت بېرىش كېرەك.

## يالغۇز بالىغا قايسى نۇقتىلاردىن تەربىيە بېرىش كېرەك

پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتتە يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەر كۆپەيدى. يالغۇز پەرزەنتلىك ئاتا ـ ئانىلار بالا تەربىيەسىدە زادى قانداق نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك؟

1. ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيەسى بېرىش كېرەك.

ھازىر يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەردە ئاتا ـ ئانىلار ماددىي جەھەتتىكى شارائىتلارنى تولۇقلاپ بەرگەچكە، بالىلار ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالدى. نەتىجىدە يالغۇز پەرزەنتلەردە ئۆزىنىلا مەركەز قىلىدىغان، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان، مەنپەئەت ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىدىغان يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، شەخسىيەتچىلىك يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرماپ، ھەممە ئىشتا شەخسىيەتچىلىك ئىدىيەسىنى تەرغىپ قىلىدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭغا ۋاقتىدا چەك قويۇلمىسا، ئائىلە ـ جەمئىيەت زور زىيانلارنى تارتماي قالمايدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار يالغۇز بالىلىرىنى كىچىكىدىن تارتىپلا ئەخلاق جەھەتتە يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل ئىبرەتلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىش، ئۆزىدىكى ۋە باشقىلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۈلگە قىلىش، بالىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەربىيەلىنىشىنى چىڭ تۇتۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

ئادەم جىسمانىي جەھەتتە ساغلام بولۇپلا قالماستىن، پىسخىكا جەھەتتىنمۇ ساغلام بولۇشى كېرەك. يېتىلگەن ئەقلىي قابىلىيەت، ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئىرادە، ئالىيجاناب روھ، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت ئادەمنى بۈيۈك نەتىجىلەرگە يېتەكلەيدۇ. «پولات قانداق تاۋلاندى» ناملىق رومانىنىڭ قەھرىمانى پاۋېل كورچاگىن بۇ سۆزىنىڭ دەلىلى. شۇڭا بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپلا پىسخىكا تەربىيەسى بېرىش ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئۈلىنى سالغانغا باراۋەر. ھازىر بالىلارنىڭ ئۆگىنىش بېسىمى ئېغىر بولغاچقا، ئۇلاردا جىمغۇرلۇق، ئۆزىنى ئۆزى بەند قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال يالغۇز پەرزەنتلەردە تېخىمۇ ئېغىر. بۇ خىل ئەھۋالغا يولۇققان ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىدە بىرقەدەر چوڭقۇر پىسخىك تەربىيە بىلىملىرىنى ھازىرلاپ، بالىلارنىڭ ئىدىيەسى، كۆز قارىشى، خىيا-

لى، كەيپىياتىغا ھەر تەرەپلىمە كۆڭۈل بۆلۈش، بالا بىلەن كۆپرەك سىردىشىپ، دوستانە مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق، بالىلاردا ساغلام پسىخىكا يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

2. بىخەتەرلىك، قوغدىنىش تەربىيەسى بېرىش كېرەك.

شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئولتۇراق ئۆيلەر ئومۇميۈزلۈك بىنالاشتى، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزدىكى قو ـ لۇم ـ قوشنىلار ئۆزئارا كۆز ـ قۇلاق بولۇشىدىغان ئىشلار يوقىـ غىلى تۇردى. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار يالغۇز بالىلارغا ئۆيىدە يالغۇز قالغاندا گاز ئوچاق، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ۋە باشقا خەتىرى چوڭ نەرسىلەرگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇ ـ رۇش ئارقىلىق، ئۇلارغا ئائىلە بىخەتەرلىك تەربىيەسى بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلارغا ئوغرى ـ يالغان، ئالدامچىلاردىن ساقلىنىش تەربىيەسىنىمۇ بېرىشى لازىم. ئاتا ـ ئانىلار يەنە يالغۇز بالىلارغا جەمئىيەت چۈشەنچىسىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ باشقا جايلاردىمۇ بىخەتەرلىككە ئەھمىيەت بېرىشىنى، ئالدامچىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلماسلىقنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

3. مۇستەقىل ياشاش تەربىيەسى بېرىش كېرەك.

يالغۇز بالىلار ھەممىلا ئىشتا ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىدىغان، يول كۆرسىتىپ تۇرمىسا، بىرەر ئىشنى مۇستەقىل ۋۇجۇدقا چىقىرال ـ مايدىغان خاراكتېر شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ بالىلارنىڭ ئائىـ لىدىكى پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ئائىلە تەر ـ بىيەسىدە ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئۆزىنىڭ مەڭگۈ ياردەم بېرەلمەي ـ دىغانلىقىنى ئېنىق تونۇتۇپ، ئۇلاردا كىچىكىدىن تارتىپ ئۆزىگە تايىنىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئىجادچان روھنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

4. ئەدەپ ـ قائىدە تەربىيەسى بېرىش كېرەك.

تىل قەلبنىڭ ئەينىكى، بالا تەربىيەسىدە ئەدەپ ـ قائىدە تەر ـ

بىيەسى ياخشى ئېلىپ بېرىلمىسا، تۇغۇلۇشىدىلا سۇپسۇزۇك بولۇپ يارالغان «قەلب ئەينىكى» غۇۋالىشىپ قالىدۇ. يالغۇز بالىلارغا نىسبەتەن بۇ نۇقتىغا تېخىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

ئەلىشىر نەۋايى: «سۆزنىڭ تۇرى ناھايىتى كۆپ، ئەمما يالغان سۆزدىن يامانراق تۇر يوقتۇر» دېگەن. پەرزەنتلەرنىڭ يالغانچىلىققا ئادەتلىنىپ قېلىشى بىر ئاپەت، بۇ ئاپەتنىڭ ئالدى ۋاقتىدا ئېلىنمىسا، بالىنىڭ تەقدىرى مەڭگۇ ياخشىلانمايدۇ، شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلارغا راستچىللىق تەربىيەسى بېرىشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. بىزدە تولا گەپ قىلىدىغان ئادەمنى «ئەدەپسىز، لاۋزا» دەپ قارايدىغان ئادەت بار. شۇڭا ئاتا - ئانىلار گەپ - سۆزدىكى ئەدەپ - قائىدىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، بالىنى گەپنى قىسقا، مېغىزلىق قىلىشقا، مەنىلىك، ئورۇنلۇق سۆزلەشكە ئادەتلەندۇرۇش كېرەك.

ئومۇمەن، ئاتا - ئانا يالغۇز بالىنى «كىچىك خاقان»غا ئايلاندۇرۇۋالماي، ھايات ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىدىغان، ئۆزىگە تايىنىپ ياشايدىغان، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە سەمىمىيەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان، گەپ - سۆزدە سالماق، كوللېكتىپنى ئاۋۋال، ئۆزىنى كېيىنكە قويۇپ ئويلايدىغان، شەخسىيەتسىز ئادەم قىلىپ تەربىيەلەشكە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى كېرەك.



## بالىلارنىڭ پۇلغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگىلا ئېتىبار بېرىپ، بالىلىرىنىڭ پۇلنى بىرتەرەپ قىلىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارايدۇ. بۇنداق بولغاندا، بالىلار قۇرامىغا يەتكەندىمۇ مالىيە باشقۇرۇش، يەنى پۇل بىر تەرەپ قىلىشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىق، تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر ئادەمدىكى پۇل ئېڭىنىڭ 50% ى بالىلىق چاغلىرىدا يېتىلدۈرگەن پۇل

ئېڭىغا باغلىق بولىدىكەن. ئۇنداقتا بالىلاردا توغرا پۇل بىر تەرەپ قىلىش ئېڭىنى يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

بالىلارنى پۇل ئامانەت قويۇشقا ئادەتلەندۇرۇش كېرەك. نىشان بولغاندىلا ئاندىن تىرىشىش يۆنىلىشى ئايدىڭلىشىدۇ. شۇڭا بالىلار- نىڭ قىسقا مۇددەتلىك ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك پۇل ئامانەت قويۇش نىشانىنى تۇرغۇزۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. مەسىلەن، بالىلارغا ئۈچ ئايدىن كېيىن يىغقان پۇلىغا نېمە سېتىۋېلىش كې- رەكلىكى ياكى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قانداق ئە- گىلىك تىكلەش زۆرۈرلۈكىنى ئالدىن پىلانلاتقۇزۇش لازىم. مۇ- شۇنداق قىلغاندا بالىلارنى پۇلنى تېجەشكە، پىلانلىق خەجلەشكە ئا- دەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

تاللاشنى ئۆگىتىش كېرەك. نۇرغۇن بالىلار پۇلىغا زادى نېمە سېتىۋالسا بولىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، قارىغۇلارچە پۇل خەج- لەيدۇ. بۇنداق چاغدا بالا بىرنەچچە خىل نەرسە سېتىۋېلىشنى پىلانلىغان بولسا، ئاتا - ئانىلار بۇ نەرسىلەرنى ئۆز ئېھتىياجى بو- يىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئەڭ زۆرۈر بولغىنىنى تاللاپ سېتىۋېلىشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا، بالىلار ئېھتىياجىغا قاراپ پۇل خەجلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

بالىلارنى سىرتلارغا چىقىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، پۇل- نىڭ قانداق كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئامېرىكىلىق مۇ- تەخەسسىسلەر «ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى بالىلار تەتىل مەزگىللىرىدە ئىشلىشى كېرەك، ئۇلار ئىشلەش ئارقىلىق ئەمگەكنىڭ تەمىنى تېتىپ، پۇل تېپىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەبىئىي پۇل تېجەيدىغان بولىدۇ» دەپ قارايدىكەن.

### ئاتا - ئانىلار مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدىكى پاراڭلارغا قۇلاق سېلىپ قويۇشى كېرەك

ساپا مائارىپى ئۇزۇكسىز ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېڭى دەرس

ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ئىمتىھان مەغرۇرانە قەددىنى كېرىپ يەنىلا بىزنى مەسخىرە قىلماقتا. ئىمتىھان ئۆتكەلى يەنىلا يولىمىزغا توسۇق بولماقتا.

بىز شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ساپا مائارىپى بىلەن يېڭى دەرس ئارىسىنى ئىمتىھان مائارىپىنىڭ قويۇق تۇمانى يەنىلا توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز يېڭى دەرس زېمىنىدا تۇرۇپ، ساپا مائارىپى ئايروپىلانلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاسمانغا قارىغىنىمىزدا كۆزىمىزگە كۆرۈنىدىغىنى ئىمتىھان مائارىپىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇتلىرى بولماقتا.

ساپا مائارىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش شوئارى ئەۋجىگە چىققانسېرى، ئىمتىھان چىڭىسا چىڭىدىكى بوشاشمىدى. يېڭى دەرس لايىھەسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىمتىھان شەكلىدە ئازراق ئۆزگىرىش بولغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىمتىھان ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. بىزنىڭ دائىم كۆرىدىغىنىمىز ئىمتىھان ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى قىزىل باشلىق ھۆججەت ۋە قاتتىق بولغان تەرتىپ - تۈزۈم ھەققىدىكى تېلېگراممىلار بولدى. ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئىمتىھانغا سەل قارىغان بىرنەچچە كومپيەسىيەنى جازالاش — ئىمتىھاننىڭ ساغلاملىقىنى ئۆلچەيدىغان مىزانغا ئايلاندى. ئىمتىھان ئىشلىرى مەركىزى بارغانسېرى سوئالنى تېخىمۇ چىڭ چىقىرىدىغان ئىمتىھان مۇتەخەسسىسلىرى ھەدېسە، ئىمتىھاننى تېخىمۇ چىڭ ئالىدىغان كومپيەسىيەلەرنى تاللاشقا باش قاتۇرىدىغان بولدى. يېڭى دەرس لايىھەسىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجابىي جاۋابلىرىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ دېيىلسە، ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈشتە «ئۆلچەملىك جاۋاب» بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىنماقتا. بەزى ئىمتىھان ئىشلىرى مەركىزى ياكى مەكتەپلەر بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىنى يىغىپ ھەممە قەغەزنى ئۆلارغىلا

تەكشۈرتىدىغان، ئۇلارنىڭ شۇ پەننى بىلىش - بىلمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «بىر - ئىككى پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىسىلا، بارلىق پەنلەرنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرگىلى، ئىمتىھاننىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىغىلى، ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، «ئۇلچەملىك جاۋاب بولغاندىن كېيىن كىملا تەكشۈرسە ئوخشاش» بولىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشكەنمىش.

دېمەك، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىمتىھان خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش قاتتىق چىڭىدى.

ئوقۇغۇچى ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئاساسەن ئوقۇشقا، خىزمەتكە ئورۇنلاشماقتا. گەرچە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ئىمتىھان نەتىجىسى بويىچە دەرىجىگە تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ئىمتىھان نەتىجىسى بىلەن دەرىجىگە تۇرغۇزماقتا، ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى يۇقىرى مەكتەپلەرگە يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە. ھەتتا بۇنداق مەكتەپلەرنى تاللاشتا قاتتىق سىياسەت، يۇقىرى ئوقۇش ھەققىمۇ ئۇلارنى توسۇيالمايۋاتىدۇ. بۇ بىر قاتار ئامىللار بىرلىشىپ ساپا مائارىپى ۋە يېڭى دەرس لايىھەسىگە كاشىلا پەيدا قىلىپ، مائارىپتا ئوقۇغۇچىلارنى خاتا يېتەكلەش بىخلانماقتا.

بەزىلەر ئىمتىھان بىلەن ساپا مائارىپىنى قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويىدى. لېكىن مائارىپنىڭ ئۇنۇمىنى سىناشتا دۇنيادا تېخىچە ئىمتىھاندىنمۇ ئۇنۇملۇك ئۇسۇل تېپىپ چىقىلمىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم، ئىقتىدار، ئەقىل - پاراسىتىنى ئۇنىۋېرسال باھالاش بىرقەدەر ياخشى ئۇسۇل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىر - ئىككى سائەت بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە تاماملاش مۇمكىن بولمىغاچقا، نەچچە مىليون ئوقۇغۇچىغا بىرلا ۋاقىتتا قوللىنىش قىيىن. شۇڭا ئۇنى كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرۇشقا ئامال يوق.

مەيلى ئەنئەنىۋى مائارىپ بولسۇن ياكى ساپا مائارىپى بولسۇن،

114

كونا دەرس ياكى يېڭى دەرس بولسۇن، يەنىلا ئىمتىھان ئالماي بول-مايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكى ئاز، قايىل قىلىش ئاسان، ئىككى سائەت ئىمتىھان بەرسە، يېرىم سائەتتىلا تەكشۈرۈپ، ئوقۇ-غۇچىلارنىڭ نەتىجىسىنى پېشانىسىگە چاپلاپ بولغىلى بولىدۇ. دۇنيادا بىر ئادەمگە باھا بېرىشتە بۇنىڭدىنمۇ تېز، بۇنىڭدىنمۇ ئا-سان ئۇسۇل نەدە بار؟

جەمئىيەتنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈشىدىن قەتئىينەزەر، بىز يەنىلا كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز كېرەك. ئامېرىكىلىق بىر ئىنسانشۇناس مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەت — كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.» بىز ھەقىقەتنى كىمنىڭ دېگەنلىكىگە ئە-مەس، ھەقىقەتنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ھەقىقەت ئەسلىدىنلا مەۋجۇت. ئۇ كىمنىڭ دېگەنلىكى بىلەن ئۇلۇغ بولماستىن، ئەسلىدىنلا شۇنداق بولغانلىقى بىلەن ئۇلۇغ. شۇ نەر-سىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، يۇقىرىقىلار ھازىر مەۋجۇت بولۇۋاتقان ۋە كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىۋاتقان بىر تەرەپلىمە پاراڭلار، ئېنىقكى، كەلگۈسىدە بۇنىڭغىمۇ توغرا جاۋاب، ساغلام، جانلىق ئۇسۇل، تەدبىر شەكىللىنىپ، ئىمتىھان مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پۇرسىتى يارىتىلىدۇ.

## ئىمتىھاننىڭ رولىغا قانداق قارايمىز

بىرقەدەر توغرا جاۋاب شۇكى، بىز ھەم ئىمتىھاننى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلماسلىقىمىز، ھەم ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئارتۇقچە ئۇ-مىدۋارلىق بىلەن قارىماسلىقىمىز لازىم. بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئادەتتە «پەقەت ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولغان بالىلارنىڭلا كې-يىنكى ئىستىقبالى ياخشى بولىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار كۆپ

سالماقنى ئېگىلەيدۇ. ئىمتىھاننىڭ رولىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، بىراق ئىمتىھان نەتىجىسى بىلەن كېيىنكى ئىستىقبالنىڭ روشەن ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى ئىمتىھان نەتىجىسىدىن بىر كىشىنىڭ ئىستىقبالىنى ئالدىن مۆلچەرلەش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، نۇرغۇن ئىش تولىمۇ ئاددىيلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

سىز 20 ~ 30 يىل بۇرۇن ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن جەم بولۇپ قالسىڭىز، ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەڭ ياخشى ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئانچە ياخشى ئىشقا ئورۇنلىشىپ كېتەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئەينى ۋاقىتتا نەتىجىسى ئادەتتىكىچە بولغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورۇن ۋە بايلىق جەھەتتە ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىلار ئۆلچەم قىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسى بېكىتىلسە، ئاز دېگەندە مۇنداق ئىككى چوڭ مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ: 116

بىرىنچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەلگۈسىدە كىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىمىقى قىيىن.

ئىككىنچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دائىم قوللىنىدىغان باھالاش ئۆلچىمى يۇقىرى نومۇر بولىدۇ، بىراق ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلالىشى ناتايىن.

مەن 25 يىل بۇرۇن ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرىمنى كۆزەتكىنىمدە، بۇ خىل خاتالىقنى ھەيرانلىق ئىچىدە تونۇپ يەتتىم. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەڭ ياخشى بەش نەپەر ئوقۇغۇچۇمنىڭ ھازىر ئىككىسى دوختۇر، بىرسى سېستىرا، ئىككىسى ئادەتتىكى كادىر. بىراق، ئۆگىنىش نەتىجىسى ئادەتتىكىچە ئوقۇغۇچۇمدىن ئىككىسى يېزا دەرىجىلىك رەھبەر، بىر نەپىرى مەكتەپ مۇدىرى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن بىر نەپەر ئوقۇ-

غۇچۇم مىليونېر، ئۇ دۆلەتلەر ئارا تىجارەت قىلىدۇ. ھازىر ناھىيە بازىرىدا تۆت قەۋەتلىك ئىككى سودا بىناسى بار. ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇغان يەنە بىرسى بولسا شەھەردە شەخسىي دوختۇرخانا ئېچىپ 50 ~60 كارۋات، 20 ~30 دوختۇر - سېستىراغا باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇلار تاپقان پۇلنىڭ سانىنى ئۆزلىرىمۇ توپ-توغرا ئېيتىپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن ھېلىقى سودىگەر ئوقۇغۇچۇمنىڭ ناھىيە بازىرىغا سالغان ئىككى سودا بىناسىنىڭ قىممىتىلا 3 ~4 مىليون يۈەنگە يارايدۇ. شەخسىي دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئايلىق ئوبوروتى 2 ~3 يۈز مىڭ يۈەن ئەتراپىدا.

سىزمۇ ئوقۇتقۇچى بولسىڭىز، 20 ~30 يىل بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ. ئەھۋال ئاساسەن مېنىڭ ئىسپاتىمغا ئوخشاش چىقىشى مۇمكىن. ناۋادا سىز ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانا بولسىڭىز، بالىلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېقىڭ، بەلكىم ئەينى ۋاقىتتىكى كەپسىز، دائىم سىزنى رەنجىتىدىغان بالىڭىزنىڭ كۆنى قۇلىقى يۇمشاق بالىڭىزنىڭ ئەھۋالىدىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن. سىزنى كىچىكىدە دائىم رەنجىتىدىغان بالا ھازىر ھالىڭىزدىن بەكرەك خەۋەر ئېلىپ قاراۋاتقان بالا بولۇشى مۇمكىن.

نۇرغۇن كىشىلەر «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دېگەن «ھەقىقەت»كە ئىشىنىدۇ. بىراق، ئادەم ھېسسىياتلىق مەخلۇق. ئۇ ئۆسۈملۈككە ئوخشىمايدۇ. سىز ئەڭ زور ئۈمىد كۈتكەن، ئەڭ ياخشى ئوقۇتۇپ، ئەڭ ياخشى كىيىندۈرگەن بالىڭىز، بەلكىم ئەڭ ۋاپاسىز بالا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ خۇددى «ئالا كېپەز ئات مىنىدۇرەر»، «كۈتكەن يەردە توشقان ياتماپتۇ» دېگەندەك بولۇپمۇ قالىدۇ.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئىستىقبال تۇغما تالانتتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ. شۇڭا ئىمتىھان نەتىجىسىگە قاراپ كەلگۈسىنى پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ.

كۆپلىگەن كىشىلەر «بىلىم – كۈچ» دېگەننى خاتا چۈشىنىۋالـدۇ. بىلىم پەقەت يوشۇرۇن كۈچتىنلا ئىبارەت. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي كۈچكە ئايلىنىدۇ. يەنە بىرى، بىلىم بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت بىر نەرسە ئەمەس. بىلىم قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى بىلىشنى كۆرسەتسە، ئەقىل ـپاراسەت ئاشۇ قائىدە ـ پرىنسىپلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا پەقەت بىلىم بېرىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى قانداق ئىشلىتىشنى دېگەندەك ئۆگەتمەيدۇ. يەنى بىلىم ئېلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئەقىل ـ پاراسەتكە سەل قارىلىدۇ. مانا بۇ مائارىپىمىزدىكى ئۇزۇك ھالقا. شۇڭا مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىش بولۇپلا قالماستىن، ئۇنى قانداق قىلىپ ئەقىل ـ پاراسەتكە ئايلاندۇرۇش بولۇشى كېرەك. ئامېرىكىلىق بىر ئىنسانشۇناس مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمگە بېلىق بەرگىنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇق بەرگىنىڭ، بېلىقچىلىق كەسپىنى ئۆگىتىپ قويغىنىڭ، ئۆمۈرلۈك ئوزۇق بەرگىنىڭ.» باللارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نېمىلەرنى بىلىۋالغانلىقىغا ئەمەس، نېمىلەرنى قىلالىشىغا باغلىق. شۇڭا دەيمىزكى، ئىمتىھان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئەمەس، پەقەت ئادەتتىكى بىلىمىنىلا سىنىيالايدۇ. ئەقىل ـ پاراسەتنى بولسا ھايات ۋە تۇرمۇش سىنايدۇ. شۇڭا، ئىمتىھان نەتىجىسىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ، باللارنىڭ ھايات يولى خەرىتىسىنى خاتا سىزىپ قويمايلى. كۆپلىگەن كىشىلەر قارىشىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ قانداق قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇڭا كۆپ ساندىكى كىشىلەر قانداق ئويلىسا، شۇنداق ئويلايدۇ. قانداق قىلسا شۇنداق قىلىدۇ. «ئىمتىھان، نېمە دەيسەن؟» دەيدىغان بولساق، ئۇ چوقۇم «ھازىر مەندىن نوچىسى يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھەم كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، سىزچۇ؟ مائارىپ زىيالىيلارنىڭ

سەرخىللىرىغا موهتاج بولۇپ، ئۇ مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى،
ئۇنى مۇكەممەل يولغا قويۇش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. جەمئىيەت-
نىڭ هەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچى ۋە مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەق-
قىياتىدا مائارىپنىڭ تۇتقان ئورنى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، زىيا-
لىيلارغا بېرىلگەن تەبىرمۇ پەرقلىق بولىدۇ. مەدەنىيىتى تەرەققىي
قىلمىغان بىر مىللەت ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، زىيالىي پەقەت
ساۋاتلىق بولۇشتىن ئىبارەت بولسا، بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان
مىللەت ئۈچۈن زىيالىي بىر پارچە دىپلوم ئالغان ئادەمدىن دېرەك
بېرىدۇ. تەرەققىي قىلغان مىللەت ئۈچۈنچۇ؟ ئەلۋەتتە، زىيالىينىڭ
يۇقىرى ساپالىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

بىر زىيالىينى يېتىشتۈرۈپ چىقىش، بىر قىرائەتخانا سالغاز-
دىنمۇ مۇشكۈل هەم ئەهمىيەتلىك. بىر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىنى يې-
تىشتۈرۈپ چىقىش زور بىر تۈركۈم زىيالىينى، ئالىم، مۇتەپەك-
كۇر، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگەنگە باراۋەر.

ئەمما، بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان رېئاللىق شۇكى، كۆپ ساندىكى
سەرخىل زىيالىيلار ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالىمايدۇ. چۈنكى، ئو-
قۇتقۇچى بولسا مەنسەپ تۇتقىلى، قوشۇمچە هەققە ئېرىشكىلى بول-
مايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالدى بىلەن مەمۇرىي ئور-
گانلارغا كىرىشنى، هېچبولمىغاندا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى،
پەقەت بولمىغاندىلا ئاندىن ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئويلايدۇ. هەتتا
داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن بىر قىسىم زىيا-
لىيلار مەمۇرىي تارماقلاردا خىزمەت ئىزدەپ ياتسا ياتىدۇكى، مەك-
تەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ. شۇڭا، هازىر
بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوش تىللىق تەج-
رىبە سىنىپلىرىغا ئوقۇتقۇچى تېپىش قىيىن بولۇش، يەنە بىر
جەهەتتىن جەمئىيەتتە نۇرغۇن زىيالىيلار ئىش كۈتۈپ تۇرۇشتەك
تەتۈر تاناسىپلىق ۋەزىيەت شەكىللەندى. سىز بىر قىسىم ياشلاردىن
«ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالامسىز؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار خۇددى

سىزنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا «نېمە، مەن پوستانى ئالىي مەكتەپتە 6 ~7 يىل ئوقۇپ قوش دىپلوم ئالغان تۇرۇپ ئوقۇتقۇچى بولالمىدىمەن؟» دەپ ھۆرپىيىدۇ. ئەكسىچە، قانچىلىغان جاپاكەش ئۇستازلارنىڭ مەمۇرىي ئورگانلاردا ئىشلەش ۋە ئەمەلدار بولۇش پۇرسەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ ئۆزلىرىنى تەربىيەلەپ چىققانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. پۇرسەت كۈتۈپ بىكار يۈرۈشكە رازىكى، ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالىمايدۇ. ئىشەنمىسىڭىز دىسكوخانىلاردا ئويۇن - تاماشا پەيزىنى سۈرۈۋاتقان، تورخانىلاردا مۆكۈدىشىۋاتقانلاردىن سوراپ بېقىڭ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەرنى چوقۇم ئۇچرىتالايسىز. پىركازچىك، ئۆي - مۈلۈك ۋاستىچىلىرى، رېستوران - مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرى، كۆچمە خەۋەرلىشىش خىزمەتچىلىرىدىنمۇ سوراپ بېقىڭ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ «سەرخىل زىيالىيلار» بار. بەزىلىرى ھەتتا ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتتىكى داڭلىق پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى پۈتكۈزگەن، ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىغا تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانلىرىغىمۇ قاتناشمايدۇ.

يېقىندا ئۆي - مۈلۈك شىركىتىدە ۋاستىچىلىك قىلىدىغان بىر بالا بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىقلىقى چىقىپ تۇراتتى. «سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟» دېگەن سوئالىمغا ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر داڭلىق پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانلىقىنى ئېيتتى. ئارقىدىن: «كەسپىڭىز ياخشىكەن، ئۆتكەندە نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلىق ئىمتىھانىغا قاتناشمىدىڭىز؟» دېۋىدىم، «ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن خوشۇم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسىنى ناھىيەلەرگە تەقسىم قىلىدىكەن، شۇڭا ئۆيدىكىلەرگە ‹بىزنىڭ ئارخىپىمىز تېخى كەلمەپتۇ› دەپ قويۇپ قاتناشمىدىم» دېدى. دېمەك، ئۇ ئۆي - مۈلۈك شىركىتىدە ۋاقىتلىق ۋاستىچى بولۇشقا رازىكى، ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالىمايدىكەن.

بۇ خىل ئەھۋالنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇش ۋاقتىدىمۇ روشەن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسىغا يازىدۇ، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ھەتتا يازمايدۇ.

ھازىر بازار ئىگىلىكى دەۋرى، پۇرسەت دېگەن كۆپ، ئۆزى خالىمايدىغان كىشىلەرنى ئوقۇتقۇچىلار سېپىگە ياقىسىدىن تارتىپ ئەكىرىشنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچى بولىمەن دەپلا بولغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە ئەلگەكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ قانداق قارىشى ۋە مۇئامىلە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئوقۇتقۇچىلىق يەنىلا شەرەپلىك، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان كەسىپ. جەمئىيىتىمىزدە ئىجادچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق روھىغا باي كۆپلىگەن كىشىلەر يەنىلا ئىجتىھات ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

مىللىي مائارىپنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى تەكشى بولمىغانلىقى ئۈستىگە، قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان تەلەپ ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. يېزىلار ۋە چەت ـ ياقا جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى كەمچىل. شۇنى تونۇشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئاھالىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېزىلاردا، شۇنداقلا ئىختىساسلىقلارنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسىمۇ يەنىلا يېزىلاردا، بۇنى مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان دوكتور ۋە داڭلىق زىيالىيلارنىڭ تەرجىمىھالىنى كۆرۈپ باقساقلا بىلەلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقان بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇلار نامرات، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى يوق، ئۇلارنىڭ شەھەرلىكلەردەك يۈرۈشلەشكەن مەكتەپلىرى يوق، ئۇلار دەرسلەرنى تەجرىبىخانا، كومپيۇتېرخانىلاردا ئەمەس،

121

ئاشۇ بىردىنبىر «مۇقەددەس» ئورنى بولغان ئاددىي سىنىپ ۋە پار ـ تىلاردا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىدۇ. ئەمما، ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدى ـ غىنى شۇكى، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى ئۆگىنىشتە ئالدىنقى قاتاردا ماڭىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ چەت ـ ياقىدىكى شارائىتى ناچار جايلاردىن كەلگەن دېھقان باللىرى. ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆگىنىپ يارامىلىق ئادەم بولۇپ تەقدىرى ـ نى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولماقتا. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن بىر سى ـ نىپنىڭ بارلىق يۇكىنى تەنھا ئۇستىگە ئېلىپ ئۇن ـ تىنىسىز تۆھپە قوشۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاپالىق ئەجرىدىن كەلگەن، ئەلۋەتتە.

يېزا ـ كەنتلەردە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قۇربان بېرىش روھى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى مۆلچەرلىگۈسىز، بۇ بىر ئۇلۇغ روھ، قەدىرلەشكە تېگىشلىك يۇكسەك پەزىلەت.

بىر مىللەتنىڭ سەرخىل زىيالىيلىرى (ئەگەر ئۇلار ئۆزىنى چىن مەنىسىدە شۇنداق دەپ تونۇسا) مائارىپ بىلەن شۇغۇللانمايدى ـ كەن، ئۇ چاغدا بۇ مىللەت تىرىنېرى يوق پۇتبول ئەترىتىگە ئوخ ـ شاپ قالىدۇ. ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ پەقەت 3 ـ دەرىجىلىك تى ـ رېنېرغا تايىنىپ، ئاران 2 ـ دەرىجىلىك ئەترەت بولالايدۇ. ھەرگىز 1 ـ بولالمايدۇ. بۇ ئەترەت 1 ـ بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ قانچىلىك باتۇرلۇق كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر، بىرىنچىلىك مەڭگۈ ئارزۇ بو ـ لۇپ قالىدۇ.

## ياخشى ئوقۇتقۇچىنىڭ 15 تۈرلۈك ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋېلىڭ

1. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋۇجۇدىدا يېڭى نەرسىلەرنى ئۆ ـ گىنىدىغان ئۆمۈرلۈك قىزغىنلىق بولىدۇ.

2. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچىدا ئوقۇتقۇچىلىق مەسئۇلىيەت بولۇپلا

قالماستىن، كەمتەرلىك بىلەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆگىنىدىغان روھ بولىدۇ.

3. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچىدا مېھرىبانلىق، ئوقۇغۇچىنى سۆيىدىغان قەلب، ئىللىق، باراۋەر بولغان ئۆگىنىش مۇھىتى يارىتالىدىغان بولىدۇ.

4. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى يېڭى بولغان ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى داۋاملىق ئۆگىنىپ قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى خىلمۇ خىل ئۆگىنىش تەجرىبىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

5. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى باللارچە ئويناش ئىقتىدارىنى يوقاتمىغان بولىدۇ.

6. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ئوقۇتالايدىغىنىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگىلەش ئىقتىدارىنىڭ بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ.

7. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى يۇكسەك دەرىجىدە مەسئۇلىيەتچان بولىدۇ.



8. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزى ئۆتىدىغان پەننى ياخشى كۆرىدىغان قىلالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ كەسىپنى ئۆمۈرۋايەت ياخشى كۆرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرەلەيدۇ.

9. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىپ قالماستىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئاچقۇچى ۋە يۇقىرى كۆتۈرگۈچى بولىدۇ.

10. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى بىر ياخشى پىسخىك يېتەكچى بولالايدۇ.

11. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى تۇرمۇشنى سۆيىدىغان، قىزغىن، يۇمۇرىستىك، تولۇپ تاشقان بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان بولىدۇ.

12. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى سەممىي ۋە گۈزەللىككە نىسبەتەن ئالاھىدە سەزگۈر كېلىدۇ.

13. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى ئالىيجاناب پەزىلەتكە، ياخشى خۇي -

خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ.

14. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېقىن دوستى، باردى ـ كەلدى قىلالايدىغان ئادىمى بولغان بولىدۇ.

15. بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھەمراھى بولالايدۇ.

## ئوقۇغۇچىلار نەزىرىدىكى 15 خىل ياخشى ئوقۇتقۇچى

1. بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، ئۆزىدىكى بىلىمنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئوقۇتقۇچى.

2. ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈمچان، مۇئامىلىسى ياخشى، ئۆزى مۇلايىم، سۆزى ئىلمىي، سالاپەتلىك ئوقۇتقۇچى.

3. ئۆزىگە ۋە ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن كۈچى ۋە زېھنىنى ئايىمايدىغان، ھارماي ـ تالماي ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچى.

4. ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلىمايدىغان، ھەر دائىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ غېمىدە بولىدىغان، ئالىيجاناب، خۇشخۇي، مىجەزى ياخشى، ئوچۇق ـ يورۇق ئوقۇتقۇچى.

5. دەرسنى قىزىقارلىق ئۆتىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا تېرىكمەي، قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى.

6. سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، بىلىدىغانلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئۆگىتىدىغان، بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان ئوقۇتقۇچى.

7. قەلبى، ھەرىكىتى، تىلى گۈزەل بولغان، ئوقۇغۇچىلارنى كەمسىتمەيدىغان، ئۆزى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى.

8. ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ خاراكتېرىنى ياخشى چۈشىنىدىغان، ھەر ئىشتا ئۆزى ئۈلگە بولىدىغان، لەۋزىدە تۇرىدىغان ئوقۇتقۇچى.

9. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرىنى قوللاي-دىغان، تەشكىللەيدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان، ئارزۇسىنى كۈچەيتىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا كۆ-ڭۈل بۆلىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدىغان ئوقۇغۇچى.

10. كىچىك پېئىل، ئوقۇغۇچىلار كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرسە سەمىمىي قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتەلەيدىغان ئوقۇتقۇچى.

11. تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرىدىغان، ئوقۇغۇچىلارغا توغرا باھا بېرەلەيدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ئوقۇتقۇچى.

12. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ياراملىق ئادەم بولۇشى ئۈچۈن كۈچىنى سەرپ قىلىدىغان، ۋەتەن، مىللەتنى، ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ كەلگۈسىنى ھەقىقىي تۈردە كۆڭلىگە پۈككەن ئوقۇتقۇچى.

13. كۆڭلىدە ئوقۇغۇچىلارنى قانداق قىلغاندا ياخشى تەربىيە-لەيمەن، ياراملىق ئادەم قىلىپ چىقالايمەن دېگەننى دائىم ئويلايدى-غان چارە ـ تەدبىرلىك ئوقۇتقۇچى.

14. ئوقۇغۇچىلار سەۋەنلىك ۋە خاتالىق ئۆتكۈزگەندە، باشقىلار-نىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرمەي، غۇرۇرىغا تەگمەي، ئاي-رىم سۆھبەت ئارقىلىق تەربىيە بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى.

15. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغىتالايدىغان، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلەيدىغان، جەمئىيەت ئەھۋالىدىن، تۈرلۈك يېڭىلىقلاردىن ئوقۇغۇچىلارنى ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ تۇرالايدىغان ئوقۇتقۇچى.



### ئوقۇغۇچىلار ناچار دەپ قارايدىغان 15 خىل ئوقۇتقۇچى

1. ئوقۇغۇچىلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان، دىلىغا ئازار بې-

رىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن تەن جازاسى بېرى-
دىغان ئوقۇتقۇچى.

2. يېتەرلىك بىلىمى يوق، مېتودى تۆۋەن، دەرسنى كىتابقا قاراپ ئۆتىدىغان، دەرسنى تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان ئوقۇتقۇچى.

3. ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن كارى بولمايدىغان، ئوقۇغۇچىلارغا ئومۇمىيۈزلۈك يۈزلەنمەيدىغان، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىسمەن ئوقۇغۇچىلار بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان ئوقۇتقۇچى.

4. تېرىككەك، ئوڭاي ئاچچىقلىنىدىغان، كىچىككىنە ئىشلارغا چېچىلىدىغان، ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان ئوقۇتقۇچى.

5. ئوقۇغۇچىلارنىڭ، بولۇپمۇ قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ دەرس سۆزلەيدىغان، دەرسكە مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلى-
دىغان ئوقۇتقۇچى.

6. دەرسكە ھاراق ئىچىپ كىرىدىغان، كىيىم ـ كېچەكلىرى رەتسىز، يۈرۈش ـ تۇرۇشى مەدەنىيەتسىز ئوقۇتقۇچى.

7. ئوقۇغۇچىلارنى ھۆرمەت قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان، ئوقۇغۇچىلارغا سەت لەقەملەرنى قويىدىغان، ھە دېسە ئوقۇغۇچىلارنى تىللايدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرىنى ساقلىمايدى-
غان ئوقۇتقۇچى.

8. دەرسكە كېچىكىپ كىرىدىغان، دەرسكە پۇختا تەييارلىق قىلمايدىغان، دەرسنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرەلمەيدىغان، مەسئۇلىيەت بولسا ئوقۇغۇچىلارغا ئارتىپ قويىدىغان ئوقۇتقۇچى.

9. ئوقۇغۇچىلارغا مەدەنىيەتسىز سۆز قىلىدىغان، ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ھاكاۋۇر ئوقۇتقۇچى.

10. ئوقۇتقۇچىلىق ئىناۋىتىنى ساقلىمايدىغان، ئوقۇغۇچىلارغا ئاداۋەت ساقلايدىغان، ئۆچ ئالىدىغان ئوقۇتقۇچىلار.

11. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئازغىنە ئەيىب ـ خاتالىقىنى تېپىۋالسا

ھە دېسە يۈزىگە سالىدىغان، ئۇنى دەسمايە قىلىدىغان، تۈزىتىش پۇرسىتى بەرمەيدىغان، ئىچى تار ئوقۇتقۇچى.

12. ئوقۇغان مەكتىپىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان، خىزمەتنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەيدىغان، لەۋزىدە تۇرمايدىغان ئوقۇتقۇچىلار.

13. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگە، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان، ئىككى يۈزلىمىچى، تاماخور ئوقۇتقۇچى.

14. تەشكىلىلەش ئىقتىدارى يوق، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلمايدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى يولسىز تەنقىدلەيدىغان ئوقۇتقۇچى.

15. ئوقۇغۇچىلارنى شەخسىي ئىشلىرىغا سالىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشمەيدىغان، سىرداشمايدىغان، سۆھبەتلەشكەندە بولسا ئوقۇغۇچىنى تىللاپ بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى.

## ئوقۇتقۇچىلار ياخشى كۆرىدىغان 15 خىل ئوقۇغۇچى

1. ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىدىغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، سىنىپ مۇدىرى بىلەن باشقا دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئوخشاش كۆرىدىغان ئوقۇغۇچى.

2. مەكتەپكە تولۇق كېلىدىغان، مەكتەپنىڭ، سىنىپنىڭ تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملىرىغا ئاڭلىق بويسۇنىدىغان، دەرسكە تولۇق قاتنىشىدىغان، دەرسنى تەكرارلايدىغان، تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا مۇستەقىل ئىشلەيدىغان ئوقۇغۇچى.

3. تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەيدىغان، نەتىجىسىدىن كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان، كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى پاكىز، رەتلىك تۇتىدىغان، خېتى چىرايلىق، كىچىك پېئىل ئوقۇغۇچى.

4. ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان، قىيىنچىلىقى بار ساۋاقداشلىرىغا ياردەم بېرىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان، مەكتەپ ۋە سىنىپ ئۇيۇشتۇرغان ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويىدىغان ئوقۇغۇچى.

5. مەكتەپ ۋە سىنىپنىڭ تۈرلۈك ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان، ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان، باشقىلارغا ئۈلگە بولالايدىغان ئوقۇغۇچى.

6. ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئېلىشقا قىزىقىدىغان، ئىچىملىك، چېكىملىككە بېرىلمەيدىغان، زېھنى ئۆتكۈر، پىكرى چوڭقۇر، ئوچۇق - يورۇق ئوقۇغۇچى.

7. ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان، ئاددىي - ساددا، مۇلايىم ئوقۇغۇچى.

8. قەلبى، ھەرىكىتى، تىلى گۈزەل، ئۈلۈغ ئارزۇ - ئىستەكلەرنى قەلبىگە پۈككەن غايىلىك ئوقۇغۇچى.

9. ئۆزى ۋە باشقىلارنى باشقۇرالايدىغان، ئۆزى ئۈلگە بولالايدىغان، لەۋزىدە تۇرىدىغان ئوقۇغۇچى.

10. خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن ھامان تۈزىتىپ كېتەلەيدىغان، قورسىقىدا غۇم ساقلىمايدىغان ئوقۇغۇچى.

11. شەخسىي تازىلىق، مەكتەپ ۋە سىنىپنىڭ تازىلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، جاپادىن قاچمايدىغان ئوقۇغۇچىلار.

12. دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان، قىلغان ئىشىدا نەتىجە يارىتالايدىغان ئوقۇغۇچى.

13. ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغان، ئىقتىسادچىل، كەلسە - كەلمەس پۇل خەجلىمەيدىغان، ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان ئوقۇغۇچىلار.

14. ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشلارنى ۋاقتىدا قىلىدىغان، مەكتەپ- كە، سىنىپقا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ھەقلەرنى ۋاقتىدا تاپشۇرىدىغان ئوقۇغۇچى.

15. يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك، ۋەتەن، خەلقنى قەلبىگە پۈككەن، كەلگۈسىدە ياراملىق ئەۋلاد بولالايدىغان ئوقۇغۇچى.

## ئوقۇتقۇچىلار ياخشى كۆرمەيدىغان 15 خىل ئوقۇغۇچى

1. ئەخلاق - پەزىلىتى ناچار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلى- مايدىغان، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلىمەيدىغان، بىلىم ئېلىشقا قى- زىقمايدىغان ئوقۇغۇچى.

2. مەكتەپكە تولۇق كەلمەيدىغان، مەكتەپ ۋە سىنىپنىڭ تۈ- زۈملىرىگە بويسۇنمايدىغان، تەشكىلىي تۈزۈم قارىشى، قانۇن - نىزام قارىشى يوق، ئۆزى بىلگىنىنى قىلىپ يۈرىدىغان ئوقۇغۇچى.

3. ئۆگىنىشى ناچار، كىتاب - دەپتەرلىرى يوق، ئۆگەنگەن دەرسلەرنى يازمايدىغان، تاپشۇرۇق ئىشلىمەيدىغان ئوقۇغۇچى.

4. ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتمەيدىغان، ئۇرۇشقاق، ئۇش- شۇق، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى بىلمەيدىغان مەنمەنچى ئوقۇغۇچى.

5. ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش بىلەن خۇشى يوق، ئەمما ئويۇنغا ئامراق، شەخسىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان شەخسىيەتچى، كىيىم - كېچەككە ئامراق ياسانچۇق ئوقۇغۇچى.

6. مېڭە ئىشلەتمەيدىغان، پىكرى چېچىلاڭغۇ، مەكتەپتە كۈننى بىكار ئۆتكۈزىدىغان، كەلگۈسىنى ئويلىمايدىغان، كۈن ئۆتسىلا بولدى دەپ يۈرىدىغان بىغەم ئوقۇغۇچى.

7. ئازغىنە قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، دائىم قاقشاپ، يىغلاپ يۈرىدىغان، ئازغىنا ئىشنى باھانە قىلىپ مەكتەپكە

كەلمەيدىغان، ئوقۇش، بىلىم ئېلىش ئىدىيەسى يوق، ئىرادىسىز، بوشاڭ ئوقۇغۇچى.

8. سۆز ـ ھەرىكىتى قوپال، ئاغزىدىن چىرايلىق گەپ چىقمايدىغان، ھاكاۋۇر، مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىغا ئوقۇپ بەرگىلى كەلگەندەك كېلىدىغان، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىۋالغان بىشەم ئوقۇغۇچى.

9. يالغانچى، ئالدامچى، لەۋزىدە تۇرمايدىغان، ئۆزىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ئۆزى تۆكىدىغان، ئۆزىنى ـ ئۆزى باشقۇرالمايدىغان، مىجەزى ئەسكى، ئىككى يۈزلىمچى ئوقۇغۇچى.

10. تەنقىدنى قوبۇل قىلمايدىغان، كەمچىلىكنى تۈزەتمەيدىغان، قايتا ـ قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئاڭلىمايدىغان يۈزى قېلىن ئوقۇغۇچى.

11. تازىلىقنى، ئەمگەكنى سۆيمەيدىغان، راھەتتە ئالدىدا، جاپادا كەينىدە تۇرىدىغان، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلىمەيدىغان ئوقۇغۇچى.



12. ئۆگىنىش ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ئاكتىپچانلىقى يوق، نەتىجىسى يوق، مەكتەپكە كېلىپ ـ كېتىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان غۇرۇرسىز ئوقۇغۇچى.

13. ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشمەيدىغان، ھەدېسە ئاتا ـ ئانىسىدىن پۇل ئېلىپ قالايمىقان خەجلەيدىغان، بەتخەج، نەپسىنى يىغالمايدىغان، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالىدىغان ئاچ كۆز ئوقۇغۇچى.

14. مەكتەپ ۋە سىنىپتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشلارنى ۋاقتىدا قىلمايدىغان، مەكتەپ ۋە سىنىپلارغا تاپشۇرىدىغان ھەقلەرنى ۋاقتىدا تاپشۇرمايدىغان، ھورۇن، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ئوقۇغۇچى.

15. يېڭىلىققا، يېڭى بىلىمگە ئىنتىلمەيدىغان، دەۋرنىڭ ئار-

قىسىدا قالغان، رىقابەت ئېڭى يوق، كەلگۈسىدە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش ئەمەس، ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىپ ياشاش ئارزۇسىدا بولىدىغان، دەۋرنىڭ قانداق ياشلارغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئويلىمايدىغان ئوقۇغۇچى.

# ئاتا ـ ئانىلار ۋە بالىلار ساغلاملىقى

## بالىلار ئالتە ئۇزاقتىن ساقلىنىشى كېرەك

1. ئۇزاق ئولتۇرۇش: بويۇن ۋە پۇت مۇسكۇللىرىنى تارايتىپ، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، قان ئازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. ئۇزاق يېتىش: كەيپىياتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، بەدەننىڭ ماددا ئالمىشىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىپ، روھىي چۈشكۈنلۈكنى، دېۋەڭلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3. ئۇزاق ئۆرە تۇرۇش: پۇت ۋېنا تومۇرىدىكى قانلارنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، پۇت ۋېناسىنىڭ ئېگىلىپ قېلىشى ۋە زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پۇت ئىششىپ، سۆڭەك ۋە لېپەك ئوڭاي كاردىن چىقىدۇ.

4. ئۇزاق يول يۈرۈش: ھەرقايسى بوغۇملارنىڭ زىيادە چارچىشىنى پەيدا قىلىپ، پەيلەرنىڭ سوزۇلۇپ زەخىملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

5. ئۇزاق ماتېرىيال كۆرۈش: كۆز مۇسكۇلى ۋە كۆرۈش پەردىسىنى زىيادە چارچىتىپ، كۆزنىڭ ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئوڭايلا يىراقنى كۆرەلمەس قىلىپ قويىدۇ.

6. ئۇزاق ئويلىنىش: چوڭ مېڭىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، نېرۋا ئاجىزلىق، ئۇيقۇسىزلىق ۋە دېۋەڭلىك كېسىلىنى پەيدا قىلىپ، نېرۋىنى ئېغىر زەخىملەندۈرىدۇ.

## بالىلاردا كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان ئون خىل ئامىل

1. ئاتا ـ ئانىسى ياكى جەمەتىدىكى ئىرسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك

تۇرلۇك كېسەللىكلەر. بۇ خىل كېسەللىكنىڭ باللاردىمۇ كۆرۈ-
لۈش ئېھتىمالى بولىدۇ.

2. ئانا ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ياكى تۇغۇت مەزگىلىدە تۇر-
لۇك يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا، بالا تۇغۇلغاندىن
كېيىنمۇ شۇ خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش ئېھتىماللىقى
بولىدۇ.

3. ئانىنىڭ ھامىلىدارلىق ياكى تۇغۇت مەزگىلىدە بەدىنى ئا-
جىز، ئېغىرلىقى تۆۋەن بولسا ياكى قىيىن تۇغۇت ھادىسىسى كۆ-
رۈلگەن بولسا ۋە ياكى بالا بالدۇر تۇغۇلۇپ قالغان بولسا، بۇنداق
باللارنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز
بولىدۇ ـ دە، ئاسان كېسەل بولىدۇ.

4. ئانا سۈتى يېتىشمەسلىك، ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولماسلىق، ئو-
زۇقلۇقى ناچار بولۇش سەۋەبىدىن باللاردا قان ئازلىق كېلىپ
چىقىدۇ. بۇنداق باللار ئاسان كېسەل بولىدۇ.

5. بوۋاق مەزگىلىدە تاماق تاللاش ئوزۇقلۇق تەكچۇكلۇقىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتى كەملىك
پەيدا بولىدۇ ـ دە، باللار ئاسان كېسەل بولىدۇ.

6. مۇداپىئە ئوكۇللىرىنى ۋاقتىدا سالدۇرماسلىق تۈپەيلىدىن
باللار ئاسان يۇقۇملۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

7. ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلىدىكىلەرنىڭ زىيادە ئامراقلىقى باللار-
نىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈ-
زۈپ پىسخىكىسىدا غەيرىي ھالەت پەيدا قىلىدۇ ھەم ئاسان كېسەل-
لىككە ئېلىپ بارىدۇ.

8. ئائىلە تازىلىقى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقىنىڭ ياخشى
بولماسلىقى باللاردا يۇقۇملۇق كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

9. كىيىم ـ كېچەك ۋە بەدەن تازىلىقىنىڭ ياخشى بولماسلىقى
باللاردا ئاسان كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

10. ئائىلىدىكى ئىناقسىزلىق، ئائىلە كەيپىياتىنىڭ جىددىي-

لىشىشى بالىلارنى روھىي جەھەتتىن چەكلەپ، پسىخىكا جەھەتتىن نابۇت قىلىپ ئاسان كېسەل پەيدا قىلىدۇ.

## بالىلاردىكى يالغۇزلۇق كېسەللىكىنىڭ 18 خىل ئالامىتى

1. ئاۋازغا قارىتا ئىنكاس بولماسلىق.
2. ئوخشاش ياشتىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتەلمەسلىك.
3. ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىش.
4. مۇھىتقا قارىتا سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇش.
5. دورامچىلىق قىلىش.
6. نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تىزىشنى ياخشى كۆرۈش.
7. غەلىتە، سىرلىق كۈلۈش.
8. نورمال ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى رەت قىلىش.
9. غەلىتە ئويۇنلارنى ئويناش.
10. ھەرىكەت تەرەققىياتى ماسلىشىشچان بولماسلىق.
11. ئاغرىققا بولغان سەزگۈرلۈكى كۈچلۈك بولماسلىق.
12. كۆز نۇرى كۈچلۈك بولماسلىق.
13. مەلۇم نەرسىگە زىيادە تايىنىۋېلىش.
14. سەۋەبسىز يىغلاش ۋە غەلۋە قىلىش.
15. بەك كەپسىز ياكى بەك جىمغۇر بولۇش.
16. سۆيۈش ۋە قۇچاقلاشنى رەت قىلىش.
17. ھەقىقىي خەۋپتىنمۇ قورقۇپ كەتمەسلىك.
18. ئېھتىياجىنى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەش.

## تېلېۋىزورنىڭ بالىلارغا كۆرسىتىدىغان ياخشى ۋە يامان تەسىرى

ئادەتتە 3 ~ 6 ياشلىق بالىلارنىڭ ھەممىسى تېلېۋىزور كۆ-رۈشكە ئامراق بولىدۇ. تېلېۋىزور كۆرۈش بالىلارنىڭ تۇرمۇشىدا

كەم بولسا بولمايدىغان تەركىب. ئۇنداقتا تېلېۋىزور بالىلارنىڭ ساغلاملىق تەرەققىياتىغا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ؟ تېلېۋىزور بالىلارنىڭ ھېسسىي تۇيغۇ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تېلېۋىزوردىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ۋە يېقىملىق مۇزىكىلار بالىلارنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سېزىمىگە نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ، بالىلارنىڭ ھېسسىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تېلېۋىزور بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. 3 ~ 6 ياشلىق بالىلار كونكرېت، ئوبرازلىق ماتېرىياللارنى ئوڭاي ئېسىدە ساقلايدۇ. بالىلار تېلېۋىزور ئارقىلىق ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى بىر قەدەر ئاسان ئېسىدە قالدۇرالايدۇ. چۈنكى، تېلېۋىزوردا ھەرىكەت، سۈرەت ۋە ئاۋاز تەڭلا ئىپادىلەنگەچكە، بالىلارنى قاتتىق جەلپ قىلىپ، قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. مەسىلەن، تېلېۋىزوردا قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە بىر تۇخۇمدىن چۈجە چىققانلىقى، چۈجە چوڭ بولۇپ تۇخۇم تۇغقانلىقى كۆرسىتىلدۇ. بۇنىڭدىن بالىلار شەيئىلەرنىڭ پۈتكۈل ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆرۈۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەسىرلىك ئوبرازلار ئارقىلىق نۇرغۇن مۇرەككەپ قانۇنىيەتلەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئەستە تۇتۇش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. تېلېۋىزور بالىلارنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بالىلار تېلېۋىزور كۆرسە بىلىمى كۆپىيىدۇ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ. تېلېۋىزوردا ئىپادىلەنگەن ئوبيېكت ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغاچقا، بالىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى قوزغايدۇ. تېلېۋىزور بالىلارنىڭ تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تېلېۋىزوردىكى تەسىرلىك بالىلار ناخشىسى، بالىلار ھېكايىسى ۋە مەسىلىلەرنى بايان قىلىشتا ئىشلىتىلگەن قېلىپلاشقان گۈزەل تىل بالىلارغا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ تىل ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەلۋەتتە، بالىلارنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈش ۋاقتى بەك كۆپ بولۇپ

كەتسە، ئائىلىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىش پۇرسىتى ئازلاپ كېتىدۇ ـ دە، تىل بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يې ـ تىدۇ. تېلېۋىزور بالىلارنىڭ ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە بالىلار ئۆز يېشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كارتون فىلىم، بالىلار مە ـ دەنىيەت پىروگراممىلىرى قاتارلىق تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى كۆرسە، ئۇنىڭدىن تەربىيە ئېلىپ، بىلىم ئۆگىنەلەيدۇ. ئەكسىچە، ئۆز يېشىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان فىلىملەر، مەسىلەن، تېررور ـ لۇق، شەھۋانىي فىلىملەرنى كۆرسە، بالىلارغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىلار بەزى ناچار ھەرىكەتلەرنى دوراپ ئۆگىنىدۇ، بۇ بالىلارنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىسىز. تېلېۋىزور بالىلارنىڭ تەن سالامەتلىكىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەگەر بالىلار تېلېۋى ـ زورنى ئۇزاق كۆرسە، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېلېۋىزور بىلەن بولغان ئا ـ رىلىقنى توغرا ئىگىلىيەلمىسە، ئاسانلا يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت مىدىرلىماي ئولتۇ ـ رۇۋەرسە، پۇت كۇچى ئاجىزلاپ، چوڭ مېڭىمۇ ئوبدان دەم ئالالماي، بالىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يېتىدۇ.

### بالىلارنى كومپيۇتېر بىلەن بەك بالدۇر ئۇچراشتۇرماسلىق كېرەك

بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى بال ـ دۇر يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، بالىلارنى ئىككى ـ ئۈچ ياشتىن باشلاپلا كومپيۇتېر بىلەن ئۇچراشتۇرۇۋالىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاتا ـ ئانىلار سەمىگە شۇنى سالىمىزكى:

1. ئۇزۇن ۋاقىت كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرغاندا، ئېلېكتىر ماگنىت رادىياتسىيەسى بالىلارنىڭ يېتىلىۋاتقان مېڭە توقۇلمىلى ـ رىغا بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزىدۇ.

2. ئۇزۇن مۇددەت كومپيۇتېر ئېكرانىغا قاراۋەرسە كۆرۈش

قۇۋۋۋتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

3. بالىلارنىڭ 3 ～ 4 ياش مەزگىلى سانلارنى ئەستە تۇتۇش، تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرىدىغان ئەڭ ياخشى مەزگىلى. پەقەت كومپيۇتېرغىلا تايانغاندا بالىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش، ھېسابلاش ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

4. نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلار بالىلارنىڭ سوئالىنىڭ جاۋابىنى جەزملەشتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بالىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، تاينىۋېلىش پسىخىكىسى شەكىللەندۈرىدۇ، ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

5. كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ نۇرغۇنلىغان بىلىم ۋە ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولۇشقا بولىدۇ، لېكىن بالدۇر بېرىلىپ كېتىپ، ئېلېكترونلۇق ئويۇنلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشمۇ بىر ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بالىلاردا ئەتراپتىكى مۇھىتقا كۆنەلمەيدىغان، ئىجتىمائىي ئالاقە تۆۋەنلەپ كېتىدىغان غەيرىي مىجەزلەر شەكىللىنىپ قالىدۇ.



## بالىلار تاماق يېگەندە ئۇن ئىشتىن ساقلىنىشى كېرەك

1. قورساقنى بەك تويغۇزۇۋەتمەسلىك كېرەك. قورساق بەك توپۇپ كەتسە، كۆپ مىقداردىكى تاماق چوڭ ئۈچەيدە تۇرۇپ قېلىپ، زەھەرلىك ماددىلار پەيدا قىلىدۇ.

2. تاماقنى بەك تېز يېمەسلىك لازىم. يېمەكلىكلەرنى چالا ـ پۇلا چايناپ يۇتۇۋەتكەندە، ئۇ شۆلگەي بىلەن تولۇق ئارىلىشالمايدۇ.

3. تاماقنى قىزىق يېمەسلىك كېرەك. تاماقنى قىزىق يېگەندە، ئۇ ئېغىز بوشلۇقى، قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازاننى ياللۇغلاندۇرۇپ قويىدۇ.

4. تاماق يېگەندە كۆڭۈلنى بۆلمەسلىك لازىم. بىر ياقتىن تاماق يەپ، بىر ياقتىن تېلېۋىزور كۆرۈشكە ياكى كىتاب ئوقۇشقا بول-

مايدۇ. بۇنداق تاماق ھەزىمنىڭ راۋان بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

5. تاماقنى سۈيۇلدۇرۇپ يېمەسلىك لازىم. سۈيۇلدۇرۇلغان تاماق چاينالماي ئۆتۈپ كەتكەن بىلەن، ئاسانلىقچە ھەزىم بولمايدۇ.

6. تاماق يەۋېتىپ سۇ ئىچمەسلىك لازىم. ئۇنداق قىلغاندا ھەزىم قىلىشقا تەسىر يېتىدۇ.

7. بەك سوغۇق يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىك كېرەك. مۇزدەك سوغۇق يېمەكلىك ئاشقازان ئاغرىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

8. تاماق ئۈستىدە چاقچاق قىلىشماسلىق، ئويناشماسلىق كېرەك. بولمىسا يېمەكلىك ئاسانلا نەپەس يولىغا كىرىپ قالىدۇ.

9. تاماق تاللىماسلىق لازىم. تاماق تاللىسا ئوزۇقلىنىش ناچارلىشىش كېلىپ چىقىدۇ.

10. تاماق ئۈستىدە بالىلارنى سىلكىشلىمەسلىك كېرەك. بۇنداق بولغاندا نەپەسلىنىش ۋە ھەزىم قىلىش توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.



## بالىلاردىكى تاماق تالالاش خاھىشىنى ئۆزگەرتىش كېرەك

كۆپىنچە بالىلار تاماق تاللايدۇ. بالىلار تاماق تاللىسا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش كېرەكلىك ئوزۇقلۇققا تولۇق ئېرىشەلمەيدۇ ـ دە، بالىلاردا ئوزۇقلۇق ياكى ۋىتامىن يېتىشمەسلىك كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ناچار تەسىر بەلكىم پىسخىك جەھەتتىمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن تاماق تالالاش ئاسانلا شەخسىيەتچىلىك پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. تەڭ قورساق بولۇش ۋە پايدا ـ مەنپەئەتتىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتەك ياخشى خاراكتېرنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ. مۇبادا شۇنداق مىجەز شەكىللىنىپ قالسا، باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيدۇ. بۇ خىل مىجەزنى ئۆزگەرتىشمۇ تەس بولىدۇ. شۇڭا، مەيلى

قايسى جەھەتتىن بولسۇن، ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ تاماق تاللاش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، بالىلارنىڭ بۇ ئۆتكەلدىن بالدۇرراق ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. بالىلارنىڭ تاماق تاللاش ئادىتىنى ئۆزگەرتىشتە، ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى تاللاپ قوللىنىشى كېرەك:

1. بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ يېمەكلىك ۋە ئوزۇقلۇققا ئائىت بىلىملەرنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى تاماق تاللاشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

2. بالىلار يېيىشنى ياقتۇرمايدىغان كۆكتاتنىڭ تەمىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېخىمۇ ياخشى، تۈرىنى تېخىمۇ كۆپ قىلىش كېرەك.

3. بالىلار ياخشى كۆرىدىغان كۆكتاتقا ياخشى كۆرمەيدىغان كۆكتاتنى قوشۇپ بېرىش كېرەك.

4. بالىلار يېڭى يېمەكلىكلەرنى ياكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان يېمەكلىكلەرنى يېسە، مۇۋاپىق تەقدىرلەپ قويۇش كېرەك.

5. بالىلار ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى تېتىپ بېقىشقا ئۇنىسا، ئۇنى كۆپ يېيىشكە مەجبۇرلىماسلىق كېرەك. قانچىلىك يېيىشنى بالا ئۆزى بېكىتسە بولىدۇ.

6. يېمەكلىكنى تاللاش ۋە تەييارلاشقا بالىنىمۇ قاتناشتۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا بالىنىڭ يېمەكلىككە بولغان قىزىقىشىنى قوزغاپ، تاماق تاللىماسلىققا يېتەكلەش كېرەك.

## بالىلارنىڭ ئىشتىھاسىغا قاراپ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلىۋېلىش

1. ياغسىز يېمەكلىكلەرگە ئامراقلار: ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، چىقىشقاق كېلىدۇ، بىراق مۇستەقىل ئىش قىلىشنى خالىمايدۇ.

2. تاتلىق يېمەكلىكلەرگە ئامراقلار: قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق، چىقىشقاق، بىراق ئازراق ئاجىز، قورقۇنچاق كېلىدۇ.

3. ئاچچىق يېمەكلىكلەرگە ئامراقلار: پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇپ، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ، بىراق كۆپرەك باشقىلارنىڭ كەينىدىن سۆزلەيدىغان نۇقسانلىرى بولىدۇ.

4. ياغدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرگە ئامراقلار: مۇلايىم، ھەرقانداق كىشى بىلەن چىقىشالايدۇ، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمايدۇ.

5. چىلىغان كۆكتاتقا ئامراقلار: ئېغىر - بېسىق، جاپاغا چىدايدۇ، پىلانلىق ئىش قىلىدۇ. ئادەتتە باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. يوغانچىلىقى يوق، بىراق بىر نەرسىگە تېز قىزىپ، تېز سوۋۇيدۇ.

6. دۇملەپ پىشۇرۇلغان تاماققا ئامراقلار: ئېغىر - بېسىق، ئاسان تەسىرلىنىپ كەتمەيدۇ.



7. سوغۇق يېمەكلىكلەرگە ئامراقلار: تەبىئەت دۇنياسىغا ئىنتايىن قىزىقىدۇ، غەيرەتلىك كېلىدۇ، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاسانلىقچە يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ.

8. گۇرۇچ تاماققا ئامراقلار: ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ يۈرىدۇ. دائىم ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىدۇ، ئىشنى جانلىق، ئەتراپلىق بىر تەرەپ قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى خالىمايدۇ.

9. ئۇن تامىقىغا ئامراقلار: بىرقەدەر ئىخلاسمەن، ئىنتىلىشچانلىقى كۈچلۈك، مىجەزى ئىتتىك، يول كۆرسىتىشكە ئامراق كېلىدۇ، بىراق كەسكىن ئەمەس.

## بالىلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىشنىڭ ئون خىل ئۇسۇلى

ئىشتىھاسىزلىق ئون ياشتىن تۆۋەن بالىلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، ئۇ كېسەللىك ئالامىتىدىن باشقا،

ناچار ئۇزۇقلىنىش ئادىتى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىشى ۋە بالىلارنىڭ بەدىنىدىكى مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ كەم بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ . شۇڭا، بالىلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپكە دىققەت قىلىش لازىم:

1. تۇرمۇشنى رىتىملىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى ۋاقتىدا تاماق يېيىشى ۋە ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىللە يېيىشى لازىم.

2. بالىلارغا گۆش ۋە كۆكتات ئارىلاشقان تاماق بەرگەندە، ئۇلارنىڭ تاماق تاللاش ئادىتىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

3. تاماقنى خۇشال ـ خۇرام ۋە تىنچ مۇھىتتا يېيىشى، بالىلارنى ئالداش، قورقۇتۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تاماق يېيىشكە مەجبۇرلىماسلىقى، تاماق ۋاقتىدا تىللاشتىن، ئۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇلار قانچە جىددىيلەشسە، تاماقنى شۇنچە ئاز يەيدۇ.

4. تاماقنى بالا چارچىغاندا ئەمەس، بەلكى قورسىقى ئاچقاندا بېرىش لازىم.



5. بالا تاماقنى ياخشى يېگەندە مۇۋاپىق ماختاپ قويۇش كېرەك، تاماق يېمەي تۇرۇۋالغاندا شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بەزى بالىلار تاماق يېمەي تۇرۇۋېلىش ئارقىلىق چوڭلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ، بولۇپمۇ ئۇلار خاپا بولغاندا ياكى خەتەرلىك تۇيغۇدا بولغاندا شۇنداق قىلىدۇ.

6. تاماق تۈرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىش لازىم ، بولۇپمۇ تاماقنىڭ تەمىگە ئېتىبار بېرىش، بالا گۆش يېيىشنى خالىمىسا، تۇگرە ياكى چۆچۈرە قىلىپ بېرىش، بېلىق يېمىسە بېلىق كۇمۇلچى قىلىپ بېرىش لازىم .

7. بالا ئۇسساپ كەتسە تاماقنى ئاز يەيدۇ، بىراق تاماق يېيىشتىن ئاۋۋال ئىچىملىك بىلەن قورسىقىنى تويدۇرۇۋېلىشقا يول قويماسلىق لازىم.

8. خۇرۇچى كۆپ ۋە تۇزلۇق يېمەكلىكلەرنى كۆپ بەرمەسلىك لازىم. تاتلىق ـ تۇرۇملارنى ئامال بار ئاز بېرىش، ساغلام بالىلارغا

ئادەتتە ئوزۇقلۇق تولۇقلاش يېمەكلىكلىرىنى بەرمەسلىك لازىم.

9. مىكرو ئېلېمېنتلار كەم بولۇشتىن ئىشتىھاسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى دورا بېرىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى يېمەكلىك ئارقىلىق تولۇقلاش لازىم.

10. بالا ئاغرىپ قالغاندا ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئاز ـ ئازدىن كۆپ قېتىم بېرىش كېرەك. مەسىلەن، تاماق يېيىشنى خالىمىغاندا زورلىماي بىردەم تۇرغۇزۇپ بېرىش، ئىچ سۈرۈپ ياكى قىزىپ قالغاندا قايناق سۇنى كۆپرەك ئىچۈرۈش لازىم.

## بالىلارنىڭ ئىچىملىككە ئامراق بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك

1. بەزى ئىچىملىكلەر ئادەمنىڭ تەشنالىقىنى باسالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بەدەندە سۇسىزلىنىش ئالامىتى پەيدا قىلىپ، ئادەمنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇسسىتىۋېتىدۇ.

2. ئىچىملىكنى بولۇشىغا ئىچىش بالىلارنى بىر بولسا سەمرىتىۋېتىدۇ، بىر بولسا ئورۇقلىتىۋېتىدۇ، ئەمما بۇ مۇشۇ خىل ئالامەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى، خالاس.

3. ئىچىملىككە قوشۇلغان سۈنئىي ئوزۇقلۇق تەركىب بىلەن چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىلىرى بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولىدۇ.

4. ئىچىملىكنى زىيادە كۆپ ئىچىش ـ بالىلاردا كۆپ خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

5. ئىچىملىكنىڭ تەركىبىدە ئىشقارلىق تەركىبلەر مول، ئاز ـ ئاز ئىچىپ بەرگەندە ھەزىم قىلىشقا پايدىلىق، ئاشقازاندىكى زەردابنى تارتىدۇ؛ زىيادە كۆپ ئىچكەندە، ئاشقازاننىڭ ئىشقارلىشىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى نابۇت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى يېنىك بولسا ھەزىم قىلىش توسالغۇغا

ئۈچراش كېسەللىكى بىلەن نەتىجىلەنسە، ئېغىر بولغاندا ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنى بىرمۇنچە كېسەللەرگە بوغۇپ قويىدۇ.

## باللار شاكىلاتنى كۆپ يېمەسلىكى كېرەك

شاكىلاتنىڭ تەركىبىدە بىر خىل بىرومىدلىق بىرىكمە بار بولۇپ، ئۇ شاكىلاتنىڭ تەركىبىدىكى كوفېئىن بىلەن بىرلىكتە رول ئويناپ، باللارنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلاپ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسىگە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شاكىلاتنىڭ تەركىبىدە مەلۇم مىقداردا چۆپ كىسلاتاسى بار بولۇپ، ئۇ ئورگانىزمنىڭ كالتسىينى سۈمۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، باللارنىڭ سۆڭىكىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، باللار تاتلىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان شاكىلاتنى يېسە، ئۇلارنىڭ چىشىنى چىرىتىۋېتىدۇ؛ چايناش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىپ، ئاشقازان، ئۈچەينىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. باللار شاكىلاتنى مۇۋاپىق مىقداردا يېسە بولىدۇ، لېكىن ئۇنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېمەسلىكى كېرەك.

## ئاتا - ئانىلار ئەتىگەندە بالىنى تىللىماسلىقى كېرەك

ئامېرىكىدا چىقىدىغان «كىتابخانىلاردىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى 1000 دىن ئارتۇق بالىنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى ۋە تەلەپلىرىنى ئىگىلىگەن. يەنى باللارنىڭ بىر تەلىپى «ئاتا - ئانىمىز ئەتىگەنلىكى ئاغزىنى بۇزۇپ بىزنى تىللىمىسا ئىكەن» دېگەن ئۈمىدتىن ئىبارەت ئىكەن.

ئەتىگەنلىكى ھەممە كىشى تازا ئالدىراش بولىدىغان ۋاقىت بولۇپ، ئاتا - ئانىلار ئەتىگەنلىك تاماق تەييارلايدۇ، ئۆيلەرنى سۈپۈرىدۇ، باللىرىغا مەكتەپ تەييارلىقىنى قىلىشىپ بېرىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار ئاڭسىزلارچە ۋارقىراپ تۇرۇپ «دەرسكە كېچىكىسەن،

چاققان بول، ھۇرۇن، كالامپاي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن بالىلىرىغا كايىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا تۇرغان بالىلىرىنى ئەيىبلىسە، ئۇ ھالدا بۇ خىل ئەيىبلەش پۈتۈن بىر كۈن بالىلارنىڭ كاللىسىدىن كەتمەيدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا تەسىر يېتىدۇ. پسىخولوگلار «ئاۋاز بالىلاردا ناھايىتى ئوڭايلا قورقۇنچ پەيدا قىلىدۇ، قاتتىق ئەيىبلەش بالىلارنىڭ ئەتىگەندىكى تېتىنچ كەيپىياتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، پۈتۈن بىر كۈن بىئارام قىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. مەشھۇر بالىلار مائارىپى مۇتەخەسسىسى چېن خېچىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئەتىگەنلىكى بالىنى تىللىغاندا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قورساق كۆپۈكى ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، لېكىن بۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ».



## ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ھەرگىز قورقۇتماسلىقى كېرەك

بىرەيلەن ناھايىتى ئۇزاق يىل يىغقان پۇلىغا يېڭى ماشىنا سېتىۋاپتۇ ۋە ئۇنى ھەر كۈنى كەچتە يۇيۇپ تازىلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ھەر قېتىم ماشىنىنى يۇغاندا ئالتە ياشلىق ئوغلىمۇ ياردەملىشىدىكەن. ئۇ ئوغلىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن بەكمۇ مەمنۇن ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئادەم بەك ھېرىپ كەتكەچكە، ماشىنىنى ئەتىسى يۇماقچى بولۇپتۇ. ئاتىسىنىڭ ھارغىن ھالىتىنى كۆرگەن بالا ماشىنىنى يۇيۇپ قويماقچى بوپتۇ، كىچىككىنە ئوغلىنىڭ غەيرىتى ئاتىنى تېخىمۇ مەمنۇن قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغلىنىڭ ماشىنىنى يۇيۇشىغا ماقۇل بوپتۇ. بىراق بالا ماشىنا يۇيۇشقا ئىشلىتىدىغان دەسمالنى تاپالماي، ئۇدۇل ئاشخانىغا يۇگۇرۇپ كىرىپتۇ ۋە «ئانام ھەمىشە قازاننى سىم چوتكىدا يۇسا پاكىز بولىدىكەن، دەسمال بولمىغاندىن كېيىن سىم چوتكىدا يۇيايچۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ماشىنىنى سىم چوتكىدا يۇيۇپتۇ. بىراق يۇ-يۇپ بولۇنغان ماشىنىغا قاراپ پاڭگىدە يىغلىۋېتىپتۇ. «ئەمدى قانداق قىلارمەن» دېگىنىچە ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ يىغلاپ تۇ-رۇپ دەپتۇ: «ئاتا مېنى كەچۈرۈڭ! سىز بېرىپ قاراپ بېقىڭا.» ئا-تىسى بالىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ - دە، ماشىنىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ:

«ئاھ پەرۋەردىگار! ئېيتقىنا، بۇ تېخى يېڭى ماشىنا ئىدىغۇ؟ بىر ئاي بولار - بولمايلا كاردىن چىقىپتۇ. مەن ئوغلۇمنى قانداق جازا-لىسام بولار؟»

بىراق ئۇ تۇيۇقسىزلا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇنداق بىر سادانى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ: «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات!» شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بوپتۇ.

145 ئاتا لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان ئوغلىنى باغرىغا باسقىنىچە مۇنداق دەپتۇ:

— ماشىنا يۇيۇپ بەرگىنىڭگە رەھمەت ئوغلۇم. سەن دېگەن مې-نىڭ كۆز قارچۇقۇم تۇرساڭ، بىر ماشىنا دېگەن سېنىڭ ئالدىڭدا نېمىتى؟

مۇنداق بىر ھېكمەت بار: «باشقىلارغا مېھرىبان بول، كەڭ قورساقلىق قىلغىن، بالىلىرىڭغا تېخىمۇ شۇنداق».

## بالىلارنى بەك ئېغىر چېنىقتۇرۇشقا بولمايدۇ

مەيلى ياش - ئۆسمۈرلەر، ياشانغانلار ۋە ياكى باشقا ياشتىكى كىشىلەر بولسۇن، چېنىقىشنىڭ ئادەم بەدىنىگە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى ئىنتايىن كۆپ. ئەمما چېنىقىدىغان كىشىنىڭ يېشى، بە-دەن ساغلاملىقى ۋە باشقا ئامىللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن

چېنىقىشنىڭ مىقدارى، تۈرى، شەكلىمۇ مۇۋاپىق تاللىنىشى ۋە كونترول قىلىنىشى كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەر ئۆچۈن ئېيتقاندا، ئۆگىنىش بىلەن چېنىقىشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن چوڭ پايدىسى بار، ئەمما چېنىقىش بەك ئېغىر بولۇپ كەتسە زىيانلىق. چۈنكى ھەرىكەت مىقدارى بەك ئېغىر بولغاندا، بەدەن ۋاقىتلىق ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك ھالىتىدە تۇرىدۇ. قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن بۇ خىل ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك پەقەتلا مۇسكۇللارنىڭ ۋاقىتلىق ئاغرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمما ياش - ئۆسمۈرلەردە بولسا، مۇسكۇللارنىڭ ئاغرىشىدىن باشقا بەدەندە نۇرغۇنلىغان ئەركىن رادىكاللىق بىرىكمىلەر قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ئەركىن رادىكاللىق بىرىكمىلەر بەدەندىكى ھەر خىل مۇھىم ئۆستۈرگۈچى هورمۇنلارنى ئاكتىپسىزلاشتۇرۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ سۆڭىكىنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ سۆڭىكىنىڭ ئېلاستىكلىقى ياخشى بولغاچقا، بەك ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ مەشىق قىلسا، سۆڭەك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياش - ئۆسمۈرلەر چېنىققاندا ھەرىكەتنىڭ مىقدارى، تۈرى، ۋاقىتنى ياخشى تاللىشى، ھەرىكەت مىقدارىنى بەك ئېغىر قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك.

## بالىلاردىكى قان ئازلىقنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش كېرەك

1. بالىلارنى ئانا سۈتى بىلەن بېقىش كېرەك. ئانا سۈتىدىكى تۆمۈر بىيولوگىيەلىك پايدىلىنىش نىسبىتى ۋە سۈمۈرۈلۈش نىسبىتى كالا سۈتىدىن يۇقىرى. بوۋاق تۆت ئايلىق بولغاندىن كېيىن تۇخۇم سېرىقى، جىگەر بوتقىسى، گۆش قىيمىسى، پۇرچاق ئۇنى، ئۇبدان پىشۇرۇلغان كۆكتات يوپۇرمىقى قاتارلىق تەركىبىدە تۆمۈر

ماددىسى بولغان قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بېرىش كېرەك، كالا سۈ-
تى بىلەن باقفان بالىلارغا بالدۇرراق، يەنى ئىككى - ئۈچ ئايلىق
بولغاندا بېرىش كېرەك. بالىلىق دەۋرىدە ھەر كۈنى تۆمۈر ماددى-
سىغا بولغان ئېھتىياج 10 ~ 15 مىللىگىرام، بالاغەتكە يەتكەن
قىزلارنىڭ ھەر كۈنى 20 مىللىگىرام بولىدۇ، ھەر كۈنلۈك يېمەك-
لىكتىكى تۆمۈر ماددىسىنىڭ مىقدارى بۇ تەلەپكە يەتمىسە، تۆمۈر
ماددىسىنى تولۇقلىغۇچى دورىلارنى بېرىش كېرەك.

2. ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش ماھارىتىنى ئىگىلەش كېرەك. با-
لىلارغا بېرىلىدىغان يېمەكلىكلەر چوقۇم بالىنىڭ يېشى، ھەزىم
قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈ-
شى كېرەك. ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ تۈرى تولۇق بولۇش، مىقدارى
ۋە نىسبىتى مۇۋاپىق بولۇش، يېمەكلىك بەك تۇجۇپىلەپ پىش-
شىقلانمىغان بولۇش، تەركىبىدىكى شېكەر كۆپ بولۇپ كەتمەسلى-
كى، بەك ياغلىق بولماسلىقى، بەك تەملىك ۋە غىدىقلاش تەسىرى
بولماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداقلا رەڭگى، پۇرىقى، تەمى ياخشى
بولۇشى، بالىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىشقا پايدىلىق بولۇشى كېرەك.

3. بالىلارغا يېڭى كۆكتات، مېۋىلەرنى كۆپرەك بېرىش كېرەك.
يېڭى كۆكتات، مېۋىلەرنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن C مول بولۇپ،
يېمەكلىكتىكى تۆمۈر ماددىسىنى سۈمۈرۈشكە پايدىلىق، ھەرقانداق
يېمەكلىك بەدەن ئېھتىياجلىق ھەممە ئوزۇقلۇقنى تولۇقلىيالماي-
دۇ، شۇڭا يېمەكلىكنى تەڭشەشتە چوقۇم تەڭپۇڭلۇق بولۇشى كېرەك.

4. تاماق تاللاش قاتارلىق بەزى ناچار ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرىنى
ئۆزگەرتىش كېرەك. بالىلاردىكى قان ئازلىققا تاقابىل تۇرۇشتا مۇ-
تەخەسسىسلەر: يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، بولۇپمۇ ھايۋانات
جىگىرى، گۆش، بېلىق قاتارلىقلارنىڭ نىسبىتىنى مۇۋاپىق كۆپەي-
تىش، پۇرچاق ۋە يېشىل يوپۇرماقلىق كۆكتاتلارنى كۆپرەك يې-
يىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ھامىلىدار ئاياللار بىلەن بالا ئېمىتىۋاتقان

ئانىلارنىڭ تۆمۈر ماددىسىغا بولغان ئېھتىياج كۈچلۈك بولغانلىقـ
تىن، ئۇلار تەركىبىدە تۆمۈر ماددىسى بولغان يېمەكلىكلەرنى كۆپ ـ
رەك ئىستېمال قىلىش بىلەن بىللە، تەركىبىدە ۋىتامىن C بىلەن
ۋىتامىن A مول مېۋە ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال
قىلىپ، تۆمۈر ماددىسىنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى ياخشىلاش كېرەك.

## بالىڭىزنىڭ ئويۇنچۇقى قانچە ئاز بولسا شۇنچە ياخشى

ئامېرىكىدىكى بالىلار مائارىپى تەتقىقاتچىلىرى يېقىندا ئېلان قىلغان تەتقىقات دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلدى: «بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقى قانچە كۆپ بولسا، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشى شۇنچە زور توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. بالىلارنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەنگەن زىيادە كۆپ ۋە يېشىغا ماس كەلمەيدىغان ئويۇنچۇق ئۇلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارىغا ناھايىتى چوڭ زىيان سالىدۇ، چۈنكى ئۇلار شۇنچە كۆپ ئويۇنچۇقنى كۆرگەندە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ، ھەتتا ئەمەلىيەتكە چۈكۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ ـ دە، بىر خىل ئويۇنچۇقنى ئويناش، ئويناش داۋامىدا زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئويۇنچۇق ئويناشتىن بەلگىلىك بىر نەرسە ئۆگىنىۋېلىش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ».

ئەنگلىيەدىكى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى كايسى شېرۋا ئىشلىگەن تەجرىبە ۋە تەتقىقات جەريانى بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. ئۇ ئۆتكەن نەچچە يىلدا 3000 دىن كۆپرەك بوۋاقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئوينايدىغان ئويۇنچۇقى نىسبەتەن ئاز بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە بولىدىغان، ئاتا ـ ئانىسى ئوقۇپ بەرگەن كىتاب ۋە ئېيتىپ بەرگەن ناخشىنى ئاڭلايدىغان، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە ئوينايدىغان ۋاقتىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى

بايقىدى. ئاخىرىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئائىلىسى-نىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى، ئويۇنچۇق تاغدەك دۆۋىلەنگەن بالىلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەقلىي كۆرسەتكۈچى يۇ-قىرى بولىدىغانلىقىنى يەكۈنلىدى.

## بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان يېمەكلىكلەر

1. كاللەكبەسەي. كاللەكبەسەي تەركىبىدە ۋىتامىن B مول بو-لۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ چارچاپ كېتىشىنىڭ ئالدى-نى ئالىدۇ.

2. دادۇر. دادۇر تەركىبىدە تۇخۇم سېرىقى پىگمېنتى ۋە مول ئاقسىل بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۆس-تۈرۈشكە پايدىلىق.



3. كالا سۈتى. كالا سۈتى تەركىبىدە كالتسىي ۋە ئاقسىل مول بولۇپ، ئۇ مېڭىنى ئېھتىياجلىق بولغان ئاموني كىسلاتاسى بى-لەن تەمىنلەپ، چوڭ مېڭىنىڭ هاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

4. بېلىق. بېلىق تەركىبىدە ئاقسىل، كالتسىي شۇنىڭدەك تو-يۇنمىغان ياغ كىسلاتاسى بولۇپ، خولېستېرىننى پارچىلاپ، مېڭە قان تومۇرلىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

5. تۇخۇم سېرىقى. تۇخۇم سېرىقى تەركىبىدە تۇخۇم سېرىقى پىگمېنتى، تۇخۇم ئىششارى قاتارلىق مېڭە ھۈجەيلىرىگە كېرەكلىك ماددىلار بار بولۇپ، تۇخۇم سېرىقىنى يەپ بەرسە مېڭىنىڭ هاياتىي كۈچى ئاشىدۇ.

6. مور. مور تەركىبىدە ئاقسىل، ياغ ۋە قەنت، مىنېرال ماد-دىلار، ۋىتامىن قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار بار بولۇپ، مېڭىنى تو-لۇقلايدۇ ۋە ساغلاملاشتۇرىدۇ.

7. ئۆرۈك ۋە ئۆرۈك مېغىزى. تەركىبىدە ۋىتامىن A، ۋىتامىن C قاتارلىق ماددىلار بولۇپ قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ. مېڭىگە ئېھتىياجلىق قاننى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

# ئاتا ـ ئانا ۋە باللار ھەققىدە ھېكايىلەر

## مېھىر ـ مۇھەببەت باللاردىكى ئۆگىنىش ۋە ئالاقە توسقۇنلۇقىنى تۈگىتىشتىكى ئاچقۇچ

**(1)**



ياش ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئادەمنىڭ سىرتقى تەسىرنى ئەڭ تېز قوبۇل قىلىدىغان دەۋرى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا باللارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت، مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈش، تەۋەلىك، ھۆرمەتلىنىش قاتارلىق بىر قاتار پىسخىكىلىق ئېھتىياجلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىسا، ئاسانلا ئۆگىنىش ۋە ئالاقە توسقۇنلۇقى كۆرۈلۈپ، باللارنىڭ پىسخىكا جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. بولۇپمۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كېتىش، تۈرلۈك سەۋەبلەردىن كەمسىتىلىش، چەتكە قېقىلىش، تاشلىۋېتىلىش ياش ـ ئۆسمۈرلەردە ئاسانلا بۇ خىل توسقۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**بىرىنچى ھېكايە**

ئاساسىي ئەھۋالى: ئەلقەم ئاتا ـ ئانىسى ئاجراشقاندا سوت تەرەپىدىن دادىسىغا بۆيرۈپ بېرىلىدۇ. دادىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، ئەلقەمنى شەھەردىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلقەم ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئوقۇش ھاياتىنى باشلايدۇ. ئەلقەم كىچىكىدىن ئىچ مىجەز بولغاچقا، شەھەردىكى تۇغقانلىرى بىلەن تازا ئىجىل بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئەلقەم بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تام پەيدا بولۇپ، ئۇ ئۆيدىكىلەر ئەلقەمگە ئارتۇق گەپ قىلمايدىغان، ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان، ئەلقەممۇ ئۇلارغا ئارتۇق گەپ قىلمايدىغان سوغۇق مۇناسىۋەت شەكىل-

لىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئەلقەمنىڭ ئۆگىنىش ئاساسى ئەسلىدىنلا ئاجىز بولغاچقا، دەرسلەردە يېتىشەلمىگەنچە روھى چۈشۈپ، ئاخىرى باشقىلارغا پەقەتلا گەپ قىلمايدىغان، ئۆگىنىشمۇ قىلمايدىغان، ئازراقلا ئىش بولسا يىغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. تاغىسى ئەلقەمنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ پىسخىكا جەھەتتىكى نورماللىسىزلىقىنى بايقاپ، پىسخىكا مەسلىھەتچىسىگە كۆرسىتىدۇ.

«دىلخۇش» پىسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش مەركىزىنىڭ پىسخىكا مەسلىھەتچىسى ئابلىمىت دوختۇر بىلەن بولغان تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىش خاتىرىسى:

— ھېيتتا ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

— ياق.

— ئاتا ـ ئانىڭىزنى كۆرگۈڭىز كەلدىمۇ؟

— ياق.

— ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن قاچان كۆرۈشكەن؟

— بىر يىل بۇرۇن.

— ئۇلارنى سېغىندىڭىزمۇ؟

— سېغىنمىدىم.

پىسخىكا مەسلىھەتچىسى ئابلىمىت دوختۇرنىڭ ئىگىلىگەن ئەھۋالى: ئەلقەم ئاتا ـ ئانا مېھرىگە قانمىغان بالا، باللار ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا موھتاج بولىدىغان مېھىر ـ مۇھەببەت ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغان، پۈتۈنلەي بوش قالغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەلقەمنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئىزچىل ياخشى بولمىغاچقا، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى پىلاندىن سىرت ئوقۇغۇچى قاتارىغا چىقىرىۋەتكەن. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلمىگەن. ساۋاقداشلىرى دائىم ئۇنى مەينەت، غەلىتە، دۆت دەپ تىللايدۇ. ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس. باشقا سىنىپتىكى بىرقانچە بالا بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئالاقە قىلىـ

دۇ. سىنىپتا تەنقىدكە ئۇچرىسا ياكى باشقا باللار بوزەك قىلسا يىغلايدۇ.

پسىخىكا مەسلىھەتچىسى يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئەقلىي كوئېففىتسېنتىنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە پسىخىكىلىق سىناق ئېلىپ باردى. سىناق نەتىجىسىدىن ئۇنىڭ ئەقلىي كوئېففىتسېنتىنىڭ ئوتتۇراھالدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

پسىخىكا مەسلىھەتچىسى ئابلىمىت دوختۇر ئەلقەمنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دىياگنوز قويىدۇ: ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى، تاغىسىغا باققىلى بېرىش، تاغىسىنىڭ ئۆيدە ئائىلە ئىللىقلىقىنى ھېس قىلالماسلىق، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىزدىمەسلىكى ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە زەخىم پەيدا قىلىپ، پسىخىكا جەھەتتە نورمال يېتىلىشىگە دەخلى يەتكۈزگەن. ئۇ ئەتراپىتىكى ھېچقانداق ئادەمدىن مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەن. ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، دەرستە ئىزچىل ئىلگىرىلىيەلمىگەن. ئەتراپىدا ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان ئادەم بولمىغاچقا شەخسىي تازىلىقى دائىم ناچار بولغان. شۇنىڭ بىلەن ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرمەي، ئۇنىڭدىن قاچقان. نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ سىنىپنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىگە تەسىر يەتكۈزگەچكە، ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىنىپ كوللېكتىپى چەتكە قاقىدىغان ئوقۇغۇچىغا ئايلىنىپ قالغان.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئامىللار ئۇنىڭدا ئۆگىنىش، ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى توسقۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

پسىخىكىلىق داۋالاش قەدەم - باسقۇچلىرى: ئەلقەمنىڭ مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىل ئاساسلىقى ئائىلە ئىللىقلىقى بولماسلىق، مەكتەپتە كەمسىتىشكە ئۇچراش بولغاچقا، ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىش، غۇرۇر تۇيغۇسىنى

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

پىسخىكا مەسلىھەتچىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئەلقەمنىڭ سىنىپ مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەلقەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن ئوقۇغۇچى بولماستىن، بەلكى نورمال ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئەقلىي كوئېففىتسېنتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىنى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پىسخىكا مەسلىھەتچىسىنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۇنىڭ «دۆت» دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىشىغا ياردەم بېرىش ئىدى. پىسخىكا مەسلىھەتچىسى باشقىلارنىڭ ئۇنى ياقتۇرماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ شەخسىي تازىلىقىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى دەپ بېكىتىپ، ئىككىنچى قەدەمدە ئۇنىڭغا ھەر كۈنى چوقۇم ئورۇندايدىغان شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، ئامال بار كۈندە يۇيۇنۇش، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇش، كىيىمنى باشقىلار يۇيۇپ بەرمىسە ئۆزى يۇيۇش تاپشۇرۇقىنى بېرىدۇ.

ئوقۇتقۇچى ۋە تاغىسىغا بېرىلگەن تاپشۇرۇق: ئوقۇتقۇچىسى، تاغىسى ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىغا دىققەت قىلىپ، ئاجىز تەرەپنى تېپىش ھەمدە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئۆگىنىش لايىھەسىنى بىرلىكتە تۈزۈپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش. ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتىكى توسقۇنلۇقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشنى ماختاپ ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ھەتتا ئۆزگىرىش كۆرۈنەرلىك بولمىغان تەقدىردىمۇ ماختاپ ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش.

نەتىجە: پىسخىكا مەسلىھەتچىسى ئابلىمىت دوختۇرنىڭ بىرقانچە قېتىملىق پىسخىكىلىق مەسلىھەتى، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىسى ۋە تاغىسىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى بىلەن ئەلقەمنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە شۇنداقلا ئەتراپتىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە

ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىش بولىدۇ.

**(2)**

ھەرقانداق بىر ئاتالمىش ناچار ئوقۇغۇچىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. شۇ ئارتۇقچىلىقنى قېزىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتالمىش كەمچىلىكىنى ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەرتىپكە بويسۇنىدىغان ئەلاچى ئوقۇغۇچىنىلا ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇتقۇچى ئەمەس، بەلكى تەرتىپسىز، دەرستە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەشتە سەۋر ـ تاقەتلىك ئوقۇتقۇچى بولمىسا بولمايدۇ. بۇ ئىنتايىن زۆرۈر. بۇنداق دېيىشىمىدىكى سەۋەب، دۇنيادا ھەقىقەتەن ناچار ئوقۇغۇچى يوق، پەقەت توغرا يېتەكلەشكە ئېرىشەلمىگەن ئوقۇغۇچى بار.

155

ئىككىنچى ھېكايە

تولۇقسىز 2 ـ يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى يۇسۇپنىڭ مىجەزى ئىتتىك، ئاچچىقى يامان، باشقىلار بىلەن ئاسانلا ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. باشقىلارنى ھەيۋە قىلىپ بويسۇندۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئامالسىز ئەگىشىدىغان بىر توپ باللار بار. ئالدىنقى سىنىپ مەسئۇلى ئۇنى تۈزۈمگە بويسۇندۇرالماي، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغان. كېيىنكى سىنىپ مەسئۇلى ئۇنىڭ قەستەن ئىنتىزامنى بۇزۇپ، ئۆزى بىلەن قارشىلىشىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېقىنلاشقان، بىرقانچە قېتىملىق پاراڭلىشىشتىن كېيىن ئۇنىڭ پىسخىكىسىدا توسالغۇ بارلىقىدىن گۇمان قىلىپ، ئۇنى پىسخىكا مەسلىھەتچىسىگە كۆرۈنۈپ بېقىشقا كۆندۈرگەن.

«دىلخۇش» پىسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش ۋە داۋالاش مەركىزىنىڭ پىسخىكا مەسلىھەتچىسى ئابلىمىت دوختۇر يۇسۇپنىڭ

ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن مۇنداق خۇلاسە چىقارغان:

يۈسۈپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاجراشقاندا يۈسۈپ ئاتىسىغا بېقىشقا بۆيرۈلغان. ئاتىسى قايتا توي قىلغان. يۈسۈپنىڭ ئۆگەي ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس. ئانىسىمۇ قايتا توي قىلـ. غان. يۈسۈپنى ئاساسەن كۆرگىلى كەلمەيدۇ. يۈسۈپ مېھىر ـ مۇ. ھەببەتكە تەشنا، بىراق ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدى. غان، مېھىر ـ مۇھەببەت ھېس قىلدۇرىدىغان ئادەم يوق. ئۇ ھەتتا ئائىلە مېھرىنىڭ، ئاتا ـ ئانا مېھرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. بۇ ئۇنىڭدا ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، تەشۋىشلىنى. دىغان، كەيپىياتى تۇراقسىز، باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان، ئوقۇت. قۇچىسى بىلەن قارشىلىشىدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. يۈسۈپ ناچار كەيپىياتىنى ئائىلىدە چىقىرالمىغاچقا مەكتەپتە، ساۋاقداش. لىرى بىلەن ئۇرۇشۇش، ئوقۇتقۇچىسى بىلەن قارشىلىشىش ئارقى. لىق چىقىرىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. يۈسۈپنىڭ يۇقىرىقىدەك پاس. سىپ روھىي ھالىتىنىڭ مەنبەسى ئائىلىدە مېھىر ـ مۇھەببەتكە، توغرا يېتەكلەشكە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. 156

پىسخىكا مەسلىھەتچىسى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئوقۇتقۇ. چىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى:

پىسخىكا دوختۇرنىڭ يۈسۈپنىڭ سىنىپ مەسئۇلىغا بەرگەن تاپشۇرۇقى: يۈسۈپنىڭ ئەتراپىدىكى بىر توپ بالىلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم پاراڭلىشىپ، يۈسۈپنىڭ ھەۋەسىدىن قورقۇپ بىرگە ئوي. ناشقا مەجبۇر بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئوقۇغۇ. چىلارنىڭ ئۆزلىرىنى قايتا تونۇشىغا ياردەم بېرىش؛ بۇ ئارقىلىق سىنىپتىكى توپلىشىپ ئىنتىزام بۇزۇش كەيپىياتىنى تۈگى. تىش؛نەتىجىدە يۈسۈپنىڭ سىنىپتىكى تەرتىپسىزلىكىنىمۇ كونت. رول قىلىش.

يۇسۇپتىكى مەسىلىنىڭ يىلتىزى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كەم-لىكى. شۇڭا يۇسۇپكە ئوخشاش بالىلارغا نوقۇل قائىدە سۆزلەپ تەربىيە قىلىش، ۋەز ئېيتىشنىڭ ئۈنۈمى چوڭ بولمايدۇ. ئەكسىچە كۆڭۈل بۆلۈش، مېھىر - مۇھەببەت ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئەھۋالنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنى ئۇنىڭ ئائىد-لىسىدىن باشلاش كېرەك.

پىسخىكا مەسلىھەتچىسى يۇسۇپنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ «قانچە ئەجىر قىلساقمۇ بىكار» دەپ ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئىگى-لىگەندىن كېيىن، يۇسۇپنىڭ ئەھۋالىنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتىپ، ئاتا - ئانىسىدىن بالىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلدى. يەنى يۇسۇپنىڭ ئاتا - ئانىسىغا تۆۋەندىكىدەك تاپشۇرۇق بەردى: كۆپ مۇڭدىشىش، مۇڭدىشىش جەريانىدا ئۆگىنىش ئەھۋالى، ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى، يۇسۇپنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرى، ئارزۇسى، غەم - ئەندىشىسى... قاتارلىق تېمىلاردا پاراڭلىشىش؛ ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىش؛ بۇنداق قىلىشنى ھەر كۈنى بەلگىلىك ۋاقىت چىقىرىپ داۋاملاشتۇرۇش.

ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. يۇ-سۇپنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارى ياخشى بولۇپ، پىسخىكا مەسلى-ھەتچىسى يۇسۇپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن يۇسۇپنىڭ شۇ ئالاھىدى-لىكىنى سىنىپتا جارى قىلدۇرۇشنى كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئو-قۇتقۇچى يۇسۇپنى قوشۇمچە سىنىپ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، سى-نىپنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ سىنىپتىكى تەرتىپسىز ئوقۇغۇچىدىن ئوقۇتقۇچىنىڭ ياخشى يار-دەمچىسىگە ئايلاندى. نەتىجىدە يۇسۇپنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئاستا - ئاستا ئۆسۈپلا قالماي، ساۋاقداشلىرى بىلەن يوقىلاڭ سە-

ۋەبلەر بىلەن ئۇرۇشىدىغان، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قارشىلىشىپ تەرتىپنى بۇزىدىغان ئادىتىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

## بالىلىقتىكى روھىي ئېھتىياج

باللارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان مەزگىلى بالاغەتكە يېتىش مەزگىلى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا باللارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى تېز سۈر ـ ئەتتە تەرەققىي قىلىدۇ. غۇرۇر، ئىشەنچ، ھۆرمەت ئېھتىياجى، ئېـ ـتىراپ قىلىنىش ئېھتىياجى، سىرداش دوست تۇتۇش ئېھتىياجى، سىر ساقلاش ئېھتىياجى، يات جىنسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئېھتىياجى كۈچىيىدۇ. بولۇپمۇ غۇرۇر، ئىشەنچ، ھۆرمەت ئېھتىيا ـ جى ئالاھىدە كۈچلۈك بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلار، شۇنداقلا ئوقۇتقۇ ـ چىلارنىڭ سۆزىدە مۇشۇ خىل ئېھتىياجغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدى ـ غان مەزمۇن بولۇپ قالسا، باللاردا قەلب زەخمىسى پەيدا قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى باللار باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشىنى، غۇرۇرىغا تەگمەسلىكىنى، پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشىنى، ھەممە ئىشىغا ئارىلىشىۋالماسلىقىنى خالايدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى، ئو ـ قۇتقۇچىسى بالىنىڭ شۇ خىل ئېھتىياجىغا سەل قارىسا ياكى دەخ ـ لى ـ تەرۇز قىلسا بالا ئاتا ـ ئانىسى، ئوقۇتقۇچىسىدىن بىزار بو ـ لۇپ، ئۇلاردىن قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئائىلىدە ئۆزد ـ نى ئۆيگە سولىۋېلىش ، تورخانىلارغا كىرىش، تاماكا، ھاراققا ئۆ ـ گىنىۋېلىش، مۇھەببەتكە بېرىلىش قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى يۇق ـ تۇرۇۋالىدۇ. ھەتتا يامان يوللارغا مېڭىپ، يامان ئاقىۋەتلەرنى كەل ـ تۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن؛ پىسخىكىسىدا توسالغۇ پەيدا بولۇپ، كېسەللىك پەيدا قىلىش دەرىجىسىگە تەرەققىي قىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىل ھالەت ئەڭ يېنىك بولغاندىمۇ بالىنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ

158

تۇغقانلىرى ئۇچۇنمۇ ئېغىر ئىجتىمائى مەسىلە كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ.

**بىرىنچى ھېكايە**

159 ئالىمىرە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئالدىنقى ئون ئوقۇغۇچىنىڭ ئى-
چىگە كىرىپ ئوقۇدى. نەتىجىسى ياخشى بولغاچقا، ئوتتۇرا مەكتەپ-
كە چىققاندا، نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. ئۇ بۇ
يەردىمۇ تىرىشىپ ئوقۇدى. بىراق، سىنىپىغا ھەرقايسى مەكتەپتىن
كەلگەن ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار يىغىلغان بولغاچقا، نەتىجىسى بىرىن-
چى مەۋسۇمدە ئوتتۇراھال چىقىپ قالدى. ئاتا - ئانىسى ئالىمىرەنىڭ
نەتىجىسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كېلەركى
نۆۋەتلىك ئىمتىھاندا ئالدىنقى 10 نىڭ ئىچىگە كىرىش نىشانىنى
بېكىتتى. ئالىمىرە ئۆزىمۇ نەتىجىسىدىن رازى بولمىغاچقا، ھەسسى-
لەپ تىرىشىپ ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن نەتىجىسى بىراقلا ئالدىنقى
بەشنىڭ ئىچىگە كىردى. ئاتا - ئانىسى ئالىمىرەنىڭ بۇ نەتىجىسىنى
كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ھەمدە تولۇقسىز 2 - يىللىققا
چىققاندا سىنىپ بويىچە ئالدىنقى ئۈچنىڭ قاتارىغا كىرىش نىشا-
نىنى بەلگىلەپ بەردى. ئالىمىرە تىرىشچان قىز بولغاچقا، باش چۆ-
كۈرۈپ تىرىشىپ ئوقۇدى. بىراق، ئىشلار ئاتا - ئانىسىنىڭ پىلانىدى-
كىدەك بولمىدى. مەسىلە ئالىمىرە تولۇقسىز 3 - يىللىققا چىققاندا
كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئالىمىرە ئىمتىھان ئېلىنىدىغانلى-
قىنى ئاڭلىسىلا جىددىيلىشىدىغان، پۈتۈن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلۇپ،
كۆزى قاراڭغۇلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرقانچە
قېتىملىق ئىمتىھاندا نەتىجىسى تۆۋەن چىقىپ قالدى. ئالىمىرە
ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدىغان ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىنى
مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئىمتىھان نەتىجەمنىڭ تۆۋەن چىقىپ قالغان-
لىقىنى بىلگەندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ، ئۆيگە قايتقۇچە ئۆتىدى-
غان ئاسما كۆۋرۈكتىن تۆۋەنگە سەكرەشنى ئويلىدىم. شۇ خىيالغا
كېلىپ قالغانلىقىمدىن ئۆزۈممۇ قورقۇپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن،

ئۆيگە قايتقۇچە ئاسما كۆۋرۈككە چىقماي، ئايلىنىپ ماڭدىم».
ئالمىرەنىڭ نەتىجىسىنىڭ يەنە تۆۋەنلەپ قالغانلىقى ئاتا - ئانىسىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئالمىرەگە مەخسۇس ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئالمىرەنىڭ مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىنكى ۋاقتى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نازارەتچىلىكى ئاستىدا ئۆگىنىش قىلىشقا ئۆزگەردى. ئالمىرە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى، سورىغان گېپىگىمۇ جاۋاب بەرمەيتتى. بىر كۈنى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئالمىرەگە «ئاتا - ئانىڭىزنىڭ پۇلىنى بىكارغا ئىسراپ قىلىۋېتىشنى خالامسىز؟ مەن ھەق ئالمەن» دېدى. ئالمىرە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن «مېنىڭ ئۆلۈۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ» دېدى.
ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئالمىرەنىڭ ئەھۋالىنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتتى. ئاتا - ئانىسى شۇ چاغدىلا ئالمىرەنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن باشلاپ كەم سۆز، ساۋاقداشلىرى بىلەنمۇ كۆپ ئارىلاشمايدىغان، مەكتەپتىن كېلىپ ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ ئۆگىنىشلا قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە قىزىنى دوختۇرخانىنىڭ روھىي كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كۆرسەتتى. دوختۇر ئالمىرەنىڭ ئەھۋالىنى بىرەر قۇر ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «خامۇشلۇق كېسىلى» دەپ دىياگنوز قويدى.
ئالمىرە ئەسلىدە شوخ، ئەركىن قىز بولۇپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا تەلەپنى بارغانسېرى يۇقىرى قويۇشقا باشلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالمىرەدە ئىمتىھاندىن قورقىدىغان، دائىم ئۆلۈۋېلىشنى ئويلايدىغان روھىي ھالەت پەيدا بولىدۇ. بىراق ئاتا - ئانىسى ئالمىرەنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشكە يەنىلا دىققەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قى-

لىپ ئالمىرەنىڭ نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئالمىرە ئۆگىنىش قىلىش قىزغىنلىقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. گەپ قىلمايدىغان، ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسى ئالمىرە بىلەن مۇڭدىشىشقا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى چۈشىنىشكە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. قارىماققا ئالمىرەنىڭ ئائىلىسى نورمال ئائىلىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئائىلىدە ھەقىقىي خۇشاللىق يوق. مۇڭدىشىش، قەلب ساداسىغا قۇلاق سېلىش كەمچىل. بۇنىڭغا ئائىلىنىڭ ۋە مەكتەپنىڭ بېسىمى قوشۇلۇپ ئالمىرەنىڭ پىسخىكىسىدا نورمالسىزلىق پەيدا قىلغان.

پىسخىكا دوختۇرى ئالمىرەنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ ئۇنىڭغا پىسخىكىلىق يېتەكلەش ئېلىپ بېرىپلا قالماي، ئالمىرەنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ پىسخىكا جەھەتتە يېتەكلەش ئېلىپ بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بالا تەربىيەلەشتىكى بىر تەرەپلىمە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئارىدىن ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئالمىرەنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ.

بالىلارنىڭ پىسخىكا جەھەتتىكى ساغلاملىقى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر مەزگىللىك ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى قوغلىشىپ، قەلب ئېھتىياجىغا سەل قاراش، بولۇپمۇ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئادەتتىكىچە بالىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئۇلارغا بېسىم قىلىش تەربىيەدىكى توغرا ئۇسۇل ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايقاپ، ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئىنتايىن مۇھىم.

**ئىككىنچى ھېكايە**

بىر قېتىملىق ئەدەبىيات دەرسىدە مەن ئوقۇتقۇچى تاپشۇرغان ماقالىنى باشقىچە شەكىلدە يازغانىدىم. خىيالىمدا «ئوقۇتقۇچى مېنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا تازا ماختايدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىم. بىراق، ئوقۇتقۇچى ماقالەمنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ، «ماقالىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئەستايىدىل ياز» دېدى. بالىلارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولغىنىمدىن يەرگە كىرىپ كەتكىلى ئازلا قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىغا شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتتىم. دەرسىنىمۇ ئاڭلىغۇم كەلمەيدۇ. شۇ مەزگىلدە سىنىپتىكى بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بىراق ئۇ قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر مېنىڭ قىزغا يازغان خېتىمنى كۆرۈپ قېلىپ، ئوقۇتقۇچىمغا خېتىمنى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئوقۇتقۇچى سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ئالدىدا تەنقىد قىلمىدى. بىراق، ئىشخانىغا چاقىرىپ باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىدىلا تەنقىد قىلىپ كەتتى. مەن خىجىل بولغىنىمدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىش قىلغۇم، مەكتەپكە بارغۇم كەلمەيدىغان، «مەكتەپكە بارماەن» دەپ قويۇپ ئويۇنخانىغا قاچىدىغان، دائىم ئىچىم پۇشۇپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدىم.

پسىخىكا يېتەكچىسى بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى بىرەر قۇر ئاڭلىغاندىن كېيىن، «خامۇشلۇق كېسىلى»گە گىرىپتار بولغان، دەپ دىياگنوز قويغان ۋە ئۇ ئوقۇغۇچىغا بىر پارچە ماقالە يېزىپ ئوقۇتقۇچىغا قايتا كۆرسىتىش ھەمدە ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇش، مەيلى ئوغۇللار بولسۇن ياكى قىزلار بولسۇن، كۆپرەك دوست تۇتۇش ھەم بۇنى ئۆزىگە بېسىم قىلىۋالماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى. پسىخىكا يېتەكچىسى بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا ئائىلىدە بالا بىلەن كۆپرەك مۇڭدىشىشنى، بالىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنىلا ئەمەس، مەكتەپتىكى بارلىق ئىشلىرىنى سورىماسلىقنى، بالا قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇق-

قان بولسا، مەسلىھەت بېرىشىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئا-
نىسى، ئوقۇتقۇچىسى يېقىندىن ماسلىشىپ بۇ ئوقۇغۇچىدا ياخشى-
لىنىش بولدى.

ئادەمنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان
ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىدا پىسخىكىلىق ئېھتىياجى ئوخشاش
بولمايدۇ. قايسى باسقۇچتىكى ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىسا، ئادەم ھا-
ياتىدا قاندۇرۇلماي قالغان شۇ خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن
تىرىشىدۇ. بۇ جەرياندا بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ شۇ خىل
ئېھتىياجىنى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق قاندۇرۇپ، ھەقىقىي خۇ-
شاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر
بولسا قاندۇرۇلماي قالغان ئېھتىياجىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بى-
لەلمىگەنلىك سەۋەبلىك، شۇ خىل ئېھتىياجىنىڭ ئۆزىنى قانائەتكە
ئېرىشتۈرەلمەيدۇ ھەمدە قەلبىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن
تۈرلۈك ئۇسۇللارنى سىناپ باقىدۇ. بىراق، مەيلى قايسى يول ئار-
قىلىق ئۆزىنى قانائەتكە ئېرىشتۈرۈشنى ئويلىسۇن، ئۆزىنىڭ يو-
شۇرۇن ئېڭىدىكى ئەسلىدىكى ئېھتىياجى قانائەت تاپمىغاندا، يەنىلا
ھەقىقىي بەخت ۋە خۇشاللىق تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. نەتىجىدە،
خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن تۈر-
لۈك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇشى، مىجەزى بىنورمال، ئېغىر
بولغاندا جىنايەت سادىر قىلىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن بالىلارنىڭ
ئۆسۈپ يېتىلىشى داۋامىدا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ تۈرلۈك ئېھ-
تىياجلىرىنى تولۇق قاندۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىم.

## ئوغلۇم ئالدىڭغا قارا

ئوغلۇم، ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئاتا ـ ئاناڭ ساڭا مەڭگۈلۈك بول-
مايدۇ. ئۇلار سېنىڭ نامرات ۋە موھتاجلىقتا قېلىشىڭنى خالىماي-
دۇ. «نامرات ۋە موھتاج ئادەم» دېگەن ھاقارەتلىك قالپاق ھەرگىز

سىنىڭ بىشىغدا تۇرۇپ قالمىسۇن. نامراتلىق ۋە موھتاجلىق ئىند-
تايىن ئېغىر ھاقارەتلەرنى ئېلىپ كېلىشكە قابىلدۇر. بالام، كۆ-
رۈنۈشى پېقىر بولغان كىشىلەردە موھتاجلىق بولغانلىق ئۈچۈن
ئۇنى گاداي دەيدۇ. بۇ ھەممە كېلىشمەسلىكلەرگە ۋە كىشىلەر ئا-
رىسىدا خار ۋە ئېتىبارسىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھەر
كىم موھتاجلىق يىپىغا باغلىنىپ قالسا، نۇرغۇن ئېسىل نەرسە-
لەر سىنىڭ ھايات ئەلبومىڭدىنمۇ ئۆچۈپ كېتىدۇ. بۇنداق ئېغىر
كۈنگە قالغان ئادەم ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ لەززىتى ۋە قىممىتى بول-
مايدۇ. ھاياتتىن بىزار بولۇپ ئىزا ۋە زارلىققا ئۇچرايدۇ. ئەقىل
شامىمۇ يورۇماس بولۇپ، زېھىن ۋە ئىقتىدارىغا غەم، نۇقسان كەل-
تۈرىدۇ. تۇرمۇشۇڭدا شۇنداق ئىشلارمۇ سادىر بولىدۇكى، توغرا
تەدبىرىڭمۇ ساڭا زىيان ـ زەخمەت ئېلىپ كېلىدۇ، ھەرقانچە دىيا-
نەتلىك بولساڭمۇ جىنايەت تۆھمىتىگە ئۇچرايسەن، ھېكمەت بىلەن
يۇغۇرۇلغان قىممەتلىك پىكرىنى قىلساڭمۇ، ئەيىبلىك ھېسابلى-
نىسەن. بايلار قىلسا ماختاشقا ۋە ئالقىشقا سازاۋەر بولىدىغان
ئىشلارنى سەن قىلساڭ، تەنە ۋە ئەيىبلەشكە ئۇچرايسەن، ئادەتتىكى
بىر نامرات ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ، ئېتىبارغا
ئېرىشەلمىگەنگە ئوخشايدۇ. رېئال تۇرمۇشقا قارا: نامرات ئادەم بىد-
رەر ئىشقا جۈرئەت قىلىشقا نىيەت قىلغان بولسا، ئۆزىنى بىلمەي
ھەددىدىن ئاشقىنىنى قارا، دەيدۇ؛ خەير ـ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى
قىلاي دېسە، ئىسراپخور دەپ ئەيىبلەيدۇ؛ ئەگەر ئېغىر ـ بېسىق-
لىقنى ئادەت قىلسا، بوشاڭلىقتا ئەيىبلەيدۇ؛ ئەگەر يالغۇزلۇقنى
خالىسا «دەرۋىش بولماقچى ئوخشايدۇ» دەيدۇ؛ ئەگەر كىشىلەر بىلەن
ئارىلاشماق بولسا، «بۇنىڭغىمۇ ھەۋەس پەيدا بولۇپ قاپتۇ» دېسە،
كۈلىدىغان بولسا «مەسخىرۋاز» دەيدۇ؛ جىم ئولتۇرسا «ھېسسىيات-
سىز كالىدەك ئولتۇرىدۇ» دەيدۇ. ئىشقىلىپ موھتاج بولۇپ قالغان
كىشى زامان ئەھلىنىڭ ئالدىدىمۇ، ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ،
دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ ئەيىبكار ۋە ئېتىبارسىز كۆ-

رۇنىدۇ، ھەر قاچان قەددىڭ كۆتۈرۈلمەيدۇ، يۈزۈڭمۇ يورۇق بولماي-
دۇ، ئەگەر مۇشۇنداق ھال بىلەن سەندە تەمە سادىر بولۇپ قالغۇدەك
بولسا، ھەممە خالايىقنىڭ كۆڭلىگە دۈشمەنلىك سادىر بولىدۇ -
دە، ھېچقانداق ھاجىتىڭ راۋا بولمايدۇ. پۇلدار ئادەم نەچچە مىڭ
سوم سورىسىمۇ خۇرسەنلىك بىلەن بېرىپ تۇرىدىغان ئادەم ساڭا
بىر موچەن بېرىپ تۇرۇشنىمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەقىلسىزلىك
ھېسابلايدۇ.

بەخت - سائادەتنىڭ يىلتىزى ئەجىر بۇلىقىدىن سۇغىرىلىدۇ.
ئەجىر - مېھنەتسىز دىدارىنى كۆرەلمەيسەن. ئەجىرسىز تەييارغا -
ھەييار بولۇپ ئېرىشكەن بەختىنىڭمۇ قەدرى - قىممىتى بولمايدۇ.
كونىلارنىڭ شۇنداق سۆزى بار: «ئەجىرسىز ئېرىشكەن بۇغداي ناز-
دىن ئەجىر بىلەن ئېرىشكەن تېرىق زاغرىسى لەززەتلىك بولىدۇ.»
جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، تۇرمۇشتا پىششقان بالا خار
بولمايدۇ. ھۇرۇنلۇق ۋە مېھنەتتىن قېچىش نامراتلىق، مۇھتاجلىق-
قا سەۋەب بولىدۇ. ھۇرۇن ئادەم سەمىمىيەتسىز، يالغانچى بولىدۇ،
ھۇرۇنلۇق يەنە خۇشامەتكە ۋە قۇللۇققا ئادەتلەندۈرۈپ قويىدۇ.
ئىنسانغا موھتاجلىقتىن ئېغىر بەختسىزلىك يوق. نامراتلىق شە-
رەپ ئەمەس، ئۇ دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇش دېگەنلىك.
نامراتلىق ۋە موھتاجلىق داغلىرىنى پەقەت ئەقىل - پاراسەتكە ئە-
جىر - مېھنەت بىرلەشتۈرۈلگەندىلا يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ.

بالام ئۇيغۇرلاردا «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل»
دېگەن مەردلىك خىتابى بار. بۇ ھېكمەتنى يادىڭدىن چىقارما. ھۇ-
رۇنلۇق بىلەن ئۆزۈڭنى يۇقىرىقىدەك خارلىق ۋە موھتاجلىق بالا-
سىغا مۇپتىلا قىلما. ئادەم دېگەن ئىش قىلغانغا ھېچ نەرسە بولماي-
دۇ. ئەمگەك سېنى قەيسەرلەشتۈرىدۇ، ۋۇجۇدۇڭنى جاسارەتكە تول-
دۇرىدۇ. سەن شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى ھاياتىڭنىڭ مىزانى قىل-
غىنكى، ئەمگەكسىز ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ. سەن ئىزدىنىۋاتقان، ئى-
جاد قىلىۋاتقان ۋە مېھنەت سىڭدۈرۈۋاتقان چېغىڭدىلا ئۆزۈڭنىڭ

ھەقىقىي ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلىش پۈرسىتىگە مۇيەسسەر بولالايسەن. سەن ئەمگەكتىن، مېھنەتتىن نومۇس قىلما، ھەتتا ئۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىش بولسىمۇ قىل، نومۇس قىلىش توغرا كەلسە بىكارچىلىقتىن، ھارام تاماق بولۇپ قېلىشتىن نومۇس قىل.

## مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى

ئوقۇش باشلىغان تۇنجى كۈنى يۇنان پەيلاسوپى سوقرات ئوقۇغۇچىلىرىغا:

— بۈگۈن بىز ئەڭ ئاددىي ھەم ئەڭ ئاسان بىر ئىشنى قىلىشنى ئۆگىنىمىز. ھەممىڭلار ئاۋۋال بىلىكىڭلارنى ئالدىغا، ئاندىن ئارقىغا تاشلايسىلەر، — دەپتۇ ۋە ئۆزى بىر قېتىم ئىشلەپ كۆرسىتىپ بېرىپتۇ، بۈگۈندىن باشلاپ بۇ ھەرىكەتنى كۈندە 300 قېتىم قىلىسىلەر، كۆپچىلىك قىلالامسىلەر؟ — دەپتۇ.

ئوقۇغۇچىلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. مۇشۇنداق ئاددىي ئىشنىڭ قىلالمىغۇدەك نېمىسى بار؟

بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن سوقرات ئوقۇغۇچىلىرىدىن سوراپتۇ.

— 300 قېتىم قول ھەرىكىتىنى قانچە ئوقۇغۇچى داۋاملاشتۇردى؟

90% ئوقۇغۇچى پەخىرلەنگەن ھالدا قول كۆتۈرۈپتۇ. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن سوقرات يەنە سوراپتۇ. بۇ نۆۋەت قول تاشلاش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرغان ئوقۇغۇچى 80% بولۇپتۇ.

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن سوقرات ئوقۇغۇچىلىرىدىن سوراپتۇ.

— ئەڭ ئاددىي قول تاشلاش ھەرىكىتىنى قايسى ساۋاقداش داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ؟

بۇ چاغدا سىنىپ بويىچە بىرلا ئوقۇغۇچى قول كۆتۈرۈپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچى دەل سوقراتتىن كېيىنكى يۇناننىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى پىلاتون ئىكەن.

دۇنيادا ئەڭ ئاسان ئىشمۇ، ئەڭ قىيىن ئىشمۇ داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلىنىدۇ. بىرەر ئىشنى ئاسان دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، قىلىشنى خالىسىلا ھەممە ئادەم قىلىپ كېتەلەيدۇ. بىراق، ئۇنى قىيىن دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ھەقىقىي قىلالايدىغانلار ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

دېمەك، مۇۋەپپەقىيەت — داۋاملاشتۇرۇش دېمەكتۇر. بۇ ھېچقانچە سىرلىق بولمىغان بىر سىردۇر.

## تىرىشچانلىقنىڭ مېۋىسى

يېمەك - ئىچمەككە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئۇساكادا بىر داڭلىق قارا بۇغداي لەڭمەنخانىسى بار ئىكەن.

167

لەڭمەنخانا غوجايىنى تىجارەتنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ قىلىدىكەن. ھەر قېتىم سىرتلارغا ساياھەتكە چىققاندا، شۇ جايدىكى قارا بۇغداي ئۇنى لەڭمەنخانىلىرىغا بېرىپ، قارا بۇغداي ئۇنى لەڭمىنىنىڭ تەمىنى تېتىپ، ئالاھىدىلىكىنى بىلىپ باقىدىكەن.

تېتىغاندا، ئاشپەزدىن لەڭمەنگە ئىشلەتكەن ماتېرىياللار، جىياڭيۇ ۋە سۈيىگە سالىدىغان خۇرۇچلارنى ئىنچىكە سورۇۋالىدىكەن.

ئۇ باشقىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ لەڭمىنىنىڭ ئېتىلىش ئۇسۇلىنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىپتۇ؛ زېرىكمەي، تېرىكمەي سىناق قىپتۇ؛ ئۇزۇكسىز ياخشىلاش ئارقىلىق مەززىلىك قارا بۇغداي ئۇنى لەڭمىنىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپتۇ.

بىر كىشى بۇ ئاشخانىنىڭ لەڭمىنىنىڭ مەززىلىك ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بەكلا قىزىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يولنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي بۇ يەرگە كېلىپ غىزالانماقچى بوپتۇ. ئۇ لەڭمەنخانا غوجا-

يىنىنىڭ پوكەينىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

كۇتكۇچى تەييار بولغان قارا بۇغداي ئۇنى لەگمىنىنى مېھماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىشتىن ئىلگىرى ھەمىشە ئاۋۋال غوجايىنىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىدىكەن، غوجايىن تاماقنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىپ مەمنۇن بولغاندىن كېيىن، ئاندىن مېھماننىڭ ئالدىغا قويىدىكەن.

خوجايىن تەمكىنلىك ھەم ئەستايىدىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، «بۇ تاماق بولىدۇ» ياكى «بۇ تاماق بولمايدۇ» دەيدىكەن.

قارا بۇغداي ئۇنى لەگمەنخانىسىنىڭ غوجايىنى «ئۆزۈم رازى بولمىغان تائامنى ھەرگىز مېھماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقمايمەن» دېگەن ئېتىقادىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپتۇ.

يىراقتىن كەلگەن مېھمان ئۇنىڭ تىجارىتىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى كۆرۈپ، مەيلى قانداق ئىش بولسۇن، بىر ئادەمنىڭ نام چىقىرىشىنىڭ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي، بىردەملىك ئىش ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئىختىيارسىز ھۆرمىتى قوزغىلىپتۇ.

## تىرىشچانلىق ھەققىدە يەنە بىر ھېكايە

بىر كىشى يېڭى بىر مۇزىكا ئىشلەپ، پات ئارىدا ئېلان قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن مەشھۇر مۇزىكانت تارو بايراگونىڭ بىيانىنو مۇزىكىسىنى ئورۇنداپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

ئەمما، تارو بايراگونىڭ جاۋابى ئۇنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپتۇ:

— كەچۈرۈڭ، مەشىق قىلىشقا ۋاقىت يەتمەيدۇ!

— نېمە؟ سىزدەك مۇشۇنداق بۈيۈك مۇزىكانتقا مۇنداق ئاددىي مۇزىكىنى تەييارلاشقا تۆت ـ بەش كۈن يەتمەمدۇ؟

— ياق! مەن سەھنىگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئاز دېگەندە ھەر كۈنى 50 قېتىمدىن، بىر ئايدا 1500 قېتىمدىن ئارتۇق مەشىق قىلىشىم كېرەك. بولمىسا، مەن ھەرگىز سەھنىگە چىقمايمەن!

بۇ ماھارەت ئىگىسىگە خاس سۆز. بۈيۈك ئۇستاز بولغان تەقدىردىمۇ ئادەمدە مۇشۇنداق ئېتىقاد بولۇشى كېرەك ـ تە.

ئەگەر ئادەمنىڭ ئۆمرى گومۇشلارچە يەپ ـ ئىچىش، ئۇخلاش، ئويۇن ـ تاماشا قىلىش بىلەن ئۆتسە، كەسپتە باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

**«ئالدىراش ئادەم» بىرنەرسە ئۆگىنەلەيدۇ**

بىر ئوقۇغۇچى بىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر زاتنىڭ يېنىغا تەلىم ئېلىشقا كەپتۇ.

— بۇ زامان ئاجايىپ ئالدىراشچىلىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆگىنىشكە زادىلا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن، بۇنىڭ نېمە ئىلاجى بار ئىكەن؟



ئوقۇغۇچى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ھېلىقى زات ۋارقىراپ تاشلاپتۇ:

— ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلماڭ! ئىش كۆپ بولسا ئۆگىنەلەيدىغان گەپ ئەمەسمۇ! سىلەر بوش ۋاقىتىڭلار بولسىلا خۇددۇڭلارنى بىلمەي ئۇخلايسىلەرغۇ دەيمەن؟ ئۆگىنىش ۋاقتى ئالاھىدە بېكىتىلگەن ئەمەس. ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىشنى ھەقىقي تىرىشقانلىق دەيمىز. ئىشقىلىپ، ئىشنىڭ كۆپلۈكىنى باھانە قىلىدىغانلارنىڭ تولىسى بوش ۋاقتى بولسا ۋاقتىنى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلاردۇر. باشقىلار ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا تەن بەرمەي ھەسسىلەپ ئۆگىنىش قىلغان، باشقىلار دەم ئېلىۋاتقاندا، يەنىلا بوشاشماي ئۆگىنىش قىلغان كىشىلەرلا ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئېشىپ چۈشىدى-

غان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. ئالدىراشلىق ئىچىدىكى تۇر-مۇشتا ۋاقىتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش - پايدىلانماسلىق ھەر-كىمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زات ئوقۇغۇچىغا مۇشۇنداق تەربىيە قىپتۇ.

«ۋاقىت — ئاتقان ئوق»قا ئوخشايدۇ. كۈن، ئايلار ئاققان سۇدەك كېتىۋېرىدۇ. تاڭنىڭ كەينىدىن تاڭلار كېلىۋېرىدۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك نەچچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. يېرىم يىل، بىر يىل دېگەنمۇ ھەش - پەش دېگۈچە كېتىپ قالىدۇ. ھەر كۈنى خەت - چەك، تې-لېفون، زىياپەت، مېھماندارچىلىق قاتارلىق پارچە - پۇرات ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىۋەرگەندە، ئەسلىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىش تەسكە توختايدۇ. بىلىش كېرەككى، ئىنسان ھاياتى تۇراق-سىز بولىدۇ، ھايات - مامات ھامان ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ. ۋاقىت-نى زايا قىلىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

170

## بالا پادىشاھ

بۇرۇننىڭ بۇ ىنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنى بىد-لەرمەن، ئەقىللىق، دانىشمەن ھېسابلاپ قول ئاستىدىكىلەرنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدىكەن. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرىگە، ئىنكاسلىد-رىغا قۇلاق سالمايدىكەن. جامائەت سورۇنلىرىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىنى ماختاپ - مەدھىيەلەپ تۇرۇشىنى خالايدىكەن. پادىشاھنىڭ بۇ مىجەزى ئوردى-دىكىلەرگە، ئاۋام خەلققە ياقمىسىمۇ، ھېچ كىشى نارازىلىق بىلدۈ-رۈشكە پېتىنالمايدىكەن.

كۆرەڭلىگەن پادىشاھ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتۈن ئەلگە.

— كىمدە كىم مېنى ئەقىل - پاراسەتتە يېڭەلىسە شۇنىڭغا پا-دىشاھلىقىمنى بېرىمەن. ئەگەر مېنى يېڭەلمىسە كاللىسىنى ئالد-

مەن، ـــ دەپ پەرمان جاكارلاپتۇ.

كىشىلەر پادىشاھنىڭ ياۋۇزلۇقىنى بىلگەچكە، بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلىشنى خالىماپتۇ. پادىشاھ بىلەن ئەقىل ـ پاراسەتتە بەسلىشىدىغان كىشى چىقمىغانسېرى پادىشاھ تېخىمۇ كۆرەڭلەشكە باشلاپتۇ.

شۇ يىراق يېزىدىكى قاۋۇل ئىسىملىك دېھقان ئوغلى ئۇزاق ئويلاپ بىر ئەقىل تېپىپتۇ ـ دە، ئوردىغا كېلىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ.

قاۋۇل ئېغىر ـ بېسىق، ئويلاپ ئىش قىلىدىغان ئەقىللىك بالا ئىكەن.

ـــ ھەي، گاداي شۇمتەك، ـــ دەپتۇ پادىشاھ قاۋۇلنى مەنسىتمەي، ـــ بۇگۇن ئەجىلىڭ توشۇپ ھۇزۇرۇمغا كەلدىڭمۇ؟

ـــ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بىراق پەرمانلىرىغا بىنائەن ھۇزۇرلىرىغا كەلگەنلىكىم كۆڭلۈمگە ئەينەكتەك ئايان، ـــ دەپتۇ قاۋۇل، ـــ شۇڭا ئۆزلىرى بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتە بەسلەشەيمىكىن دەيمەن.

ـــ قانداق سوئالىڭ بار؟، ـــ دەپتۇ پادىشاھ.

ـــ بىرلا سوئالىم بار. شۇنىڭغا جاۋاب بەرگەن بولسىلا.

ـــ قېنى ئېيتە. قانداق سوئال ئۇ؟، ـــ دەپتۇ پادىشاھ.

ـــ ھۆرمەتلىك شاھىم، بىر ياشلىق ئادەم بالىسى ئەقىللىكمۇ ياكى ھايۋان بالىسى ئەقىللىكمۇ؟ جاۋاب بەرگەن بولسىلا، ـــ دەپتۇ قاۋۇل.

پادىشاھ ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۇلۇپ كېتىپتۇ ۋە:

ـــ قاراڭلار بۇ شۇمتەكنى، ئۇنىڭ راستتىنلا ئۆلگۇسى كەپتۇ. ئادەم بالىسىنىڭ ئەقىللىك، ھايۋان بالىسىنىڭ ئەقىلسىز بولىدىغانلىقىنى كىم بىلمىسۇن؟

ـــ ياق شاھىم، ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ھايۋان بالىسى ئەقىللىك، ـــ دەپتۇ قاۋۇل.

— جاللات، — دەپتۇ پادىشاھ بۇيرۇق قىلىپ، — مېنى ئەخمەق قىلماقچى بولغان بۇ شۇمتەكنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار.

بۇنى كۆرگەن ئوڭ قول ۋەزىر دەرھال جاللاتلارنى توختىتىپ، پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، مۇشۇ تاپتا ئۆزلىرىگە ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت كەلدى. مېنىڭچە ئەتە پۈتۈن ئەل - جامائەتنى بىر يەرگە يىغايلى. دانىشمەنلەرنى گۇۋاھ قىلىپ بۇ شۇمتەكنىڭ سوئالىنى جامائەت ئالدىدا سوراتقۇزايلى. ئۆزلىرى جاۋاب بەرسىلە، بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىللىك ئىكەنلىكلىرى تېخىمۇ نامايان بولىدۇ، ئىززەت — ئابرۇيلىرى تېخىمۇ كۆتۈرۈلىدۇ.

بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا ياغدەك يېقىپتۇ ۋە ئەتىسى ئەل - جامائەتنى يىغىپتۇ. قاۋۇلمۇ، پادىشاھمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. پەگادا ئولتۇرغان بىر دانىشمەن دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە:

— ھۆرمەتلىك شاھىم. بۇ بالىنىڭ سوئالىنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار. شۇڭا تۇغۇلغىنىغا بىر يىل بولغان بىر موزاي بىلەن تۇغۇلغىنىغا بىر يىل بولغان بىر بالىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ جامائەت ئالدىدا سىناپ كۆرسەك، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چاپارمەنلەر بىردەمدىلا بىر موزاي بىلەن بىر بالىنى تېپىپ كەپتۇ. ئاندىن دانىشمەننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر ئازگال كولاپ ئازگالنىڭ ئىچىگە بىر باغ بېدە بىلەن بىر توپنى تاشلاپ بالا بىلەن موزاينى ئازگالنىڭ يېنىدا قويۇپتۇ. موزاي ئازگالدىكى بېدىگە قاراپ بويۇن سوزۇپ، ئازگالغا چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ دەرھال ئارقىغا يېنىپتۇ. ئەمما بالا ئازگالدىكى توپنى ئالىمەن دەپ ئازگالغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بۇ سىناقتا پادىشاھ تازا قايىل بولماپتۇ. ئىككىنجى قېتىم مەيداننىڭ بىر چېتىگە شاش ئاتتىن بىرنى باغلاپ قويۇپ، بالا بىلەن موزاينى ئاتنىڭ يېنىدا قويۇپتۇ. موزاي ئات تەرەپكە بىر -

ئىككى قەدەم بېسىپتۇ ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. بالا بولسا ئويناپ كېلىپ ئۆمىلىگىنىچە ئاتىنىڭ ئارقىسىغا كەپتۇ ـ دە، ئاتىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان قۇيرۇقىنى تارتىپتۇ. ئات قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ بالىنى تېپىشكە تەييارلىنىپتۇ. بالىنىڭ ئات بىلەن كارى بولماپتۇ. كۆپچىلىك قىيا ـ چىيا قىلىشقا باشلاپتۇ. شاش ئات بىر پەشۋا بىلەن بالىنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. بالا تىنتارماي ئۆلۈپتۇ.

بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ پېشانىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر قۇيۇلۇپتۇ. بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى يوغىناپ كالپۇكلىرى تىترەپتۇ. قاۋۇلنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە قايىل بولۇپ، تەربىيە كۆرمىگەن ئادەمنىڭ ھايۋاندىن بەتتەر ئەقىلسىز بولىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ نادان ئىكەنلىكىگە خورسىنىپ شاھلىق تەختىنى قاۋۇلغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بالا پادىشاھ قاۋۇل شۇنىڭدىن باشلاپ يۇرتلاردا كۆپلەپ مەكتەپ سالدۇرۇپ، بالا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئەل ـ يۇرتنى ئەقىل ـ پاراسەت، دىيانەت بىلەن سوراپتۇ. ئەل ـ يۇرت گۈللىنىپ خەلق روناق تېپىپتۇ.

## ئەقىللىك بالا

بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك تۇرۇپلا يېتىم قالغان بىر بالا بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن.

ئەقىللىك بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان ئازغىنە يەرگە كۆكتات تېرىپ سېتىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. بۇ يۇرتتا بىر ئاچ كۆز باي بولۇپ، ئەقىللىك بالىنىڭ يېرىدىن چىققان كۆكتاتلارغا ئىگە بولۇشنى ئويلاپ بىر كۈنى ئەقىللىك بالىنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ:

— مەن دېگەن يۇرت بېگى. سەن تېرىغان كۆكتاتنىڭ يېرىمىنى

ماڭا بېرىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ. ئەقىللىق بالا ئىلاجسىزلىقتىن ماقۇل بوپتۇ - يۇ، جاپا تارتىپ ئىشلەپ تېرىغان كۆكتاتلىرىنى بەگكە بىكارغا بەرسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ بايغا دەپتۇ:

— سىلى بۇ يىل تېرىغان كۆكتاتلىرىمنىڭ يەر ئۈستىدىكىنى ئالامدىلا ياكى يەر ئاستىدىكىنىمۇ؟

بەگ «يەر ئۈستىدىكىنى ئالسام ئۇنىڭ كۆكتاتلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولمامدۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە:

— يەر ئۈستىدىكىنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

ئەقىللىق بالا قايتىپ كېتىپ يەرگە چامغۇر تېرىپتۇ. چامغۇرنى يىغىدىغان چاغدا بەگكە خەۋەر قىلىپ ھوسۇلنى ئېلىپ كېتىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ. بەگ كېلىپ قارىسا يەردە چامغۇر تۇرغان. بەگ يەر ئۈستىدىكىنى ئالىدىغان بولغاچقا، چامغۇرنىڭ كۆكىنى ئېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ - دە:

— بۇ يىل مېنى ئالداپسەن. كېلەر يىلى مەن يەر ئاستىدىكىنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

ئىككىنچى يىلى بالا يېرىگە چامغۇر تېرىماي يېسىۋېلىك تېرىپتۇ. ھوسۇلنى يىغىدىغان چاغدا بايغا خەۋەر بېرىپتۇ.

— بۇ يىل سىلى يەر ئاستىدىكىنى، مەن يەر ئۈستىدىكىنى ئالىدىغان بولغان. تېگىشلىكلىرىنى ئېلىۋالسىلا، - دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەقىللىق بالا يېسىۋېلەكنى ئاپتۇ. بەگ بولسا يېسىۋېلەكنىڭ كۆتىكىنى ئاپتۇ. ئەلەم بولغان بەگ:

— سەن شۇمتەك مېنى ئىككى يىل ئالدىدىڭ. كېلەر يىلى يەرنىڭ ئاستىدىكىنىمۇ ئەمەس، يەر ئۈستىدىكىنىمۇ ئەمەس، ئوتتۇرىسىدىكىنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

ئەقىللىق بالا ماقۇل بوپتۇ. يېرىگە بولسا بۇغداي تېرىپتۇ. ئەقىللىق بالا بۇغداي پىشقاندا بۇغداينىڭ بېشىنى ئۈزۈۋېلىپ ئوتتۇرىسىدا قالغان غولىنى بەگكە قويۇپ قويۇپتۇ. بۇ يىلمۇ بەگ يەنە

ئالدىنىپ قاپتۇ. ئەقىللىك بالىنىڭ شۆھرىتى ئەل - يۇرتقا پۇر كېتىپتۇ.

## ئاق ئۇجمە

بۈگۈن ئەتىگەن هاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. ئەتىگەنلىك تاماق-تىن كېيىن كۈندىكى ئادىتىم بويىچە ئوغلۇم قەمەرجاننى ۋېلىسى-پىت بىلەن مەكتىپىگە ئاپىرىۋېتىپ ئىدارەمگە كەتتىم.

كەچقۇرۇن بىردىنلا ئاسماننىڭ پەيلى ئۆزگىرىپ قاتتىق گۈل-دۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، يامغۇر خۇددى چېلەكلەپ سۇ قۇيغاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغا-نىدى. ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالدىراش ئۆيگە قايتىش-قا باشلىدى. ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ بولغۇچە ھەممىمىز-نىڭ پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. مەن شەپ-كەمنى چۆكۈرۈپ كىيىپ چېكىسىنى كۆزۈمگە دالدا قىلىپ ۋېلى-سىپىتنىڭ ئالدىنى ئۆي تەرەپكە قىلىپ مىندىم - دە، بارلىق كۈ-چۈم بىلەن پىدالنى تەپتىم.

مەن قەمەرجاننى ئۆيگە كېتىپ بولغاندۇ دەپ ئويلىغاندىم. بىراق، ئۇ ئۈچ - تۆت ساۋاقدىشى بىلەن ئاقساپ مېڭىۋاتقان بىر بالىنى قولتۇقلاپ كېتىپ بارغان ھالدا يېرىم يولدا ئۇچراپ قالدى.

— قەمەرجان، ۋېلىسىپىتكە مىنگىن بالام. چاپسانراق ئۆيگە بېرىۋالايلى، — دېدىممەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ.

— بۇ ساۋاقدىشىم يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى قايرىلىپ كەتتى. ئۆيىگە ئاپىرىپ قويمىساق بولمايدۇ، — دېدى قەمەرجان قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ يامغۇردىن دالدا قىلغان ھالدا.

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— بول - بول، قالغانلار ئاپىرىپ قويسۇن، — دېدىم، — دە، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن توخۇدەك تۈگۈلۈپ كەتكەن ئادىلجانغا بىر

قاراپ قويۇپ قەمەرجاننى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ۋېلىسىپىتكە مىندۇرۇپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.

يامغۇر قاتتىق ياغماقتا ئىدى. يولنىڭ پەسرەك يەرلىرىگە يامغۇر يىغىلغان، ئېگىزرەك يەرلىرى پاتقاقلاشقان بولۇپ، ۋېلىسىپىتنى ھەيدەشمۇ تەس بولۇۋاتاتتى. لايدا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈش قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش ئىدى. ۋېلىسىپىتنىڭ قانىتىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغان لاي بارغانسېرى كۆپىيىپ، چاقنىڭ ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا ئىدى. مەن ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق كۈچنى ئىككى پۇتۇمغا يىغىپ، پېدالنى كۈچەپ تېپىپ ماڭدىم.

— ۋاي دادا توختا، بىر ئايال يىقىلىپ چۈشتى، — دېدى قەمەرجان ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدە تۇرۇپ.

— كارىڭ بولمىسۇن، — دېدىم مەن ۋېلىسىپىتنى تېخىمۇ كۈچەپ تېپىپ.

قەمەرجان ۋېلىسىپىتتىن دىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئېرىققا قاراپ يۈگۈردى. ئۆيگە بولسا يۈز مېتىرچە ئارىلىق قالغانىدى. مەن ۋېلىسىپىتنى ئەكىرىۋېتىپ چىقاي دېگىنىمچە مېڭىۋەردىم. ئۆيگە كىرىشىم بىلەن ئايالىم:

— قەمەرجاننى كۆردىڭمۇ؟ ئۇ تېخى كەلمىدى، — دېدى بىر خىل ئەنسىزلىك بىلەن.

— مەن ئېلىپ كەلدىم.

— قەمەرجان قېنى؟

— ھەي، شۇ بالىنى ـ زە، ئىش تېپىپلا يۈرىدۇ. يولدا پۇتى قايرىلىپ كەتتى دەپ بىر بالىنى يۆلەپ يۈرگەن. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە بىر ئايال يىقىلىپ چۈشتى دەپ ۋېلىسىپىتتىن سەكرەپ چۈشۈپ يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئېرىققا كىرىپ كەتتى.

ئايالىم سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەنمۇ ئەگەشتىم. قەمەرجان باش ـ كۆزىنى ئاق رومال بىلەن ئورىۋالغان، بىر قولتۇقىدا باش ياغلىق

قىغا چىگىلگەن بوغچا كۆتۈرۈۋالغان بىر مومايىنى يۆلەپ كېلىۋاتات-تى. يامغۇر بولسا شارقىراپ چۈشمەكتە ئىدى. مەن قولۇمنى پېشا-نەمگە قويۇپ كۆزۈمگە چۈشۈۋاتقان يامغۇرنى توسۇپ تۇرۇپ قەمەر-جان يۆلەپ كېلىۋاتقان مومايغا سىنچىلاپ قارىدىم ـ دە، بىردىنلا يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. قەمەرجان يۆلەپ كېلىۋاتقان موماي باشقا بىرسى بولماستىن، مېنىڭ ئانام ئىدى. ئانام بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا تېيىلىپ ئاران مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئانامنى كۆ-رۈپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. شۇ چاغدا قەمەرجان:

— دادا، چوڭ ئانام كەپتۇ، — دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

قەمەرجانىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاۋازى گۈلدۈرلەۋاتقان گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىدىنمۇ كۈچلۈك بىلىنىپ كەتتى. مەن قەمەرجانىنىڭ توۋلىشى بىلەن ئېسىمنى يىغىپ، ئانامنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم ـ دە، پۈتۈن كىيىمى لاي بولۇپ كەتكەن ئانامنى يۆدۈپ ئۆيگە ئەكىردىم. ھەر ھالدا ئانامنىڭ بىر يېرى زەخىملەنمەپتۇ. بىز تېزلىك بىلەن ئانامنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىدۇق. شۇ چاغدا ئانام ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ:

— ئۆجمىنىڭ ئالدى پىشقانىدى. سىلەرنى ئېغىز تەگسۇن دەپ بىر كورا تېرىپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتىمەن. كاساپەت يامغۇرنىڭ بۇنداق قاتتىق يېغىپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن؟ تېيىلىپ ئېرىققا چۈشۈپ كېتىپ قوپالماي ئاتسام بىرسى «چوڭ ئانا قولىلىرىنى ئە-كەلسە، مەن تارتىۋالاي» دەۋاتىدۇ. قارىسام قەمەرجان بالام ئىكەن. ئۇ ئېرىقتىن تارتىپ چىقىرىۋالدى. بولمىسا سۇدا ئېقىپ كېتەر ئىدىم...، رىسقىم بار ئىكەن، — دىدى.

ئانام چىڭ قىلىپ چىگىلگەن باش ياغلىقنى يېشىپ، كورىنى ئالدى ـ دە، ئاغزىنى ئېچىپ ئالدىمىزدا قويدى. قەمەرجان ئىتتىك ماڭا قارىدى. مەن:

— يە ئوغلۇم، — دېدىم.

ئايالىممۇ ئۆجمىگە قول ئۇزاتتى. مېنىڭ بولسا كورىدا «مېنى

يە» دەپ جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئاق ئالتۇندەك ئاپپاق ئۇجمىگە قول ئۇزاتقۇم كەلمەيتتى. شۇ تاپتا مەن ئۇچۇن كورىدىكى ئاق ئۇجمىلەر ئاق ئەمەس قىپقىزىل يالقۇنجاپ تۇرغان چوغ ئىدى. ھەي.... مەن مۇشۇ ئون مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان شارائىتتا ئىدارىدىن ئۆيگە كەلگۈچە ئۆزۈمنىلا ئويلاپ ئادەملىك بۇرچۇمنى ئۇنتۇپتىمەن.

مەن قەمەرجانغا قارىدىم. ئۇ شۇ تاپتا ئىشتىھا بىلەن ئۇجمە يېمەكتە ئىدى.

— يە ئوغلۇم ـ يە، بۇ ئاق ئۇجمىنى سەنلا يېيىشكە ھەقلىق، — دېدىم ئىچىمدە ۋە بىردىنلا ئۆزۈمدىن ئىزا تارتىپ قالدىم.

## ئىككى باتۇر

تاڭ سەھەر. قېلىن ياغقان قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ مېڭىپ، سىنىپ نۆۋەتچىلىكىنى قىلىش ئۈچۈن مەكتەپ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن باتۇر، قوشنا سىنىپتىكى تۆت نەپەر قىزنىڭ مەكتەپ ئالدىدىكى ئۆستەڭنىڭ بويىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ـ دە، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا باردى. قار ـ مۇزلار بىلەن ئارىلىشىپ ئېقىۋاتقان سۇدا يېڭى بىر چېلەك بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ئاقماقتا ئىدى. بۇ قىزلار ئاللا چۇقان سېلىشىپ ئۆستەڭ بويىدا يۈگۈرۈشكىنى بىلەن، ئۆستەڭگە سەكرەپ چۈشۈپ چېلەكنى سۈزۈۋېلىشتىن قورقۇشقانىدى.

چېلەك تېزدىن سۈزۈۋېلىنمىسا ئېقىپ بېرىپ ئۆستەڭنىڭ ئايىقىدىكى چوڭ قايىنامغا چۈشۈپ كېتەتتى. قاراپ تۇرۇپ مەكتەپنىڭ بىر چېلىكى قايىنامغا چۈشۈپ يوقىلىپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟

شۇ چاغدا باتۇرنىڭ ئېسىگە ئالدىنقى ھەپتىدىكى بىر ئىش كېلىپ قالدى.

قىشلىق تەتىل جەريانىدا مومىسىنىڭكىدە تۇرغان باتۇر تەتىل

ئاخىرلاشقان كۈنى بالدۇرلا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. تۈن كېچە بولغاندا مەھەللىدە بولۇۋاتقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەت-تى. مومىسىمۇ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

ــ موما، نېمە ئىش بولۇپتۇ؟ ــ سورىدى باتۇر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

ــ ئۆستەڭگە ئۇلۇغ سۇ كەپتۇ. توسمىنىڭ تاقىقى مۇزلاپ قې-تىپ كەتكەچكە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇ ئۆستەڭدە قېيىپ، قاشتىن يالاپ چۇشۇشكە باشلاپتۇ. مەھەللىدە شۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بالام. مۇز چوقىغىلى پالتىنى ئىزدەۋاتىمەن.

باتۇر مومىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كى-يىملىرىنى كىيىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. بۇ چاغدا ئۆستەڭنىڭ قېشىدىن ھالقىپ چۈشكەن سۇ يوللارنى بېسىپ، ئىشىك ئالدىغا كېلىشكە باشلىغانىدى. توسمىنىڭ تاقىقى ۋاقتىدا كۆتۈرۈۋېتىل-مىسە، مومىسىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئۆيىنى سۇ بېسىپ كېتىدىغاند-لىقى ئېنىق ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ باتۇرنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى.

179

باتۇر توسمىنىڭ بېشىغا باردى. نۇرغۇن كىشىلەر توسمىدىكى تاقاقنىڭ تېگىگە كەتمەن، پالتا، ئۇزۇن بادىرلارنى تىقىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلار قانچە قىلسىمۇ تاقاق كۆ-تۈرۈلمەيتتى. ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. ئۆيلەرنى سۇ بېسىپ كېتىش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى.

ــ ۋاي ھويلىغا سۇ كىرىپ كەتتى!

ــ ۋاي قانداق قىلارمىز؟

ئاياللارنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. توسما بېشىـ-دىكى كىشىلەر تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا بۇ مەھەللىدىكى باتۇر ئىسىملىك بىر يىگىت كىيىملىرىنى سالدى ـ دە، قولىغا ئۇزۇن بىر لوم تۆمۈرنى ئېلىپ، چىشىنى چىڭ چىش-لەپ، قولىدىكى تۆمۈرنى ھاسا قىلىپ تايىنىپ، خۇددى ياز كۈنلى-

رى سۇغا سەكرىگەندەك «چولتوك» قىلىپلا سۇغا چۈشتى. سۇ با-تۇرنىڭ كۆكسىگە كەلدى. باتۇر چاققانلىق بىلەن قولىدىكى تۇمۇر-نى تاقاقنىڭ تېگىگە تىقىپ بىر كۆتۈرۈۋىدى، تاقاقتىكى مۇز قاراس قىلىپ يېرىلىپ، تاقاق يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ سۇ توسما ئارقىلىق شارقىراپ تۆۋەنگە قاراپ ئاقتى. باتۇرمۇ ئۇزاتقان بادىرىغا ئېسىلىپ قاشقا چىقتى. كىشىلەر باتۇرغا ئۇچە-سىدىكى ئىسسىق چاپانلىرىنى سېلىپ كىيدۈرۈشتى. باتۇر بولسا جالاقلاپ تىترەيتتى. شۇ چاغدا بىر موماي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— مۇشۇ قىشتا ئۆيىمىزنى سۇ بېسىپ كېتىش ئاپىتىدىن ساقلاپ قالغىنىڭىزغا رەھمەت بالام. سىز ئىسمىڭىزغا خاس باتۇر-كەنسىز، — دېدى.

— باتۇرجانغا رەھمەت!...

كىشىلەر باتۇرغا رەھمەت ئېيتىشتى. قاش ئۇستىدە يۈرۈپ بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىچىك باتۇر: «ئەل خىزمىتى-دىن ئەل ھۆرمىتى كېلىدۇ» دېگەن شۇكەندە. مەنمۇ باتۇر ئاكامدەك باتۇر بولىمەن!... دېگەنلەرنى ئويلىدى.

باتۇر خىيالىنى توختاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا غەيرەت ـ شىجائەت ئۇرغۇغانىدى. كىچىك باتۇرمۇ كىيىملىرىنى شاق ـ شۇق سالدى ـ دە، چىشىنى چىڭ چىشلەپ ئۆستەڭگە كىردى. ئۆستەڭدىكى سۇ باتۇر-نىڭ كىندىكىگە كەلدى. باتۇرنىڭ قار ـ مۇز ئارىلاش ئېقىۋاتقان سۇغا كىرگىنىنى كۆرگەن قىزلار ۋارقىرىشىپ كەتتى.

— باتۇر قايتىپ چىق، مۇزلاپ قالىسەن!

— باتۇر!...

بىراق، باتۇر سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان چېلەكنى كاپ قىلىپ تۇتتى ـ دە، چېلەكنى قاشتىكى قىزلارغا سۇنۇپ بېرىپ سۇدىن چىقتى. بۇ چاغدا باشقا ئوغۇل بالىلارمۇ ئۆستەڭ بويىغا كېلىشكەن بولۇپ، ئۈچ ئوغۇل باتۇرنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە ئېلىپ كىرىپ دەرۋازا يېنىدىكى پوست ئۆيىدىكى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدى. پوست

ئۆيدىكى مەشىنىڭ ئوتى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتاتتى.
— رەھمەت سىزگە باتۇر!
— يارايسەن باتۇر!
قىزلار رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كېتىشتى. باتۇر يوتىقانغا يۆگىنىپ يېتىپ ئىسسىپ تۇرۇۋىدى، دەرسكە كىرىشكە داڭ ئۇرۇلدى. باتۇر دەرسكە كىرىش ئۈچۈن پوست ئۆيدىن سىنىپ ئالدىغا باردى. سىنىپ ئالدىدىكى «ياخشى ئىشلار تەشۋىقات دوسكىسى»غا يېزىلغان «باتۇرنىڭ باتۇرلۇقىدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى ماقالىنى كۆرۈپ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ سىنىپنىڭ نۆۋەتچىلىكىنى قىلىدىغان نۆۋەتچى بولغاچقا، سىنىپنىڭ تازىلىقى قانداق بولغاندۇ؟ مەشكە ئوت يېقىلغانمىدۇ؟ دەپ ئەنسىرەپ سىنىپقا كىردى. سىنىپ پاكىز تازىلانغان، مەشكىمۇ ئوت يېقىلغان بولۇپ، سىنىپ شۇنداق ئىسسىق ئىدى.

181

## رەگەتكە

ئۆيدە يېزىقچىلىق قىلىپ ئولتۇراتتىم. قوشنىمىز سادىر ئالدىراپقىنە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ جىددىيچىلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قورقۇپ كەتتىم. نېمە ئىش بولغاندۇ؟ شۇ چاغدا سادىر:
— تاھىرجاننى دوختۇرخانىغا ئەكىرىدىغان ئىش بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى تۇتۇپ ئولتۇراي، ئېغىر كۆرمەي موتوسىكلىتىڭىز بىلەن ئەكىرىپ قويغان بولسىڭىز؟ — دېدى.
— تېخى بايىلا ئىشىك ئالدىدا رەگەتكىگە تاش سېلىپ قۇشقاچ سوقىمەن دەپ يۈرەتتىغۇ؟ ئەمدە نېمە بولۇپ....
مەن قىلغىلى گەپ تاپالماي قالدىم. سادىر:
— ھەي، شۇ رەگەتكىنىڭ ئىشى بولمامدۇ. بىر قۇشقاچنى چەنلەپ رەگەتكىنى تازا بىر سوزغانىكەن، رېزىنكىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپ

كۆزىگە تېگىپتۇ. كۆزىدىن قان چىقىپ كېتىپتۇ. قارىغۇ بولۇپ قالمىغىيتى دەپ ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن.

— خۇدايىم، ئۇنداق بولماس!

مەن موتوسىكلىتنى، سادىر، تاھىرجاننى ئېلىپ ئىشىك ئالدىدا ھازىر بولدۇق. ئۈچىمىز بىر موتوسىكلىتقا مىنگىشىپ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ نومۇر ئېلىپ تاھىرجاننى كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردۇق. تاھىرجاننىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، زەخىملەنگەن كۆزىدىن قان چىقىپ تۇراتتى. تاھىرجان ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي توختىماي ۋايجانلايتتى.

— چاتاق بولۇپتۇ، — دېدى دوختۇر تاھىرجاننىڭ كۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، — بالىنىڭ كۆزىنىڭ قارىسى تىتىلىپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ دوختۇرخانىمىزدا بۇنى داۋالاش ئىمكانىيىتى يوق. ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.

بىز دوختۇرخانىدىن خۇددى بىرسى ھەيدەپ ماڭغاندەك ئېغىر قەدەملەر بىلەن مېڭىپ چىقتۇق ـ دە، قاتناش بېكىتىگە كەلدۇق.

— يېنىڭىزدا پۇل بارمۇ؟ — سورىدى سادىر ئاپتوبۇسقا چىقىش ئالدىدا ماڭا قاراپ خىجىل بولغان ھالدا.

— بىرەر مىڭ يۈەن بارمىكىن، — دېدىم مەن.

— مەندىمۇ ئىككى مىڭ يۈەن بار، ئىككىسىنى قوشساق داۋالىتىشقا يېتىپمۇ قالار، — دېدى سادىر.

— شۇنداق قىل، ھەممىدىن تاھىرجاننىڭ كۆزى مۇھىم.

مەن يېنىمدىكى پۇلنى ئېلىپ سادىرغا بەردىم. سادىر تاھىرجاننى ئېلىپ ۋىلايەتكە كەتتى. مەنمۇ ئۆيگە قايتىپ چىقتىم ـ دە، سادىرنىڭ ئايالىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ قويدۇم.

— ھەي ئەمدە قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دېدى سادىرنىڭ ئايالى، — تاھىرجان ئەتىگەن بىر قۇشقاچ سوقۇپ كىرىپتىكەن، سادىر ئۇنى

182

ماختاپ، سوقۇپ كىرگەن قۇشقاچنى سويۇپ كاۋاپ قىلىپ بەرگەن. مانا ئەمدە يەنە بىرنى سوقۇمەن دەپ بۇ ئىش يوز بېرىپتۇ.

— بولدى خاپا بولماڭ، سىزنىڭمۇ سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئەمەس. بۇنداق بولۇشنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ تاھىرجاننىڭ كۆزى ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، ــ دېدىم تەسەللى بېرىپ.

ئۆيگە قايتىپ كىردىم. كۆڭلۈم غەش ئىدى. كەچتە بۇ ۋەقەنى بالىلىرىمغا سۆزلەپ بېرىپ رەگەتكە ئوينىماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بەردىم.

ئۈچ كۈن ئۆتۈپ سادىر قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ۋىلايەتتىكى دوختۇرخانىلارمۇ تاھىرجاننىڭ كۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ «كۆزىنىڭ قارىسى تىتىلىپ كېتىپتۇ، ئەمدى كۆزى ئەسلىگە كەلمەيدۇ. ئون مىڭ يۈەن تاپشۇرساڭلار، ساق كۆزگە ئوخشاش يالغان كۆز سېلىپ قويىمىز» دېيىشىپتۇ.

183

ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. سادىر توختىماي ئۇھ تارتاتتى. ئون مىڭ يۈەن پۇل خەجلەڭ، يەنە يالغان كۆزگە ئېرىشىڭ! ھەي، بۇ نېمىدېگەن ئېغىر ئازاب ــ ھە؟

بەلكىم، تاھىر شۇ رەگەتكىنى ئوينىمىغان بولسا، بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمەس ئىدى.

## تاپشۇرۇق

مۇشۇ مۇئەللىمنى نېمە دېسەم بولار؟ يېزىقچىلىق قابىلىيىتىڭلارنى ئۆستۈرىمەن دەپ، بىر دەرسنى ئۆتىدۇ ــ دە، «مۇشۇ تېكىستكە تەقلىد قىلىپ ماقالە يېزىڭلار، قوشاق يېزىڭلار، چۆچەك يېزىڭلار» دەپ تاپشۇرۇقنى بېرىۋېرىدۇ. تېخى ئالدىنقى ھەپتىنىڭ دەرسىدە، قادىر ئارسلانغا يازغان «مايمۇنچاق» ناملىق مەسەلنى دەرس قىلىپ ئۆتۈپ، مەسەل يېزىپ كېلىڭلار دەپ تاپشۇرۇق بەرگەندى، مەن بىر مۇنچە ئويلىنىشلاردىن كېيىن «توشقانچاق» دې-

گەن مەسەلنى يېزىپ ئاران 60 نومۇر ئالغانىدىم. بۈگۈن مۇئەللىم بىر پارچە چۆچەكنى دەرس ئۆتۈپ چۆچەك يېزىپ كېلىڭلار، دېدى. مېنىڭ بېشىمغا يەنە غەم چۈشتى. مەن چۆچەك بىلمىسەم، قانداق يازىمەن؟

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسلىكىدىن كۆچۈرۈپ يازاي دېسەم ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ. مۇئەللىم بىلىپ قالسا تېخىمۇ سەت تۇرىدۇ. ساۋاقداشلىرىم: «سەن تولۇقسىز ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ باشلانغۇچنىڭ دەرسىنى كۆچۈرۈپسەن دەپ مازاق قىلىشىدۇ. بىر پارچە چۆچەك يازالماي بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قىيتىپ كەتتى. مۇئەللىم: «ئاتا - ئاناڭلاردىن، بوۋا - موماڭلاردىن سوراپ يېزىپ كەلسەڭلەرمۇ بولىدۇ» دېگەنىدى. بىراق مېنىڭ بوۋام - مومام يوق. ئۇلار مەن چوڭ بولغۇچە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. دادامدىن ياكى ئانامدىن سورىسام بولغۇدەك.

— دادا، مۇئەللىم بىر پارچە چۆچەك يېزىپ كېلىڭلار دەپ تاپشۇرۇق بەرگەنىدى. بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنە؟

— ماڭ - ماڭ، مەن چۆچەك بىلمەيمەن. ئاناڭ ئېيتىپ بەرسۇن! — دېدى دادام تېلېۋىزوردىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇرۇپ.

— ئانا، بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنە، تاپشۇرۇق ئىشلەيتتىم، — دېدىم ئانامنىڭ يېنىغا كىرىپ.

— ماڭ - ماڭ، مەن بىر ئولتۇرۇشقا بېرىشقا ئالدىراۋاتىمەن، — دېدى ئانام گىرىم ئەينىكى ئالدىدا لەۋلىرىگە قىزىل بوياق سۈركەۋېتىپ.

يۈرىكىم ئېچىشتى. دادام بىلەن ئانام ھازىرقى زاماندا ئۆسۈپ چوڭ بولغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار چۆچەك ئېيتىش ئەمەس، «ياخشى ئوقۇ بالام» دېيىشنى، تۈرلۈك ئولتۇرۇشلارغا بېرىشنى، مودا كىيىم كىيىشنى، مائاشنى يەتكۈزەلمەي قاقشاشنى، تېخى مېنى قارىتىپ قويۇپ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇشنى، تېلېۋىزور كۆرۈشنىلا بىلىدۇ.

— مەكتەپكە بارمايمەن، — دېدىم مەن ئەتىسى.
— نېمىشقا بارمايسەن؟ — سورىدى دادام. مەن:
— چۆچەك يېزىش تاپشۇرۇقىنى بۈگۈن يىغىدۇ. مەن چۆچەكنى يازالمىدىم، — دېدىم.
دادام بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە:
— بىزنى كەچۈر، بىز راستتىنلا چۆچەك بىلمەيمىز. مەكتەپكە ماڭىدىغان يول بويىدا سائادەتخان دەيدىغان بىر موماي بار. كىشىلەر شۇ مومايىنى چۆچەك ئېيتىشقا ئۇستا دېيىشىۋاتاتتى. مەن سېنى باشلاپ باراي... — دېدى.
دادام مېنى ۋېلىسىپىتكە مىندۇرۇپ سائادەتخان مومايىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. چاچلىرى ئاپپاق، كۆزلىرى پىلىلداپ قالغان سائادەتخان موماي بىزنىڭ كېلىشىمىزدىكى مەقسىتىمىزنى بىلگەندىن كېيىن كۈلۈپ كەتتى ۋە:
— بالىنى ئېلىپ كەلگەنلىرى ئوبدان بولۇپتۇ. بىكار ۋاقىت تاپسىلا كەلسۇن. مەن چۆچەك ئېيتىپ بېرەي، بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراستى چۆچەك ئارقىلىق ئېچىلىدۇ، ئاتا - ئانا بولغۇچى بۇنى بىلمىسە بولمايدۇ، — دېدى.
سائادەتخان مومايىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دادامنىڭ يۈزى ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى.
سائادەتخان موماي ماڭا «ئەقىللىك بالا» دېگەن بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بەردى. مەن چۆچەكنى يېزىۋېلىپ مەكتەپكە كەتتىم. كەچتە مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم، شىرە ئۈستىدە بىر يۇرۇش «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن كىتاب تۇرۇپتۇ. دادام بولسا بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىنى ئوقۇۋېتىپتۇ.

## مەكتەپكە بېرىش يولىدا

سەيشەنبە كۈنى تاڭ سەھەر. شەرق ئاسمىنى ئوتتەك جۇلالى-

نىپ، قۇياشنىڭ چىقىش يولىغا قىپقىزىل پاياندار سالغاندەك كۆ-
رۈنەتتى. غەرب ئاسمىنىدا بولسا چولپان يۇلتۇز ئاخىرقى نۇرلى-
رىنى چېچىپ توختىماي جىمىرلايتتى.

ئامىنە سىنىپ نۆۋەتچىسى ئىدى. ئۇ مەكتەپكە سەھەر بېرىپ، سىنىپنى پاكىز تازىلىۋېتىپ، چۈشتىن كېيىن ئېلىنىدىغان «ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار مۇسابىقە ئىمتىھانى»غا ئاز - تولا تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. سەھەرنىڭ سالقىن شامىلى ئامىنەنىڭ يۈزلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. ئۆتۈلگەن دەرسلەر-نى ئويلاپ، فورمۇلالارنى يادلاپ كېتىۋاتقان ئامىنە، تولا يەرلىرى بۇزۇلۇپ ئويمان - چوڭقۇر بولۇپ كەتكەن يېزىنىڭ ئاسفالت يولى-نىڭ بىر يېرىگە كەلگەندە يۇمشاق بىر نەرسىگە دەسسەپ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى.

— پاقىمىدۇ؟

ئامىنە پۇتىنى ئىتتىك يۆتكەپ يەرگە قارىدى. يەردە چىگىلگەن بىر قول ياغلىق تۇراتتى.

— بۇ نېمىدۇ؟

ئامىنە قول ياغلىقنى ئېچىپ كۆردى.

— پۇل!...

ئامىنەنىڭ قولى تىترەپ كەتتى. پۇل ئون يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك، ئىككى يۈەنلىك، بىر يۈەنلىك بولۇپ خېلى كۆپ ئىدى. ئامىنە ئەتراپقا قارىۋىدى. ئادەم كۆرۈنمىدى. ئامىنە: «بۇ پۇل كىم-نىڭدۇ؟ كېچىدە بىرەرسى چۈشۈرۈپ قويغانمىدۇ؟ پۇلنى چۈشۈرۈپ قويغان ئادەم هازىر قانچىلىك تىت - تىت بولۇۋاتقاندۇ - هە؟ تۈ-نۈگۈن ئانامۇ يېزىمىزنىڭ دۈشەنبە بازىرىغا بېرىپ، بىر پاي ئال-تۇن زىرىسىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ تاپالماي ناهايىتى خاپا بولدى. «زىرەمنى 600 يۈەنگە ئالاتتى» دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. دادام: «خاپا بولماڭلار، بىرەرسى تېپىۋالغان بولسا تاپشۇرۇپ بېرەر، مەن بېرىپ زىرىنىڭ يىتكەنلىكىنى يېزىلىق ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىپ

قوياي دېدى». ئانام: «مۇشۇ كۈنلەردە، ئالتۇننى، پۇلنى تېپىۋالغان ئادەم تاپشۇرۇپ بېرەتتىمۇ؟ ساراڭ تاپشۇرۇپ بېرىدۇ» دېدى... قارىغاندا مەن بۇ پۇلنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسەم كىشىلەر مېنى «ساراڭ، پۇل دېگەننىمۇ تاپشۇرۇپ بېرەمدۇ؟» دەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟

ئامىنە پۇلنى ياغلىققا چىگىپ، يانچۇقىغا سالدى ـ دە، مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى ئېغىر ئىدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئارقىسىغا قارايتتى. ئانىسىنىڭ زىرىسىنى تېپىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرمىگەن كىشىنى تىللاپ، قارغاپ كەتكەنلىرى ئېسىگە كەلدى.

ئامىنەنى سوغۇق تەر بېسىشقا باشلىدى. ئۇ، «مەن بۇ پۇلنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپ ئەتراپىدىكى دۇكان، ئاشخانىلارغا كىرىپ خەجلەپ تۈگەتسەم بولمىغۇدەك. پۇلنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسەم، ئىگىسى مېنى تىللاپ، قارغاپ كەتمەمدۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ئامىنە ئىتتىك ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ پۇلنى تېپىۋالغان يەرگە كەلدى. شەرق ئاسمىنىدىن ئۇپۇق يېرىپ چىققان قۇياشنىڭ قىپقىزىل نۇرلىرى ئامىنەنىڭ يۈزلىرىدە جىلۋە قىلدى. يولدا ئادەملەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يېزا مەركىزى تەرەپتىن ئىككى كىچىك ماشىنا كېلىپ شەھەر تەرەپكە كىرىپ كەتتى. ئېشەك هارۋىلىرىغا سەي ـ كۆكتات باسقان ئىككى كىشى يېزا بازىرى تەرەپكە كەتتى. ئامىنە بولسا يول بويىدا قاراپ تۇرۇۋەردى. بىرەمۇ ئادەم پۇل ئىزدىگەندەك قىلمايتتى. يولدا بارا ـ بارا مەكتەپكە ئالدىراپ ماڭغان مۇئەللىملەر، ئوقۇغۇچىلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دېھقانلارمۇ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتتى ـ يۇ، بىرەمۇ ئادەم پۇل ئىزدەپ كەلمىدى. ئامىنە بىر مۇنچە ساۋاقداشلىرىنىڭ «ماڭمامسەن» دېگەن سوئالىغا «بىرسىنى ساقلاۋاتىمەن، هازىرلا بارىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بىر يېقىن دوستىغا سىنىپنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ قويۇشنىمۇ تاپىلىدى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. مەكتەپتە دەرسكە كىرىشكە قوڭغۇراق چېلىندى. ئەتىگەندە ئالگېبرا دەرسى بار ئىدى. مۇئەللىم، ئەتىگەندىكى ئىككى سائەت دەرس ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، چۈشتىن كېيىنكى ئىمتىھان ئۈچۈن دەرس تەكرار قىلىپ بەرمەكچى بولغان ئىدى. ئامىنە بۇ يەردە پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىپ، دەرس تەكرارىغا قاتنىشىشنى تاشلاپ قويسا بولمايتتى. ئۇ تەكرارغا قاتناشماي، ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىسە، ئەلاچىلىق نامىغا نۇقسان يېتەتتى. ئامىنە قوڭغۇراق ئاۋازى تۇختىشى بىلەن مەكتەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ئامىنە سىنىپقا كىرىپ كەلگەندە مۇئەللىم ئىككى ئوقۇغۇچىدىن سىناق ئېلىۋاتاتتى.

— كېچىكىپ قاپسىزغۇ؟ — سورىدى مۇئەللىم ئامىنەگە قاراپ.

— ئىشىم چىقىپ قالغانىدى، — دېدى ئامىنە يۈزلىرى قىزارغان هالدا.

— يوقلىما قىلسام بىر ساۋاقداشىڭىز سىزنى يولدا ئۇياق - بۇياققا قاراپ قالدى، دېدىغۇ؟

ئامىنە مۇئەللىمگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ يەرگە قارىۋالدى. كۆڭلىدە: «تېپىۋالغان پۇلنى دەرستىن چۈشكەندە مۇئەللىمگىلا تاپشۇرۇپ بېرەي» دەپ ئويلاپ جىم تۇرۇۋالدى.

— سىز هازىرقى ۋاقىتنىڭ ئىنتايىن مۇهىملىقىنى بىلىسىز. يولدا بۇنىڭدىنمۇ مۇهىم ئىش چىقىپ قالغانمۇ؟ راستىنى دەڭ؟

ئىلاجسىز قالغان ئامىنە يانچۇقىدىن پۇل چىگىلگەن ياغلىقنى ئېلىپ مۇئەللىمگە بەردى.

— بۇ نېمە؟

— پۇل، — دېدى ئامىنە ئۈنلۈك قىلىپ، — مەكتەپكە كېلىۋېتىپ يولدىن تېپىۋالغانتىم. ئىگىسى كېلىپ قالار دەپ يولدا ساقلاپ تۇردۇم.

— ئۇلتۇرۇڭ، — دېدى مۇئەللىم ئامىنەگە مەمنۇن بولغان ھالدا، — بۇ قانچە پۇل؟

— ساناپ باقمىدىم.

سىنىپتا پاراقىدە كۇلكە كۆتۈرۈلدى.

مۇئەللىم شۇ سائەتلىك دەرستىن چىقىپلا پۇلنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەردى. پۇل ئىككى يۈز يۈەن ئىدى. مەكتەپ پۇلنى يېزىلىق ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئامىنە چۈشتىن كېيىن ئېلىنغان ئەلاچىلار مۇسابىقە ئىمتىھانىنى ياخشى بېرىپ ئائىلىسىگە قايتتى. ئۆيدە دادىسى كۆرۈنمەيتتى. ئانىسى ھېچ ئىشقا قولى بارماي خاپا بولۇپ ئولتۇراتتى. ئامىنە:

— ئانا زىرەڭ تېپىلىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ساقچىخانىغا بارسام مېنىڭ زىرەم تېپىلماي، نەدىكى بىر ئادەمنىڭ كېچىدە يولدا يىتتۇرۇپ قويغان ئىككى يۈز كوي پۇلى تېپىلىپتۇ. ھەممە ئادەم ئاشۇ ئىنسابلىق، پەزىلەتلىك بالىدەك بولسا جاھان قانداق ياخشى بولۇپ كېتەر ئىدى - ھە؟ — دېدى ئامىنەنىڭ ئانىسى كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — پۇلنىڭ ئىگىسى پۇلىنى قولىغا ئېلىپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىپتىمىش....

شۇ چاغدا ئامىنەنىڭ دادىسى ئۆيگە خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى - دە، يانچۇقىدىن ئالتۇن زىرىنى قولىغا ئېلىپ:

— خۇش خەۋەر. زىرە تېپىلىپتۇ، — دېدى.

— ھە؟

ئامىنەنىڭ ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ زىرىسىنى قولىغا ئېلىپ، يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتۈپ كەتتى ۋە:

— كىم تېپىۋاپتۇ؟ — دېدى ئالدىراپ.

— ساقچىخانىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پەزىلەت ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىسى تېپىۋېلىپ تاپشۇرۇپ

بېرىپتۇ.

— ئۇ بالا نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل ـ ھە؟ ئىسمىمۇ پەزىلەت، قىلغان ئىشىمۇ پەزىلەتلىك بولۇپتۇ، — دېدى ئامىنەنىڭ ئانىسى خۇشاللىقىنى باسالماي. شۇ چاغدا ئامىنەم:

— ئانا ھېلىقى سەن دېگەن ئىككى يۈز كوي پۇلنى مەن تېپىۋالغانتىم، — دېدى چۈشەنچە بېرىپ.

ئانىسى خۇش بولۇپ ئامىنەنى سۆيۈپ بولغۇچە، دادىسى ئامىنەنى باغرىغا باستى.

— ياخشى قىلىپسەن قىزىم. بىزنىڭ يۈزىمىزنى، ئىلىم بەرگەن مەكتەپ، ئۇستازلىرىڭنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىپسەن!...

# بالىلار، بىلىم ۋە كىتاب ھەققىدە ھېكمەتلەر

## بالىلار تەربىيەسى ھەققىدە

(1)

▲ بالا ــ ئۇنچە، ئاتا ـ ئانا بولسا بالىنى قوينىدا ساقلىغۇچى سەدەپتۇر.

ــ ئەلىشىر نەۋايى

▲ ئەڭ چوڭ ئىنتىزام مەكتىپى ــ ئائىلە.

ــ سمايلىست

▲ بالىلىقتا سىڭدۇرۇلگەن پەزىلەتلەرلا ئىنسان تەبىئىتىدە مۇستەھكەم ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ.



ــ كومۇنىسكى

▲ بالىنى تەلەيسىز قىلىشنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۇسۇلى بالا نېمە دېسە ماقۇل دېيىشتۇر.

ــ روسسو

▲ بالىغا يان بېسىۋەرسىڭىز، ئۇ سىزگە ھۆكۈمران بولىدۇ؛ ئۇنى ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئېيتقىنىغا قوشۇلۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

ــ رۇسسو

▲ بالىلارنىڭ يۇمران قەلبىگە ھېچبىر نەرسە ئۇلگىدەك كۈچ-لۈك تەسىر قىلمايدۇ، ھەممە ئۇلگىلەر ئىچىدە ئاتا ـ ئانا ئۇلگىـسىدىنمۇ چوڭقۇرراق ۋە مۇستەھكەمرەك ئورۇن ئالىدىغان ئۇلگە يوق.

ــ توۋچىكوف

▲ بالىلارنىڭ گۇناھىمۇ، خىزمەتلىرىمۇ كۆپ تەرەپتىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ۋىجدانىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ.

— دىزېرژىنىسكى

▲ بالىلار بىزنىڭ كېلەچىكىمىز، مەقسەت ۋە غايىلىرىمىز يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ياخشى قوراللانغان بولۇشى كېرەك.

— لوكىك

▲ بالىلىرىنى ياخشى كۆرۈشنى توخۇمۇ بىلىدۇ. بالىلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، قابىلىيەتلىك قىلىش، ناھايىتى كۆپ كۈچ ۋە زور بىلىملەرنى تەلەپ قىلىدىغان دۆلەت خاراكتېرلىك بۈيۈك ئىش.

— گوركى

▲ تەربىيەلەش ئىشىدا كىچىك مەسىلىلەر بولمايدۇ.

— روگۇف

▲ بېسىلغان قەدەم ئادەتكە، ئادەت خاراكتېرگە، خاراكتېر بولسا قىسمەتكە ئايلىنىدۇ.

— تېككېرىبىي

▲ بالىغا ياخشىلىقنى سىڭدۈرۈپ چوڭ قىلىڭ. ئۇنىڭغا بەختنى شۇ بېرىدۇ.

— بىتخوۋېن

▲ ناچار بالىلار ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارنى جازالاش كېرەك.

— گوركى

▲ بالىنى بەختلىك قىلىمەن دەپ، ئۇنى كىچىكىدىن ئەركە ـ نايناق قىلىپ ئۆستۈرۈش — خاتالىقتۇر.

— ھېيگو

▲ بالىلارنىڭ شوخلۇقىغا يول قويمىسىڭىز، ھېچقانداق دانىشمەن دۇنياغا كەلمەيدۇ.

— روسسو

▲ بالىلارنى قورقۇتۇش بىلەن چۈشكۈنلۈكنى، بۇزۇقچىلىقنى، ئىككى يۈزلىمىلىكنى، رەزىللىكنى، قورققاقلىقنى يېتىشتۈرۈش مۇمكىن.

— دىزېرژىنىسكى

▲ ئاتا ئاتىدەك بولمىسا، بالىمۇ بالىدەك بولمايدۇ.

— رۇسو

▲ ئانا چىۋەر، ئاقىل بولسا، بالا دانىشمەن بولىدۇ.

— خەن يىڭ

▲ تەربىيە بۈيۈك خىزمەت. تەربىيە ئارقىلىقلا ئىنسان تەقدىرى ھەل قىلىنىدۇ.

— بېلىنسكى

▲ بارلىق مۆجىزىلەرنىڭ گۈزىلى ياخشى تەربىيەدۇر.

— ئېپىكتىت

▲ ئانا نادان بولسا، بالىنىڭ ئەمگىنى سۈت بولماستىن، نادانلىق ۋە زەئىپلىك بولىدۇ.

— چىڭغىز ئايتىماتوۋ

▲ ئانىلار يۈكسەلمىسە، بالىلار يۈكسەلمەيدۇ.

— جەمىل زەھاۋى

▲ ئائىلە ئەدەپ ـ قائىدە ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشنى ئۆگىنىدىغان مەكتەپ. بالا چوڭ بولسا ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشى قائىدىلىك بولسا، تۇرمۇشى بەختلىك بولىدۇ.

— سوفىيە روللا

▲ بالا تەربىيەلەشكە ۋاقىت چىقمىغانلىق ئادەم بولۇشقا ۋاقىت چىقمىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

— نەۋايى

(2)

▲ بالىنى بەك ئەركىلىتىپ، ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈۋالسىڭىز،

ئائىلىڭىزنىڭ پادىشاھى قىلىۋالسىڭىز، تەبىئىيكى سىز ئۇنىڭ چاكىرىغا ئايلىنىپ قالىسىز، چۈنكى پادىشاھتىن ۋاپا تىلەش قۇ-رۇق خىيالدۇر.

▲ بالىڭىزغا ماشىنا، ئايروپىلان ۋە ھەر خىل ھايۋانلارغا ئوخشىتىپ ياسالغان ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بەرسىڭىز، ئويناپ زې-رىكىپ چۇۋۇپ تاشلىۋېتىدۇ. ئەمما ياخشى كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئېلىپ بەرسىڭىز، بالىڭىزغا بۇرۇنراق ئەقىل كىرىدۇ، ئوقۇغان كىتابلاردىكى ھېكايىلەرنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇپ قالمايدۇ، يەنە كېلىپ بۇ كىتابلاردىن باشقىلارمۇ ئوقۇپ مەنپەئەت ئالالايدۇ!

▲ كۆز ئالدىمىزدىكى كۆپلىگەن بەختسىزلىكلەرنىڭ يىلتىزى با-لىنى كىچىكىدىن تىزگىنلەپ، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئۆگەتمىگەنلىك بولىدۇ.

▲ بالا تۇغۇپ، قورسىقىنى بېقىپ، كىيىمىنى پۈتۈن قىلىپ چوڭ قىلىش ھەممە ئاتا ـ ئانىنىڭ قولىدىن كېلىسىمۇ، بىراق ئۇنى جەمئىيەتكە يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ھەممە ئاتا ـ ئا-نىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

▲ ئاتا ــ مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى. ئاڭلىق ۋە ۋىجدان-لىق ئەركەك مىللەتكە، جەمئىيەتكە، تەرەققىياتقا كەينىنى قىلىۋا-لىدىغان ئەر بولماستىن، ئۇ ئائىلە ھۆجەيرىسىدە جەمئىيەت بەخ-تىنى، پەرزەنت گەۋدىسىدە مىللەت كېلەچىكىنى ئۆستۈرگۈچى باغۋەندۇر.

▲ ئاتا رەھىمدىل، ئوغۇل ۋاپادار، ئەر ئىنسابلىق، خوتۇن دانا بولسا، ئۆينىڭ دۆلىتى شۇدۇر.

▲ ئائىلىۋى مەسىلىلەردە ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق ۋە كېڭىشىپ ئىش كۆرۈش بولمىسا، بۇنداق ئائىلە ئازاب ۋە مۇ-شەققەتنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئائىلىدىن لەززەت كېتەر، راھەت يوقىلار، بالىلارنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلار، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك پەيدا بولۇر.

194

▲ كامالەتكە ئىگە بولۇش كېرەك. ھەرقانداق خاراكتېرنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن خالىسا، جاپادىن قورقمىسا، قانائەت، ئىقتىدار، ھەتتا جىسمانىي كۈچىنىمۇ ئادەم ئۆزىدىن تېپىشى مۇمكىن.

▲ تەنتەربىيە، جىسمانىي مەشغۇلاتلار، پىيادە مېڭىش ئەمگەك ئىقتىدارىنى ۋە سالامەتلىكىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان، ھەقىقىي ۋە شاد ـ خۇرام ھايات ئۆتكۈزۈشنى خالىغان ھەربىر ئادەمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن مۇستەھكەم ئورۇن ئېلىشى لازىم.

▲ دۇنيادا قەدىر ـ قىممەتتىنمۇ مۇھىم نەرسە يوق. بىز ئۆز قەدىر ـ قىممىتىمىزنى ساقلاپ قالالىساقلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيمىز. بۇ ئادەم بولۇشنىڭ بىرىنچى پىرىنسىپى.

▲ ئائىلىدىكىلەر باللار بىلەن بىرگە بولغاندا چوقۇم سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشى كېرەك. بۇ ئادەم بولۇشنىڭ ئىككىنچى پىرىنسىپى.

195

▲ ئوقۇتقۇچى مەڭگۈ ئۆچمەس چىراغ، ھېچكىم ئۇ چىراغنىڭ قاچان ئۆچۈپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

▲ ئاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خۇددى بەدەنگە زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇقتا ئوخشاشلا مۇھىم.

▲ ئەڭ ياخشى تەربىيەلەنگەن كىشى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ زور بايلىقىدۇر.

▲ بىلىم دېڭىزى قانچە چوڭقۇر بولىدىكەن، ئۇنىڭدىكى سىرلىق قىرغاقلارمۇ شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ.

▲ رىغبەتلەندۈرۈش ئىنسان روھىغا ئېھتىياجلىق ئوكسىگېندۇر.

▲ باللار تەربىيەسىنىڭ بارلىق مەخپىيەتلىكى — باللارغا ئىشىنىشتۇر.

▲ بالىنى ئازاد قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بالىنى ماختاشتۇر.

## بىلىم ھەققىدە

▲ بەختىنىڭ بەلگىسى ــ بىلىم.

ــ مەھمۇد كاشغەرىي

▲ ئالىملارنىڭ بىلىمى ــ دۆلەتنىڭ زىننىتىدۇر.

ــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ

▲ قەيەردە ئىدراك بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر، بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك شۇنىڭدا بولۇر.

ــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ

▲ بىلىم ئۆگەن، ئۆزۈڭگە تۆردىن جاي ھازىرلا. بىلىم بىلىش ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەزمۇت قورغاندۇر.

ــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ

▲ بىلىملىك كىشى قىممەتلىك تىللا، بىلىمسىز كىشى قىممىتى يوق يارماق.

ــ ئەخمەت يۈكنەكى

▲ بىلىم بىزنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان قانات.

ــ شېكىسپىر

▲ ئىنسان قانچىلىك كۆپ بىلسە، شۇنچىلىك قۇدرەتلىكتۇر.

ــ گوركى

▲ بىلىم ــ كۈچ، كۈچ بولسا بىلىمدۇر.

ــ بىكون

▲ بىلىم ئىنساننىڭ ھەممە يوللىرىدىكى يولدىشىدۇر.

ــ د. گۇرامشۋىل

▲ بىلىم ــ نۇر، بىلىمسىزلىك ــ زۇلمەت.

ــ تۇرگېنىف

▲ كۆپ نەرسىنى بىلگەندىن، ئاز بولسىمۇ پۇختا بىلگەن ئەۋزەل.
— روسۇ
▲ نادانلىقتىن ئۈچ بىخ ئۈنۈپ چىقىدۇ، بۇلار قارا نىيەت، ساختا شۆھرەت، ھاكاۋۇرلۇق.
— شوفىنخائېر
▲ ئىنسان قىممىتى ساختا شۆھرەت ۋە ھەشەمەتچىلىك بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇ ئىجابىي ئىقتىدار ۋە ئىجتىمائىي تۆھپە بىلەن ئۆلچىنىدۇ
— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن
▲ بىلىم كىشىنى يورۇقلۇق ۋە چىنلىق دۇنياسىغا ئېلىپ بارىدىغان شامدۇر.
— لى داجاۋ
▲ بىلىملىك كىشىدىن قالغان مىراس، بىلىمسىز كىشىدىن قالغان مال ـ دۇنيادىن قىممەتلىك.
— دېمۇكرت
▲ ئادەم ئۆگەنگەنسېرى ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى شۇنچە ھېس قىلىدۇ.
— دېمۇكرت
▲ بىلىم — بىر خىل ھۇزۇر. ھەۋەس — بىلىمنىڭ بېغى.
— بىكون
▲ ئىشلەش — بىلىمنىڭ مەنبەسى، بىلىم — ئىشلەشنىڭ نەتىجىسى.
— تاۋ شىڭجى
▲ ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلمەسلىك ئۆتۈپ كەتكەن بىلىمسىزلىكتۇر.
— پىلاتون
▲ ئامەتنى كۈتۈپ ئولتۇرماي تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەش كېرەك.
— فى لەنمېن

▲ بىلىم ئاچچىق يىلتىزدىن پىشىدىغان تاتلىق مېۋە.

— داگاتۇ

▲ بىلىش جەريانىدا ئۆز رولىنى كۆرسىتەلىگەن ئەقىللا ھەقىقىي ئەقىلدۇر.

— ئېنگىلىز

▲ قەيەردە ئەقىل بولىدىكەن، قۇدرەتمۇ شۇ يەردە.

— ھيۇگو

▲ كۆپ ئاڭلاش، كۆپ كۆرۈش، كۆپ ئوقۇش ۋە كۆپ تەجرىبە قىلىش بىلىم ئېلىشنىڭ پىرىنسىپىدۇر.

— دېيلوگېل

## كىتاب ھەققىدە

▲ كىتاب قەدرىنى بىلىملىك قىلىدۇ. ئىدراكسىز كىشىدىن باشقا نېمە كېلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

▲ كىتاب بىلەن بىللە ياشىغان كىشى مەڭگۈ ھەسرەت چەكمەيدۇ.

— رومىن روللان

▲ كىتاب – مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئېپى.

— دالى كارنىگ

▲ كۆڭۈلدىكىدەك كىتاب ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى.

— لېۋ تولىستوي

▲ كىتاب — ئىنسانىيەت تەرققىياتىنىڭ شوتىسىدۇر.

— گوركى

▲ كىتاب — ئىنسانىيەتنىڭ ئوزۇقى.

— شېكىسپىر

▲ كىتاب — بۈيۈك كۈچتۇر.

— لېنىن

▲ ياخشى كىتاب ــ بىباھا گۆھەر.

ــ بېلىنىسكى

▲ كىتاب ــ دەۋرىمىزنىڭ جېنىدۇر.

ــ بېلىنىسكى

▲ كىتاب ــ ھەرقانداق بىلىمنىڭ جېنى ۋە يۇرىكى.

ــ تۇېيگ

▲ كىتاب دانىشمەنلىكنى تارقىتىش قورالىدۇر.

ــ كومۇنىسكې

▲ كىتابنى كۆپ ئوقۇغان ئادەم روھىي جەھەتتىن شۇنچە ساغلام ۋە باتۇر بولىدۇ.

ــ گوركى

▲ ۋاقىت بىزگە تەجرىبە بېرىدۇ. كىتاب بىزگە بىلىم بېرىدۇ.

ــ ئوستۇرۋېسكى

▲ ياخشى كىتابتىن بىرنى ئوقۇش بىر ياخشى دوست تۇتقانغا تەڭ.

ــ زاڭ كېجيا

▲ كىتاب ئوقۇشتا كۆزنى، كۆڭۈلنى ۋە ئېغىزنى تەڭ ئىشقا سېلىش كېرەك.

ــ جۇ شى

▲ كىتابتىن ئوقۇغان بىلىمنى ئىشلەتمىسىڭىز، ئوقۇغىنىڭىز كېرەكسىز قەغەزگە تەڭ.

ــ ۋاشىنگتون

▲ ئادەم ــ تىرىك نەرسە، كىتاب ــ ئۆلۈك نەرسە.؛ تىرىك ئادەم ئۆلۈك كىتابنى ئوقۇسا كىتابقا جان كىرىدۇ؛ ئۆلۈك كىتاب تىرىك ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويالايدۇ.

ــ گومورو

▲ كىتاب ئالدىدا ھەممە نەرسە نۇرسىز بولۇپ قالىدۇ.

ــ چېخوف

▲ ياخشى كىتاب مۇئەللىپىنىڭ ئادىمىزات ئۈچۈن ئاتىغان سوۋغىسىدۇر.

— ئاددىسۇن

▲ كىتابسىز ئۆي — جانسىز تەندۇر.

— تىستېرون

▲ كىم كىتاب ئوقۇشتىن توختىسا، پىكىر قىلىشتىنمۇ توختايدۇ.

— دىدرو

▲ ياخشى كىتاب ھاياتنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز غەزىنىلىرىدىن بىرى.

— سمايلىس

▲ ياخشى كىتابنى قەدىرلىگەن ئادەم ھېچقاچان يالغۇز ئەمەس.

— گولدانى

▲ كىتاب ئوقۇپ توغرا چۈشىنىش — يازغۇچى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش دېمەكتۇر.

— پاۋلېنكو

▲ كىتاب — كەڭ مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى ۋە تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنىڭ سەھىپىلەشكەن شەكلىدۇر.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

▲ كىتاب ئالدى بىلەن ئىنسان قەلبىدىكى كائىنات.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

▲ ئىنسانلار ياراتقان مۆجىزىلەر ئىچىدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە مۆجىزە پەقەت كىتابتۇر.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

▲ كىتاب — لوقمان ھەكىم، كىتاب — رۇستەم پالۋان، كىتاب — بەخت قۇشى ئەنقا. بۇ ئاددىي تەسۋىر ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

▲ كىتاب ئوقۇش ــ ئۆمۈرۋايەت پايدا يەتكۈزىدىغان تۇرمۇش شەكلىدۇر.

ــ كۆيل خاردىمان

▲ تۇرمۇشتا كىتابنىڭ بولماسلىقى كۈن نۇرىنىڭ بولمىغانلىقى بىلەن باراۋەر.

ــ شېكىسپىر

▲ كىتاب ئوقۇغاندا كىشىنىڭ مېڭىسىدىكى بىلىم تېخىمۇ تولۇقلىنىدۇ، مۇھاكىمە ۋە پىكىر يۈرگۈزگەندە ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولىدۇ، خاتىرە قالدۇرغاندا بىلىمى مۇستەھكەملىنىدۇ.

ــ بېكون

▲ كىتابنى ئەڭ قەدىرلىگەن ئادەم ــ ئەڭ ئەقىللىق ئادەمدۇر.

ــ ئېمىرسۇن

▲ ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئەقىل - پاراسەتنى زىلزىلىگە سالىدىغان تەلىماتلار، روھنى تەسىرلەندۈرىدىغان قىزغىنلىقلارنىڭ ھەممىسى كىتابتا خاتىرىلىنىدۇ. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ كۆلەملىك زىددىيەت، ئۆتۈق، نەتىجە، دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك تەرجىمىھاللار بايان قىلىنىدۇ.

ــ خېر چىن

▲ كىتاب ئىنسانلارغا روھىي ئوزۇق بېرىدۇ، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىدۇ، تۇرمۇشنى نۇرلاندۇرىدۇ.

ــ ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن

▲ بىر پارچە كىتابنى ئوقۇش بىلەنلا بىلىم تولۇقلىنىپ كېتىشى ناتايىن، بىراق ئامما بىر كىتاب ــ ھەقىقىي بىر كىتاب ئۆزىگىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

ــ يارمۇھەممەد تۇغلۇق

▲ كىتاب ئوقۇش نەزەر دائىرىڭىزنى كېڭەيتىدۇ ھەمدە ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيدىغان شەكىل بىلەن سىزنى يېتىلدۈرىدۇ.

ــ يارمۇھەممەد تۇغلۇق

▲ كىتاب كۆچ - قۇدرەتكە ئىگە. يالغۇز بىر كىتابلا ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭدىكى مەلۇم بىر جۈملىمۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى ئۆز- گەرتىۋېتەلەيدۇ.

—— يارمۇھەممەد تۇغلۇق

## باللارغا تەربىيەتلەر

▲ ئوغلۇم —— سەن دۇنيادا ئەڭ باتۇر ۋە ئەقىللىك سەن! بىراق سەن نەسىھەتسىز يۇرسەڭ، سېنىڭدىن كەچسەم كېچىمەنكى ئېتىـ- قادىمدىن كېچەلمەيمەن!
▲ ئوغلۇم —— سەن دۇنيادا ئەڭ باتۇر! بىراق ھەرقانچە باتۇر- لۇقمۇ مېھىر - مۇھەببەت ئالدىدا بىر تۇتقۇن. ئېسىڭدە تۇت، ئې- تىقادىڭدىن يانما. تىرىشىپ بىلىم ئال. ئەقلىڭ بىلەن ئىش كۆر. ئاقىللار ۋە ئۇستازىڭ قايسى يولنى كۆرسەتسە، شۇ يولدا ماڭ! پە- قەت ۋە پەقەت ئادەمدەك ياشا.
▲ قىزىم —— سەن دۇنيادا ئەڭ چىرايلىق ۋە ئوماق سەن! سې- نىڭ نازلىنىپ تۇرۇشۇڭ، ئاناڭنىڭ ياش چاغلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئېسىڭدە تۇت، ھەقىقىي گۈزەللىك ئادەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بەل- كى يۇرىكىدە... دىلىڭ پاك بولمىسا، ياۋايىلارغا يەم بولىسەن! ھە- قىقىي قىممىتىڭ بىلەن ياشاي دېسەڭ، ئاناڭنىڭ ساڭا سىڭدۇرگەن ئەجرىدىن ئۆگەن. بىلىمنى، ئەدەپ - ئەخلاقنى دوست تۇت. ئۇنداق قىلمىساڭ مەڭگۈ پۇشايماندا قالىسەن.
▲ بالام، شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئادەم ئۇچۇن ئەڭ بىچارىلىك —— نادانلىق. ئەڭ ئېچىنىشلىقى —— كۇتۇپ تۇرۇش. ئەڭ كۈلكىلىك بولىدىغىنى —— ھاكاۋۇرلۇق. ھۆرمەتلەشكە ئەڭ ئەرزىيدىغىنى —— كۈرەش قىلىشتۇر.
▲ كىشىلىك تۇرمۇش شۇ قەدەر مۇرەككەپكى، بەزىدە ئالغا ئىنتىلىشىڭ زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە كارامىتىڭنى سەل - پەل

يىغىشتۇرۇۋېلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. بەزىدە كۆپچىلىك بىلەن قو-شۇلۇپ كېتىشىڭىز زۆرۈر بولىدۇ. بەزىدە ئۇن - تىنسىز يىگانە تۇ-رۇشۇڭىزغا توغرا كېلىدۇ، بەزىدە ئۆزئارا ئېلىشىشقا توغرا كېلىدۇ، بەزىدە ئۆزئارا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ، بەزىدە خىزمەت قىلىش زۆرۈر بولىدۇ، بەزىدە ئويۇن ئويناشقا ۋە يىغلاشقا توغرا كېلىدۇ، بەزىدە قاقاقلاپ كۈلۈشكە توغرا كېلىدۇ، بەزىدە پە-كىر قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە جىم بولۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بەزىدە ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ، بە-زىدە پۇرسەت كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ كىشىلىك تۇرمۇش. سەن پەقەت ئۆزۈڭگە ئىشەنگەن هالدا، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىيا-لىساڭلا قىلغان ئىشلىرىڭدا نەتىجە قازىنالايسەن.

▲ سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بولغانسېرى، تەقدىرىڭنىڭ ئۆز ئىلكىڭگە ئۆتىدىغان قىسمىمۇ شۇنچە زورىيىپ، سېنىڭ ئېرىشىدىغىنىڭمۇ شۇنچە مول بولىدۇ.

▲ بالام، دۇنيادا كەم - كوتىسىز، مۇكەممەل ئادەم ئەزەلدىن بولغان ئەمەس. ئەگەر سەن كۆزلىرىڭنى يوغان ئېچىپ باشقىلارغا قارايدىغان بولساڭ، قارشى تەرەپتە بىر مۇنچە نۇقسانلارنىڭ بارلى-قىنى بايقىيالايسەن؛ ئەگەر سەن شۇنداق ئۆلچەم ياكى شۇنداق تەلەپ بىلەن دوست تاپماقچى بولساڭ، تۇرمۇشقا نىسبەتەن چەكسىز ئۈ-مىدسىزلىك ئىچىدە قالىسەن. سېنىڭ زىيادە قۇسۇر ئىزدىشىڭ ۋە ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويۇشۇڭ ساڭا بىر دوست تۇتۇشقىمۇ ئىمكان بەرمەيدۇ. شۇڭا سەن تۇرمۇشقا بىر كۆزۈڭنى ئوچۇق قو-يۇپ، بىر كۆزۈڭنى يۇمۇپ قارىشىڭ كېرەك. بىر كۆزۈڭنى ئوچۇق قويۇشۇڭ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆپرەك كۆرۈش ئۈچۈن، بىر كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىشىڭ باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى ئازراق كۆرۈشۇڭ ئۈچۈندۇر. مۇشۇنداق قىلالىساڭلا، جاهاندارچىلىقنىڭ هۇزۇرىنى سۈرەلەيسەن.

▲ بالام، مەيلى سەن قانچىلىك قەيسەر بولغىن، قانچىلىك نە-

تىجەڭ بولسۇن، يەنىلا باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭگە تايى-نىشىڭ كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆزۈڭنىڭ مۇھىملىقىنى ساقلاپ قالالايسەن.

▲ بالام، ساغلام هايات بولغاندىلا، ئاندىن باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى ۋە يوشۇرۇن كۈچۈڭنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇنى ئەستە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، ھەر قانچە كۈچلۈك بولۇش-تىن قەتئىينەزەر يەنىلا ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى يۆلەش كېرەك. شۇ-نىڭدىلا كۈچنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئۆزى بىلگەن يولدا مېڭىۋەرسە ئاخىرى بېرىپ غۇلاپ چۈشىدۇ.

▲ بالام، ئادەم ھەر قانداق ئىشتا ئەستايىدىل بولمىسا بولماي-دۇ. ئەستايىدىل بولۇش كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بىر خىل پوزىتى-سىيە. ئىلىم تەھسىل قىلىشتا ئەستايىدىللىقنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. چوڭ ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدىمۇ ئەستايىدىل بولۇش كېرەك. بىر يولنى تاللىغان ئىكەنسەن، ئۇنىڭدا ئەستايى-دىللىق بىلەن مېڭىۋېرىدىغان بولساڭ، بارغانسېرى ھە-قىقەتكە يېقىنلىشىسەن.

▲ بالام، ئەزەلدىن تولۇق چۈشەنمەيدىغان، ئېنىق بىلمەيدىغان مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل بولۇپ كەتمە. ئەستايىدىل بولۇش سورۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئورۇن ۋە ئوبيېكتنى تاللىمايدىغان قاتمال ئەستايىدىللىق كۆپ ھاللاردا سېنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈ-شۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن پاسسىپ ھالدىكى كونترول-لۇققا دۇچ كېلىسەن.

▲ بالام، بۇ بىپايان دۇنيا تولىمۇ چىگىش، مۇرەككەپ. ئۇنىڭ-دىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىدىلا زىيادە تەكىتلەپ كېتىشكە بول-مايدۇ. ئادەم ھەممە ئىشلارغا ئەستايىدىل بولۇۋەرگەندە ئۆزى ئۇ-چۇن بىر قات توسۇقنى كۆپ قۇرۇپ، ئاسارەتنى كۆپەيتىۋالىدۇ.

▲ بالام، سەۋر ـ تاقەت بىر خىل كۈچ. ئۇ ئارقىلىق ئىرادىنى چېنىقتۇرغىلى، ياخشى مىجەز يېتىلدۈرگىلى، ئاچچىقنى كونترول

قىلغىلى، ھەسەتنى تۈگەتكىلى، مەغرۇرلۇقتىن ساقلانغىلى، تىلنى تىزگىنلىگىلى، قولنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. مۇۋاپىق پەيت يېتىپ كەلگەندە تېگىشلىك ھەققە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

▲ بالام، ھەر ۋاقىت ئۆزۈڭنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغىنىڭكى، ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەت سېنى مۇۋەپپەقىيەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. ھەر قېتىملىق خاتالىقنى تونۇش سېنى ھەقىقەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. ھەر قېتىملىق تەجرىبە ئارقىلىق خاتالىقنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. ھەر قېتىملىق پېشكەللىكنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەت يولىدىكى ۋاقىتلىق توسالغۇدىنلا ئىبارەت.

▲ بالام، ئەگەر سەن ئېجتىھات بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسەڭ، ئايرىم كىشىلەر سېنى باشقا غەرىزى بار، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەيدۇ، دەپ ئەيىبلەيدۇ. لېكىن، مەيلى، قانداق بولمىسۇن، ئېجتىھات بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىڭ كېرەك.

205 ▲ ئەگەر سەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ نام چىقارغان بولساڭ، بىر مۇنچە ساختا دوست ۋە ھەقىقىي دۈشمەنلەرنى جەلپ قىلىشتىن خالىي بولالمايسەن. لېكىن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭ كېرەك.

▲ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈللۈكىڭ سېنى ئاسانلا زىيانغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن. لېكىن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل بولۇشۇڭ كېرەك.

▲ ھاياتتا كۆڭلىگە يۈكسەك غايىلەرنى پۈتكەن ئۇلۇغ زاتلار بەزىدە چاكىنا، كالتە پەم كىشىلەر تەرىپىدىن خارلىققا دۇچار بولىدۇ. لېكىن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، سەن كۆڭلىڭگە يۈكسەك غايىلەرنى پۈكۈشۈڭ كېرەك.

▲ كىشىلەر كۆپ چاغلاردا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلارغا خەيرىخاھلىق قىلىسىمۇ، ئەمما دائىم دېگۈدەك ئامەتتى كەلگەنلەرگە يۈزلىنىدۇ. لېكىن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، سەن بىر قىسىم ئاجىزلارنى يۆلىشىڭ كېرەك.

▲ سىنىڭ كۆپ يىل سىڭدۈرگەن ئەجرىڭ بىر كۈندىلا ۋەيران بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، يەنىلا تىرىشىپ ئەجىر سىڭدۈرۈشۈڭ كېرەك.

▲ ئۆزۈڭنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىپ ئىنسانىيەتكە بەخت ياراتقىنىڭدا، سەن مۇشكۈل شارائىتتا چۈشۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن. لېكىن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، يەنىلا ئىنسانىيەتكە بارلىقىڭنى تەقدىم قىلىشىڭ كېرەك.

▲ بالام، يۈكسەك ئىرادىسى بولمىغان ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ھەمىشە بىقارار بولىدۇ. ئىككىلىنىش ئىچىدە قاراپ تۇرىدىغانلار ھەممىنى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە تەكرار ئويلىنىپ، بىر قارارغا كېلەلمەي پۇرسەتنى باشقىلارغا ئىككى قوللاپ ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇ دۆتلۈك، كالۋالىق قىلغان بولىدۇ. مەغرۇرلۇق سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولغان كىشى كۆپ ھاللاردا ۋاقىتلىق غەلىبىسىنى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبەم دەپ قاراپ قالغان كىشىدۇر.

▲ بالام، پەقەت ھەرىكەتنىڭ ئۆزىلا تۇرمۇشقا كۈچ - قۇۋۋەت، خۇشاللىق ۋە مەقسەت ئاتا قىلىدۇ. دۇنيا ئومۇمەن ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئادەمنىڭ قىممىتىنى بېكىتىدۇ. ئەگەر سەن ھەمىشە كۆزىتىپلا يۈرۈپ ھەرىكەت قىلمىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىقتىدارىنى، قىممىتىنى نامايان قىلالمايسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سەندە ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. بىلىشىڭ كېرەككى، ئىش - ھەرىكەت ۋە قايغۇ - ھەسرەت مەڭگۈ قارىمۇ قارشىدۇر. ئادەم ئىشلىگەنسېرى، ھەرىكەت قىلغانسېرى قابىل بولىدۇ.

▲ ئىرادىنى يېڭىلى بولمايدۇ، لېكىن ئىرادىسىزلىك ئادەمنى ھەر قانداق نەرسىنى يەيدىغان قىلىۋېتىدۇ.

▲ بالام، ئادەم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى پەقەت ئارزۇ - ئۈمىد ئىچىدىلا ئېنىق كۆرەلەيدۇ. سەن قانائەت ھاسىل قىلغان

چېغىڭدا ئۆزۈڭنى بەختلىك ھېسابلايسەن. بۇ چاغدا بەخت يەنە سەندىن يىراقلاپ كېتىدۇ. قىيىنچىلىق سېنىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇت-قۇچۇڭ. ئۇ ساڭا نەپرەتلىنىشنىلا ئۆگەتمەستىن، يەنە سۆيۈشنىمۇ ئۆگىتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ساڭا مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئوتتۇ-رىسىدىكى پەرقنى ئۆگىتىدۇ.

▲ بالام، ھۇزۇرلىنىش قىممىتى بەك يۇقىرى ياكى بەك گۈزەل نەرسىلەرنى ئىگىلىۋېلىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئادەملەرنىڭ تىراگې-دىيەسى دەل مۇشۇ نەرسىلەرگە قارىتا ناھايىتى كۈچلۈك ئىگىلە-ۋېلىش تاماسى بولغانلىقىدىن بولىدۇ.

▲ ئېتىقاد ساڭا قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەرمەي-دۇ. ئەمما، قانداق تۇرمۇشنىڭ كېرىكى يوقلۇقىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىدۇ.

▲ ئۈمىدۋار تۇرمۇش پوزىتسىيەسى سەن ئۈچۈن بايلىق ئېلىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆزى پۈتۈن ئۆمرۈڭدىكى ئەڭ زور بايلىقتۇر. شۇنى ئەستە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق ۋە بەخت تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش ۋە ئېچىشتىن كېلىدۇ.

▲ بالام، ھېچقانداق نەرسە مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. تۇرمۇشنىڭمۇ تەبىئەتكە ئوخشاش ئىللىق باھارى بولىدۇ. ئالتۇندەك كۈز پەسلى بولىدۇ. سەرەتان تومۇز ۋە قەھرىتان قىش كۈنلىرى بولىدۇ. ئامەت ۋە نەسلىكنىڭ ھېچقايسىسى ئۇزاققىچە داۋاملىشىۋەرمەيدۇ. شۇڭا خۇ-شاللىقتا مەپتۇن بولۇپ يۈرگەن «شاھزادىلەر»گە ھەۋەس قىلما. دەۋر ئېقىمى بىلەن زىتلىشىپ پالاكەت باسقان ئەخمەقلاردىنمۇ ئۆگەنمە.

▲ بالام، شۇنى ئەستە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، قۇياش پاتسا يەنە چىقىدۇ. بەختسىز كۈنلەرنىڭ ھامان چېكى بولىدۇ. ئىلگىرى شۇنداق بولغان، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. سېنىڭ تىرىشچاn-لىقىڭ، سەۋر ـ تاقىتىڭ ۋە پىلانىڭ ساڭا ئامەت ئېلىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزۈڭنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن يوشۇرۇن خەۋپنى

بايقاش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشقا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىشىڭ كېرەك.

▲ بالام، شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۆز خىزمىتىڭگە كۆ ـ ڭۈل بۆلمىگەن ھەر قانداق ئادەم غايە قەسىرىنى قۇرۇپ چىققان ئەمەس. سەن بىرەر خىزمەتنى ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن ئىشلىسەڭ ياكى مەجبۇرىي ئىشلىسەڭمۇ، ئادەمدەك ئىشلىسەڭمۇ ياكى ئات، كالىغا ئوخشاش ئىشلىسەڭمۇ، پەقەت سەنلا ئىشلىسەڭلا ئاز ـ تولا ئۇنۇمگە ئېرىشىسەن. ئادەم قىلالمايدىغان ھېچقانداق ئىش يوق. تىرىشىپ ئىشلەپ باشقىلار تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلىساڭ، ئەجرىڭنىڭ مېۋىسىنى لايىقىدا كۆرىسەن. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ نىڭ يولى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ تىرىشىپ ئىشلەش. ئەگەر سەن ئىش ـ لىگەن خىزمىتىڭدە نەيرەڭ ئىشلىتىشنىڭ كويىدا بولساڭ، ئۇنداقتا سېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنى پەقەت ئۈمۈرلۈك نامراتلىق ۋە ئېتىبارسىزلىق بولىدۇ. دۇنيادا شۇنداق بىر ئۆزگەرمەس قائىدە بار. ئۇ بولسىمۇ تۆلىگەن بەدەل قانچە ئاز بولسا ئېرىشكەن نەپمۇ شۇنچە ئاز بولىدۇ. 208

▲ ئېسىڭدە بولسۇن: 20 ياشتا چىرايلىق، 30 ياشتا ساغلام، 40 ياشتا باي، 50 ياشتا ئەقىللىك بولالمىساڭ، بۇ نەرسىلەرگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيسەن.

▲ بالام، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، مەغلۇبىيەت سېنىڭ بىر مەغلۇبىيەتچى ئىكەنلىكىڭنى كۆرسەتمەستىن، تېخى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقىڭنى كۆرسىتىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت ھېچقانداق ئىشنى قىلالمىغانلىقىڭنى كۆرسەت ـ مەستىن، بەلكى بىر بۆلۈك نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىڭنى كۆرسىتىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت دۆت ئىكەنلىكىڭنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى سېنىڭ تېخىمۇ ئەقىللىك بولۇپ كېتىشىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆر ـ سىتىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت ئابرۇيۇڭنىڭ تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى سەندە سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان يۈرەك بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت قىلالمايدىغانلىقىڭنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇل قوللىنىشىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت هاياتىڭنى ئىسراپ قىلىۋاتقانلىقىڭنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى هاياتىڭنىڭ تولۇقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت ۋاز كېچىشىڭنى بىلدۈرمەستىن، بەلكى تېخىمۇ تىرىشىشىڭنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت نىشانغا يېتەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلدۈرمەستىن، بەلكى سېنىڭ پۇرسەت كۈتۈشۈڭنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت مۇتەخەسسىس بولالمايدىغانلىقىڭنى بىلدۈرمەيدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مەغلۇبىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ شوتىسى قىلىشقا ماهىر بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

209

▲ بالام، سەن «ئۇنداقتا مەغلۇبىيەت دېگەن نېمە؟» دەپ سورىشىڭ مۇمكىن. شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، ھەقىقىي مەغلۇبىيەت دېگىنىمىز — چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن پايدىلىق تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلماستىن، كۈرەش ئىرادىسى ۋە مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشتۇر.

▲ — قانداق ئادەمنى ئەقىللىق دەيمىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئاۋام خەلق.

— يېتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان نىشانغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلانغان ئادەمنى ئەقىللىق دەيمىز ، — پەيلاسوپ. ئەقىللىق ئادەم دائىم ئەينەككە قاراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ مۇنداق پايدىسى بار: ئەگەر چىرايى كۆرۈمسىز بولسا، ئەينەك ئۇنى ھېچبولمىغاندا يامان ئىشلارنى قىلماسلىققا، يۈزىگە قارا سۈركىمەسلىككە ئۈندەيدۇ. ئەگەر چىرايى كېلىشكەن بولسا، ئەينەك ئۇنىڭ بولمىغۇر قىلىقلار بىلەن چىرايىغا داغ تەگكۈزمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

پەيلاسوپتىن سورىشىپتۇ ئۇلار:
— ئەڭ گۈزەل نەرسە نېمە؟
— ئادەم. چۈنكى ئۇ تەڭرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.
— ئەڭ تېز نەرسە نېمە؟
— ئەقىل. ئۇ ھەممە نەرسىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ.
— ھەممىدىن دانا نەرسىچۇ؟
— ۋاقىت. چۈنكى ۋاقىتلا ھەممە نەرسىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.
— ھەممە ئۈچۈن ئەڭ ئومۇمىي نەرسە نېمە؟
— ئۈمىد. چۈنكى ئۇ ھېچنەرسىسى يوقلاردىمۇ مەۋجۇتتۇر.
— ئەڭ كۈچلۈك نەرسە نېمە؟
— زۆرۈرىيەت. چۈنكى ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
— ئەڭ قىيىن نەرسە نېمە؟
— ئۆزىنى چۈشىنىش.
— ئەڭ ئاسان نەرسىچۇ؟
— باشقىلارغا نەسىھەت قىلىش.
— ...م ئەڭ بەختلىك؟
— تېنى، روھى ساغلام ھەم ئىستېداتى يۇقىرى ئادەم.
— بەختسىزلىككە بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى نېمە؟
— باشقىلارنىڭ سەندىنمۇ يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىغا گۇۋاھ بولۇش.

## خاتىمە ئورنىدا

### ئاتا ــ بىر تۇپ سۆيگۇ دەرىخى

ــ ياراتقۇچىنىڭ چىرىغى بارمۇ؟
ــ ئۇ ــ ئاتا.
ــ تۇپراقنىڭ يىلتىزى بارمۇ؟
ــ ئۇ ــ ئاتا.
ــ ئالەمنىڭ تۇۋرۇكى بارمۇ؟
ــ ئۇ ــ ئاتا.
ــ قۇياشنىڭ يۈرىكى بارمۇ؟
ــ ئۇ ــ ئاتا.

مۇزلىغان چاغلىرىڭدا ئۇ بىر باھار. ئىسسىغان چاغلىرىڭدا ئۇ سەلكىن شامالغا ئايلىنىپ سېنى سىيپايدۇ. ئۇ خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك تىنىم تاپماي سېنى سۆيۈپ تۇرىدۇ.

بالىلارنىڭ سۇرەنلىرىنى ئاتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىچىدە كۆرەلەيسىز. ئانىنىڭ بەختىنى ئاتا بېرىدۇ، بالىنىڭ بەختى ھەر ئىككىسىنىڭ قولىدا بولىدۇ؛ دادامنىڭ كىچىك سوۋغىتى ئىللىق تەبەسسۇم، بىز ئۇنىڭدىن چەكسىز ھوزۇر ئالىمىز. دادامنىڭ چوڭ سوۋغىتى ــ بۇيۈك سۆيگۇ، ئۇ، ئۇنى پۈتكۈل ئاۋامغا بېرىدۇ. ناۋادا ئاتىنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ قالىدىغان بولسا، ئائىلە ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالىدۇ.

ئوغۇزخاننىڭ قولىدىكى زۇلپىقارنى تۆمۈرچى سوققان، نوھنىڭ كېمىسىنى ياغاچچى ياسىغان، چىڭگىزخاننىڭ ئوقياسىنىمۇ ھۈنەرۋەن تەييارلىغان. ئۇلار دۇنياغا ئاتامان بولۇپ شانۇشەۋكەتلىك ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغاندا، تۈنجى بولۇپ ئەسلىگىنى ــ يەنە شۇ ئۇلۇغ ئاتا.

پەيلاسوپلار «ساپ يامانلىق قىلغان ئادەمنى سۆيۈپ قوي» دەيدۇ؛ دادام «زەھەرلىك يىلاننى تۇتۇپ سۆيگىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. جاھاندا تىرىشساڭ ھەممىنى قىلالىشىڭ ياكى ھەممە بولالىشىڭ مۇمكىن، تازا ئويلىساڭ، ھەقىقىي بىر ئۇلۇغ ئاتا بولماق نەقەدەر تەس - ھە؟ بىلەمسەن ئاتىنىڭ قەلبى ئازابلانسا، زېمىن كۆزىدىن قان ئاقىدۇ، ئانا ياش تۆكسە، ئاسمان ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايدۇ.

دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە يىپنىڭ بىر ئۇچى ئاتىنىڭ قولىدا، يەنە بىر ئۇچى ئانىنىڭ قولىدا بولىدۇ. يىپنىڭ ئۈزۈلۈشى «قىيامەت»نىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاتىنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى بۆشۈكىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىنىڭ چېھرىدە نامايان بولدى؛ ئاتىنىڭ ئىللىق كۈلۈمسىرىشى قىش قۇچىقىدا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان بالىنى ئويغاتتى.

زېمىن ئەڭ مۇلايىم ئاتا. ئۇ تەبىئەت، ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئېغىر ئازابلىرى ۋە سىلكىنىشلىرىگە جىمجىت بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

ئاتا قەلبىدە يۈكسەك ئېتىقاد بولسا، باللار ھەقىقىي يېتىلىدۇ. چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن يۈرىكىڭنى پاكىزلىمىساڭ، بالىلارنىڭ لەنىتىگە قالىسەن، باللار پاك يۈرەكنى سۆيىدۇ، چۈنكى ئۇلار دۇنياغا ئەڭ پاك، بىغۇبار تۆرەلگەن ..... بىپايان دېڭىزنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى باللارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرىدەك گۈزەل ھەم يېقىملىق ئەمەس.

بەخت توغرىسىدا سۆزلىگەنلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمەن. بىراق ئۇلار بەختكە تۇتىشىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرەلىگىنى يوق. ئەگەر ئۇلار كۆرسىتىپ بېرەلىگەندە، يۇمران باللار بىھۇدە يېتىم بولماس ئىدى. كوچىدا بۇردا نانغا زار بولغان تەلەيسىز بالىنىڭ گۆھەردەك كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش سىرغىماس ئىدى.

باغرىغا ئوق تەگكەن تۇپراقنىڭ ئۇنسىز قايغۇسىنى دېڭىز دولقۇنلىرى سۆزلەيدۇ، يارىلانغان قۇشنىڭ كۆز يېشى دەرەخ يوپۇرماقلىرىدا جىلۋە قىلىدۇ. ناۋادا بىر قۇش دەرىخىگە قونۇپ ناۋا قىد-

لىپ بەرسە، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشا؛ سەمىمىي بىر ئادەم ئىلىشكىنىڭ ئالدىدا سالام قىلىپ ئۆتسە، ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرامىڭنى بەر. بىلگىنىكى، ياخشىلىق زېمىنىنىڭ مول بايلىقىغا ئوخشايدۇ.

ناۋادا مەن زىمىستان قىشتىكى قار - مۇزنىڭ ئىچىدە، زۇلمەت كېچىدىكى قاباھەتلىك چۈش قوينىدا تۇرۇپ قالسامۇ، يەنىلا ھايات تۇرالايمەن، چۈنكى مەندە بۈيۈك ئېتىقاد، ئىشەنچ ۋە ھاياتقا بولغان چەكسىز سۆيگۈ - مۇھەببەت بار. بەزىدە شاد - خۇراملىقتا قاردىغاندا قىيىنچىلىق ۋە ئازابلىنىش كىشىنى كۆپرەك ئەقىل - پاراسەتكە ئېرىشتۈرۈپ قويىدۇ، ئۆزۈڭگە ئىشەن، ئوغلۇم، دادا بايقىيالمىغان نەرسىلەرنى بالا بايقىيالايدۇ.

قۇرام تاشنىڭ يۇرىكىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان زۇمرەت سۇ دېھقاننىڭ ئېتىزىنى سۆيۈپ ئارمىنىغا يېتىدۇ، يادىن ئېتىلغان ئوقنىڭمۇ نىشانى بار. بىر سۆزۈم بار: ئەي ئوغۇل، خاتىرجەم ياشاي دېسەڭ، ئاتا روھىغا داغ تەگكۈزمە. بىلەمسەن؟ يۈرەككە قورۇق چۈشمەيدۇ، ۋاھالەنكى يۈرەككە دەز كەتسە يەملىگىلى بولمايدۇ. ھايات مۇساپىسىدە ئۆزۈڭنى ئەڭ لىللا چۈشىنىدىغان، ئۆزۈڭنى ئەڭ پاكىز سۆيىدىغىنى يەنىلا ئۆزۈڭدۇر؛ ئاتا سەن ئۈچۈن مەدەتكار، پەقەت ئۆزۈڭگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچ، ساناقسىز تىرىشچانلىقلا سېنى ھەممىگە ئېرىشتۈرىدۇ. شۇنىڭدىلا سەن سامادىكى قۇشلاردەك ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا مۇيەسسەر بولالايسەن.

سەن ئۆز چىرىغىڭنى قوغدا، قاراڭغۇلۇقتا قالمايسەن. ئاتا — بۈيۈك بىر ۋەتەن. ئۇنى سۆي، ئۇ سېنى قوغدايدۇ؛ ئاتا بىر تۈپ سۆيگۈ دەرىخى، ئۆچمەس مەشئەل، ئۇ سېنىڭ يولۇڭغا مەڭگۈلۈك نۇر بېرىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

«بالىلار تەربىيەسىگە دائىر سوئال ـ جاۋابلار» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«بالىلار ۋە جىسمانىيەت» شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«بالىلار ۋە مەنىۋىيەت» شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2008 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«بالىلار تەربىيەسى ھەققىدە ھېكمەتلەر»، «بىلىم ھەققىدە ھېكمەتلەر»، «كىتاب ھەققىدە ھېكمەتلەر» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«ئوغلۇمغا قالدۇرۇلغان 66 نەسىھەت» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«ئەقىل ـ پاراسەت گۈلىستانى»، «بالدۇر بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار» شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«چاچرىغان چوغ» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«قىزىل تۈلكە» شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«مۇئەللىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ» شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «ھاياتلىق»، «تەرمىلەر» ژۇرناللىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
«ئىز»، «تەرمىلەر»، «شاخلان»، «كەلگۈسى»، «زىلتاش»، «دوختۇر»، «يېزا مەكتەپ پېدائىيلىرى»، «يۇرتىمىز» قاتارلىق تور بەتلىرى.

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿不都许库尔·伊敏
特约编辑：阿布来提·居马土谱热克
责任编辑：热娜·巴克
责任校对：阿丽亚·买买提
封面设计：吾不力卡斯木·艾买提
制　　版：买合巴·阿扎提

健康快车系列人生指南丛书

**父母与子女**（维吾尔文）

吾布力阿西木·卡斯木　编

---

新 疆 人 民 出 版 总 社
新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　7.25 印张
2013 年 5 月第 1 版　2013 年 5 月第 1 次印刷

---

ISBN978－7－5466－1300－0　（民文）　定价：22.00 元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : ئوبۇلقاسىم ئەمەت




- ھايات ھەقىقەتلىرى
- تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى
- يىگىتلەر ۋە مۇھەببەت
- قىزلار ۋە سۆيگۈ
- ئەرلەر ھەققىدە پاراڭلار
- ئاياللار ھەققىدە پاراڭلار
- ئاتا ـ ئانا ۋە بالا تەربىيەلەش
- ئادەم ۋە كېسەللىك


ISBN 978-7-5466-1300-0

9 787546 613000 >

定价：22.00 元